جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

# (1)

ھەرقانداق مەسىلىنىڭ جاۋابى بۇ يەردە:
ھەرقاندا ئادەم ئۈچۈن بىر ئىلھام;
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر ئۈچۈن بىر ئەندىزە.



MENTAL CHEMISTRY

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق (1)
جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



بۇ كىتاب ھەممىلا ئادەم ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس،
ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى مال تونۇيدىغانلارغا ۋە
كىتابنى تۆگىتىپ ئوقۇيالايدىغانلارغا مەنسۇپ.

- ھەربىر ئادەمدە بىباھا ئىقتىدار بولىدۇ. بۇ ئىقتىدار قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ھەمدە سىزنىڭ ئېچىشىڭىزنى، تەتبىقلىشىڭىزنى، ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزنى كۈتىدۇ. ھالبۇكى، «دۇنيادىكى ئاجايىپ پىسخىكىلىق ساۋاق» دېگەن بۇ كىتاب سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئۇرغۇتۇشىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇشلۇقتۇر.

- سىز باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ پۇل تاپالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئىقتىدارىڭىز باشقىلارغا يەتمەيدىغان ئادەم ئەمەسسىز، بەلكى شېرىن خىياللىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىمىگەنسىز.

- سىز مېڭىڭىزنى مەشقلەندۈرۈشىڭىز، زېھنىڭىزنى يىغىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى گۇمان، تەشۋىش ۋە قورقۇنچلارنى يوقىتىشىڭىز، ئارزۇيىڭىز بىلەن نىشانىڭىزنىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق بېكىتىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا سىز ئىچىڭىزدىكى مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەتنى تاپالايسىز ھەمدە مىسـ كۆرۈلمىگەن ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيسىز.

ISBN 978-7-80744-966-9
9 787807 449669

يەككە باھاسى
22 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە تارقىتىش

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

THE MASTER KEY SYSTEM

دۇنيادا ھەممىلا ئادەم موھتاج بولىدىغان ۋە تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ خىل نەرسە بار: ئۇ بولسىمۇ بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتتۇر.

ھەممە نەرسە مۇشۇ ئۈچىدىن ئايىنىپ چىققان، شۇ تاپتا سىز بايلىق، ساغلاملىق ۋە مۇھەببەتكە نائىل بولۇۋاتىسىز. مەن ئاغزىمغا كەلگىنىچە ماختايدىغانلاردىن ئەمەس... شۇڭا دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدىكى يوللىرىمدا مەن ئۇچراتقان ئەڭ قالتىس ئەسەر. ئەجەبا ئۇ سىز ئۈچۈن مۇھىم ئەمەسمۇ؟

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

چارلس خانايىر [ئامېرىكا]

# دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق

# (1)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىدرىس نۇرۇللا



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

世界上最神奇的 24 堂课 ：维吾尔文/(美)哈奈尔著，福源汉译；伊得力斯·奴如拉维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，2010. 3
(中外名作欣赏)
ISBN 978-7-80744-966-9

Ⅰ. ①世… Ⅱ. ①哈… ②福… ③伊… Ⅲ. ①成功心理学—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①B848. 4-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 041857 号

丛 书 名　中外名作欣赏
书　　名　世界上最神奇的 24 堂课 (上)
作　　者　查尔斯·哈奈尔[美国]
译　　者　伊得力斯·奴如拉
策　　划　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
特约编辑　艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任校对　买哈巴·买买提
特约编辑　阿布都热依木·阿不力米提
封面设计　祖里喀尔设计
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
电　　话　0991-8888763
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　乌鲁木齐昊坤彩印有限公司
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　9.25
版　　次　2010 年 3 月第 1 版
印　　次　2011 年 5 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-966-9
总 定 价　56.00 元 (全三册)

## تونۇشتۇرۇش : سىرلىق
## كۈچ - قۇدرەت

بىپايان تارىخ ئېقىنىدا كۆللى مەۋجۇدات تېز سۈرئەتتە ئاقىدۇ . بىز مەيلى قانچىلىك تەشنا بولايلى ، ۋاقىت مەڭگۈ مەلۇم بىر كىشى ئۈچۈن توختاپ بەرمەيدۇ . ئىدىيەسى بار ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مىنىشچان ، ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ ، بەلكى قىسقىغىنا كىشىلىك ھاياتىدا ئامال بار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ، ئۆزىنى مۇكەممەلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ ، ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بۇنداق ئىنتىلىشنى توختاتمايدۇ .

بۇنداق يۇقىرى ئۆرلەش ۋە مۇكەممەللىشىش ئىقتىدارى مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا قولغا كېلىدۇ ؛ ئۆزىنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتىش ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى ھەم ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلىدۇ . ئۆزگەرتىشتىكى ئاچقۇچ ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى قانداق قوزغىتىش ، ئىجادچانلىقىنى قانداق ئۆزگەرتىشتە . ئىجادچانلىق دەل دۇنيادىكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچىدۇر .

ئۇزۇن مەزگىللىك شەيئىلەر تەرەققىيات تارىخىدا ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە تەپەككۇر قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ كەلدى . ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇللىرى مول بولۇپ ، ھەممىنى ئۆز ئىچە-

گە ئالىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئىچىدە بىر خىل ئالغىرقى چەك قانۇنىيە-
تى بار، ئۇ شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ئۇچۇرلىرىنى بايان قىلماي،
شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئىنسانلار-
نىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى قوزغىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقىقىتىنى
تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ «دۇنيا-
دىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» سىستېمىسىدۇر.

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» سىستېمىسىنىڭ ھاياتىي
كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت ئىشكىنى
ئېچىپ، بىزنى كونا قائىدىلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشقا چوڭقۇر قاتلام-
لاردىن يېتەكلەپ، تەپەككۇر شەكلىمىزنى يېڭىلاپ، ئىجادچانلىقى-
مىزنى ئۇرغۇتۇپ، نىشانغا يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل ئىجادىيەت كۈچى
بولغاچقا، بىزنىڭ تەرەققىيات بۇلىقىمىز قۇرۇپ قالمىدى.

ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەربىر قېتىملىق سىناق مەيلى
ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق بولسۇن ياكى مەغلۇبىيەتلىك سىناق
بولسۇن، ئۆز ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا بولىدۇ. شۇڭا،
ئىدىيەنىڭ كۈچى دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك كۈچ-
تۇر. ئىنسانلار بۇ خىل كۈچنى ياخشى ئىشلىتىپ، ئەگرى -
توقايلىق ئىچىدە ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىزنىڭ دۇنيايىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتى-
دۇ. «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» بىزگە مانا مۇشۇنداق بىر
كۈچنى تۇتقۇزدى، قانداق قىلغاندا بۇ كۈچنى دەل جايىدا ئىشلىتەك-
لى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا قۇرۇش خاراكتېرىدە، ئىجادچان خا-
راكتېردە ئىشلەتكىلى بولىدۇ — مانا بۇ مەزكۇر كىتابنىڭ ئەڭ
قىممەتلىك يېرى.

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» تە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار 24 بۆلەككە ، يەنى 24 ساۋاققا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرگە ھەر ھەپتىدە بىر ساۋاقنى ئۆگىنىپ ، 24 ھەپتىدە تاماملاشنى تەۋسىيە قىلىمىز . كىتابتىكى ھەربىر مەزمۇن ھېكمەتكە تولغان ، ھەربىر ساۋاق بىزنىڭ بىر ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىنچىكە كۆزىتىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ . بىز ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ، ئامىبىاب ئوقۇشلۇقلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپلا بولدى قىلماسلىقىمىز كېرەك . بۇنىڭ بىلەن بىز تېخىمۇ كۆپ ھېس - تۇيغۇ ۋە نەپكە ئېرىشەلەيمىز .

بىز «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» نى ئەستايىدىل ئوقۇسىڭىز ، قوللانسىڭىزلا ، خاراكتېرىڭىز تېخىمۇ ئۇلۇغ ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر بولىدۇ ، قالتىس كۈچ - قۇدرەتلەرگە ئېرىشىپ ، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز ، نەزەر دائىرىڭىزنى كېڭەيتىپ ، قورسىقىڭىزدىكى ئۈمىچىڭىزنى كۆپەيتەلەيسىز ، غايىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يازالايسىز .

—F. H. بورجىس

www.uyghurkitap.com

[illegible]

[illegible]

# ئاپتوردىن

«ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر»، بۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر تەشەببۇس قىلىدىغان گەپ، شۇنداقلا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىشىنىدىغان بىر خىل ئەقىدە. ھالبۇكى، ئادەم باراۋەر بولمايدۇ، گەرچە ئاتا - ئانىسى بۇ دۇنياغا ئەكەلسىمۇ، جىسمانىي قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى، ئېڭىدا ئىنتايىن زور پەرق بولىدۇ. بۇ پەرقنى سىرتقى قىياپەتكە قاراپ بىلگىلى بولمىسىمۇ، مانا مۇشۇ پەرق مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت، بايلىق ۋە نامراتلىق، ئۇلۇغلۇق ۋە چاكىنىلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

مەغلۇپ بولغۇچىلار ھەمىشە ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنىدۇ، دائىم ئۆز مەغلۇبىيىتىگە باھانە ئىزدەيدۇ، بەخت ئىلاھى ئۆزى تەرەپتە تۇرغان بولسا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك، نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلارمۇ ھەمىشە ئۆز تەقدىرىنىڭ كاجلىقىدىن ئاھ ئۇرىدۇ، پۇلى بارلارنى تۇغما تەلەيلىك دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ پۇلى بولغان بولسا تېخىمۇ باياشات ياشايدىغانلىقىنى خام خىيال قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلۇغلۇق بىلەن چاكىنىلىقنىڭ ئاساسلىق پەرقى قاۋۇل، ساغلام بەدەنگە ئىگە بولۇش - بولماسلىقتا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ۋە روھىدا، ئادەمنىڭ نىيىتىدە. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ چوقۇم جىسمانىيىتى قاۋۇل كىشىلەر بولسا بولاتتى.

ئۇزۇن كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە، نىيەت بىزنى مۇھىتتىن ھالقىتىپ، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كەلتۈرىدۇ. ئەگەر بىز ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتسەك، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇداتلار مۇرەككەپ بولماستىن، مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغان بولىدۇ. خۇددى ماددىي دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىمۇ قانۇنىيەت مەۋجۇت. تۇرلۇك قانۇنىيەتلەر ئىزچىل ھالدا بىزنىڭ ئەخلاق دۇنيايىمىز ۋە مەنىۋى دۇنيايىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

ھەرقاچان ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ ئىدىيەمىز ئېنېرگىيە ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى، تاشقى ياردەمگە تايانساق ئاجىزلىشىپ كېتىمىز، ئەگەر خالىسىڭىزلا باشقىلارنىڭ ياردىمىگىلا ئېرىشىدىغان بىچارە بولماي، باشقىلارغا ياردەم قىلالايدىغان غالىبقا ئايلىنالايسىز. ئۆزىنى تېز سۈرئەتتە تەڭشەپ، قەددىنى رۇسلاپ، ئىككىلەنمەي ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ، مۆجىزە يارىتىش كېرەك. مۇشۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلغاندىلا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ قانۇنىيەتكە ئېرىشكەندىلا توغرا نەتىجىگە ئېرىشىپ، نۇقساندىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

ئەكسىچە، سىز بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزۈشنى ئىنكار قىلسىڭىز ھەممىدە قوبۇل قىلىشنى رەت قىلسىڭىز، ئەگەر بۇ يېڭى ئۇلۇغ ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىنى ئىگىلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلالمىسىڭىز ۋە بۇ سىرلىق تەجرىبىلەردىن پايدىلىنالمىسىڭىز، شۇھامان ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىڭىزدا چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۆزىڭىزنىڭ كەينىدە قالدۇرۇلۇۋاتقانلىقىڭىزنى بايقايسىز. بايلىققا ئېرىشىش دەل «بايلىق قانۇنىيىتى» گە بولغان تونۇشقا تايىنىدۇ. جۇملىدىن، «بايلىق قانۇنىيىتى» نى تونۇغان، ھۆرمەت قىلغان ئادەم ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

«قانداق دەرەخ تىكسەك شۇنداق مېۋە بېرىدۇ»، تەبىئەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتى ئادەم مېڭىسىگىمۇ باب كېلىدۇ. خۇددى ھېچقانچە كۈچىمەيلا يارىتقان ئاكتىپ شارائىت سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا ياردەم بەرگەندەك، سىز مەقسەتسىز ھالدا تۇرلۇك يوقسۇزلۇق، چەكلىمە ۋە قالايمىقانچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا،

مېڭگىنزمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى ئاسان پاسسىپ شەرتلەرنى ئىجاد قىلىپ سىزنى مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئىتتىرىدۇ .

ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ، ئۆزىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچان ھەم يېتەرلىك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە دەپ قارىغۇچىلىقا ھەرگىز بولمايدۇ . ئىختىيارسىز ھالدا پايدىسىز شارائىت يارىتىپ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە مېڭىشىغا توسالغۇ بولۇشمۇ باشقا ھەرقاندا قانۇنىيەتلەرگە ئوخشايدىغان بىر خىل قانۇنىيەت . ئۇ مەڭگۈ توختىماي ھەرىكەت قىلىپ ، يۈز - خاتىر قىلماي ، قەتئىيلىك بىلەن ھەركىمنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارغا جاۋاب بېرىدۇ ، بۇ قانۇنىيەت ھەرگىزمۇ ئادەمگە قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ . بۇگۈنكى جەمئىيەتتە ئىلىم - پەن روھى ھەرقايسى ساھەلەرگە تەتبىقلىنىدۇ ، كىشىلەر ئەمدى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە سەل قارىسا بولمايدۇ . كىشىلەر «نەتىجىسى بار ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى بىلىپ كەتتى ، شۇڭا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىرادە - نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولسا ئۇنى يارىتىشقا كېتىدىغان مۇقەررەر شەرتلەرنى ئۈمىد قىلىدۇ .

قانۇنىيەت ئېنىق بولمايدۇ ، بەلكى تۈرلۈك ھادىسىلەر ۋە ساختا كۆرۈنۈشلەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ ، كۆپ مىقداردىكى باشقا ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ياكى ئۇلارنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرىنى تاپقاندا ئاندىن قانۇنىيەتنى بايقىغىلى بولىدۇ ، بىز بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە دەيمىز . قانۇنىيەتنىڭ بايقىلىشى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى تايىنى يوق سەۋەبلەرنى يوقىتىپ ، پىرىنسىپ ، ئەقلىي خۇلاسە ۋە ئېنىقلىقنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ .

ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە ئەڭ ئىلمىي مېتود بولۇپ ، مەدەنىيلىك ، گۈللەپ ياشناش ، ئىلمىيلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى ، ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشى ، ئازابنىڭ ئازىيىشى ، دەريا - دېڭىزلاردىن ھالقىش ، نەزەر دائىرىنىڭ كېڭىيىشى ، ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى ، ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش ، ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇش ، دېڭىز تەكتىگە شۇڭغۇش قاتار-

لىق نەتىجىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە چىقىرى-
دىغان تەپەككۇر شەكلىدىن كېلىدۇ ، بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز نەتى-
جىلەرنى تۈرگە ئايرىشتىن ئىبارەت ، خالاس .

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» سىستېمىسى مۇتلەق ئىلمىي
ھەقىقەت بولۇپ ، مەنىۋى خۇسۇسىيەتلەردىكى ئاكتىپلىق ۋە ئېتىقا-
دارلاردىن قانداق قىلغاندا توغرا پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ،
شۇنداقلا قانداق قىلغاندا تەسەۋۋۇر كۈچى ، ئارزۇ - ئىستەك ،
ھېسسىيات ۋە سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىنى توغرا ئىش-
لىتىپ ، شەخسنىڭ ھاياتلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جانلاندۇرۇپ ،
ئادەمنى ماغدۇرلۇق ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى ئېنىق كۆرىدىغان ،
تۈرگۈن ، قەددىنى پۈكمەس قىلىپ ، ئادەمنىڭ ئۇنۇمدارلىقى ۋە
ئىقتىدارىنى نەپكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى سىستېمىلىق
بايان قىلىدۇ . مەن قىلىشنى ئەڭ خالايدىغان ئىش شۇكى ، سىزگە
پۈرسەتنى تونۇشنى ئۆگىتىپ ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارى-
ڭىزنى كۈچەيتىپ ئىرادىڭىزنى مۇستەھكەملەپ ، سىزگە ئۆزىڭىز
تاللىغان ئەقىل - پاراسەتنى ئاتا قىلىپ ، ئەقلىي ھېسداشلىق
قىلىپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرىلىتىپ ، قەتئىي بوشاش-
ماسلىق روھىغا ئىگە قىلىپ ، قانداق قىلغاندا يۇقىرى سۈپەتلىك
تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىشتۇر .

مەن جاھانكەزدى ئەمەس ، گىپنوزنىمۇ ، سېھىرگەرلىكنىمۇ
ئۇقمايمەن . «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» سىستېمىسىنىڭ
مەقسىتىمۇ ئادەمنى بىرپەس قايمۇقتۇرىدىغان ئالدامچىلىق ۋاسىتى-
سىنى قوللىنىپ ، ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى باغلاپ ، ئۇلارنى
خاتا يولغا يېتەكلەش ئەمەس . ئۇ سىلەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن
ياكى بۇزمىلانغان مەھسۇلاتلارنى ئەمەس ، بەلكى مەنىۋى كۈچ -
قۇدرەتنى — پەقەت ھەقىقىي مەنىۋى كۈچ - قۇدرەتنىلا ئىشلى-
تىشنى ئۆگەتمەكچى . شۇڭا ، مەن «ئەجىر قىلساڭ ئېرىشىسەن»
دېگەن ھېكمەتكە قەتئىي ئىشىنىمەن ، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەر بىلەن
بىرلىكتە بۇ ھەقىقەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى

خالايمەن..

مەنىۋى قۇدرەت ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە، ئۇ سىزدىكى ئىقتىدارنى ئۆزىڭىز ئۇچۇن ئىجادىيەت قىلدۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەرسىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلدۇرمايدۇ. تەبىئەت ئەزەلدىن بۇ ھەرىكەتكە پەرۋا قىلمايدۇ. خۇددى تەبىئەت بىر تال يوپۇرماق بار جايدىن بىر ئورماننى يېتىلدۈرگەنگە ئوخشاش، مەنىۋىيەتنىڭ قۇدرىتىمۇ ئىنسانلارنى شۇنداق قىلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئەگەر سىز پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن مەنىۋى قۇدرىتىڭىزنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئاچسىڭىز، ئۇ ھەرگىزمۇ سىزنى داغدا قويمايدۇ، ئۇ باشقىلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزگە سەمە بولۇشقا ئۈندەيدۇ، چۈنكى ئۇ باشقىلارنى تەبىئىي ھالدا سىزنى كۈچ - قۇدرەتكە تولغان، خاراكتېرى ياخشى ئادەم ئىكەن، دەپ قارايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ.

مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بولۇش سىزنىڭ تەبىئەتنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ھېس قىلىپ، ئۇلۇغ تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ؛ سىزنىڭ پۈتمەس - تۈگمەس كۈچ - قۇدرەت بۇلىقىغا ئىگە بولغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ؛ سىزنىڭ جەلپكارلىقىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەنلىكىڭىز، ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ قانۇنىيىتى ھەم ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سودا ئالاقىسىدە مەۋجۇت بولۇشتا تايىنىدىغان پىسخىكىلىق پىرىنسىپىنى چۈشەنگەنلىكىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەنىۋى قۇدرەت يەنە غايەت زور ماگنىتقا ئوخشاش ئۆز سېھرىي كۈچىڭىز بىلەن ئەتراپىڭىكى ئادەم ۋە شەيئىلەرنى تارتىپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەلەيلىك ئەركە بولغانلىقىڭىز، ئارزۇيىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئالتۇن بارماقلارغا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ زوقى كېلىدىغان ئادەمگە ئايلانغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشسا، ئۆزىنى كونترول قىلىپ، دائىم ساغلاملىققا ئىگە بولالايدۇ؛ ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاشسا كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلىدۇ ؛ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پۇرسەت ۋە قىيىنچىلىقنى بەش قولدەك بىلىش ئادەمنى ئۆزىگە يېقىنلا كەپقالغان پۇرسەتنى تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ سانسىز قىز - ئوغۇللار، قىرى - ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇ ئېنىق پىرىنسىپ ئارقىلىق تەۋرىنىشچان، ئېنىقسىز ئۇسۇللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، ھەربىر ئۇنۇملۇك سىستېما مۇشۇ پىرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىدار، شۇنىڭدەك ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى سودىگەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ماھىيەت، بىزنىڭ زور سەھىپە ئارقىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىزنىڭ مەقسىتى ۋە جەۋھىرى مانا مۇشۇ يەردە.

كۆزىتىش ئىقتىدارى ئادەمنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ماھىيەتنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ شۈبھى، چۈشكۈنلۈك، ۋەھىمە، مەيۈسلۈك قاتارلىق تۈرلۈك ئاجىزلىقلارنى يوقىتىپ، چەكلىمىنى بۆسۈپ، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلايدۇ؛ ئۇ چوڭقۇر ئويقۇغا غەرق بولغان تالانتنى ئويغىتىدۇ، ئۇ سىزگە دادىللىق ۋە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ، سىزنى پائال ئالغا باستۇرۇپ، مەنۋىيىتىڭىزنى ئۇلغايتىدۇ؛ ئۇ سىزنىڭ سەنئەت، ئەدەبىيات، ئىلىم - پەننىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ئويغىتىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، دائىم سان - ساناقسىز كىشىلەر مەڭگۈ ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن ۋايىم يەپ، ئەڭ ئاخىر چاچلىرى ئاقىرىپ، قۇرۇق قول پېتى قالىدۇ، كۆز ئالدىدىكى پۇرسەتنى تولىمۇ يىراقتا دەپ قارىۋېلىپ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇردىسىگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ. «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» تا بايان قىلىنغان سىستېما ئادەمنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئېچىپ، مۇستەقىللىقنى كۈچەيتىپ، سىزنى يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە قىلىپ، ئىقتىدارىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

«نۇرغۇن چوڭ تېپتىكى كارخانىلاردىكى مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىس، كۇرس مۇئەللىملىرى قاتارلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە

ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئەلۋەتتە كەم بولسا بولمايدۇ ، ئەمما مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى ، توغرا پرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە قوللىنىش تېخىمۇ مۇھىم» . مانا بۇ ئامېرىكا پولات - تۆمۈر گورۇھىنىڭ باش لىدېرى ئېلبېرت گاررىنىڭ مەشھۇر سۆزى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى .

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» نىڭ مەقسىتى كىشىلەرگە توغرا پرىنسىپلارنى ئۆگىتىش ، ھەرگىزمۇ ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ تۈردىكى باشقا ئۆگىنىش دەرسلىكلىرىدىكى تەلىملەرنى بېرىش ئەمەس ، چۈنكى بۇنداق نەرسىلەر بەك كۆپ بولۇپ كەتتى . ئۇ مۇشۇ پرىنسىپلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ ، ئۇلارغا شۇنى بىلدۈرگۈچىدۇر . خېلى بىر تۈركۈم ئادەملەر كۆپ بويى قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇيدۇ ، لېكسىيە تىڭشايدۇ . ۋاھالەنكى ، بۇ نەزەرىيەلەر ئۇلارنى بىر ئۆمۈر ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بارلىق پرىنسىپلار كىتاب سەھىپىسىدىكى چېغىدا ھېچنېمە ئەمەس ، پەقەت ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى ۋە سېھرىي كۈچى گەۋدىلىنىدۇ . پەقەت كىتابتا سۆزلەنگەن سىستېما ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇل ئارقىلىق يېتىلگەن پرىنسىپلارنى ئىسپاتلاپ ، ئۇنى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمىز ئارقىلىق كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا روياپقا چىقارساقلا ، ئاندىن ئەڭ ئاقىلانە ئىش بولىدۇ .

ھەممە نەرسە ئۆزگىرىۋاتىدۇ ، ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىلەرمۇ ئۆزگەرمەكتە . دۇنيادىكى بارلىق ئىدىيە ، كۆزقاراشلار ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىزنىڭ يېنىمىزدىلا يۈز بېرىپ ، بىدئەتلىك يوقالغاندىن بۇيان دۇنيا باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ زور ئىدىيەۋى ئۆزگىرىش بولۇپ قالماقتا .

جانلىقلار دۇنياسىغا كىرسىڭىز ، ھەممە نەرسىنىڭ ئاقار جىسىم ھالىتىدە ، مەڭگۈ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى ، مەڭگۈ يارىتىلىۋاتقانلىقى ، قايتا يارىلىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز . مىنېرال دۇنيادا ھەممە

نەرسە مۇقىم ، ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدىغاندەك قىلىشىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇلاردا ئۈزلۈكسىز ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە . ھەربىر ساھە ھامان بارغانسېرى گۈزەللىشىپ ، شەكىللىكتىن شەكىلسىزلىككە ، قوپاللىقتىن سىپتىلىققا ، تۆۋەن دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئاڭغا ئۆزگەرمەكتە . بىز شەكىلسىز دۇنياغا كىرگەندە ، ئىنېرگىيەنىڭ ئەڭ ساپ ، ئەڭ جانلىق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بايقايمىز ؛ ئۇ ھەرقاچان قوزغىتىلىشقا تەييار تۇرىدۇ .

مەيلى نېگىرلار ياكى ئاق تەنلىكلەر بولسۇن ، مەيلى نامراتلار ياكى بايلار بولسۇن ، مەيلى خىرىستىيان مۇرىتلىرى ياكى كاتولىك مۇرىتلىرى بولسۇن ؛ مەيلى يۇقىرى قاتلامدىكى ئەڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر توپى ياكى تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەر بولسۇن ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ بىر مەيدان مىسلىسىز ئىنقىلاب بارلىق كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتمەكتە . لېكىن ، بەزىلەر بۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇسا ، بەزىلەر بىخۇد يۈرۈۋاتىدۇ .

ئۇزۇن مۇددەت ئەنئەنە تەرىپىدىن باغلانغان كىشىلەر بارلىق ئىسكەنجىدىن قۇتۇلدى ، يېڭى مەدەنىيەت نەزىرى ، ئىشەنچى ۋە مۇلازىمىتىگە ۋاكالىتەن كونا ئۆرپ - ئادەت ، دىنىي ئەقىدە ، ياۋۇزلۇق قاتارلىق بارلىق چىرىك ، زامانىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى . بۈگۈنكى كۈندىكى ئىلمىي بايقاشلار ھەددى - ھېسابسىز ، نۇرغۇن بايلىق مەنبەلىرى ، سان - ساناقسىز ئىمكانىيەتلەر ئاشكارىلاندى ، كىشىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن كۈچ - قۇدرەتلەر بايقالدى . ئالىملارنىڭ مەلۇم بىر خىل نەزەرىيەنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى شۈبھىسىز دەپ تەرىپلىشى قىيىنلاشتى ؛ شۇنىڭدەك ، مەلۇم بىر خىل نەزەرىيەنى بىمەنىلىك ، مۇمكىن بولمايدۇ دەپ ئىنكار قىلىشنىڭمۇ ئىمكانىيىتى قالمىدى .

20 - ئەسىر مىسلىسىز شانلىق ئەسىر ، ئۇ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ پارلاق ماددىي ئىلگىرىلەشلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ، 21 -

ئەسىرىدە يەنە مۆجىزىلەر يۈز بېرىپ، مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە روھىي كۈچ ـ قۇدرەتكە تېخىمۇ ئۇلۇغ ئىلگىرىلەشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. قەلبىمىزدىن چىققان پۈتۈنلەي يېڭى كۈچ ـ قۇدرەت ھەم ئاڭ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان ئىرادە ۋە قارار بىلەن سۈت ئۇيقۇسىدا ياتقان دۇنيانى ئويغاتماقتا، شۇنداقلا بىزنى ئىچكى دۇنيايىمىزغا يېڭىباشتىن تەپسىلىي نەزەر سالدۇرماقتا.

مولېكۇلادىن ئاتومغىچە، ئاتومدىن كۇۋانتقىچە دۇنيادىكى بارلىق شەكىللىك جىسىملار كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ، ئەڭ يۇقىرى چەككە ئاپىرىلدى، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كىشىلەر ئېنىق كۆردى. شۇڭا، ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز مەنىۋىيەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، مەنىۋىيەتنىڭ كۇۋانتىنى تېپىشتۇر. «ئېنېرگىيەنىڭ ئاخىرقى چەك ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىز تىلغا ئالىدىغان ‹مەنىۋىيەت›، ياكى ‹ئىرادە› نىڭ بىۋاسىتە ھەرىكىتىنى ئىپادىلىگەندە، ئاندىن بىز ئۇنى چۈشەنگەن بولىمىز» دەيدۇ ماركىز ئانبولۇس فىلەيمىن.

تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ نېمە؟ تەبىئەتتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ شەكىلسىز كۈچ ـ قۇدرەتتۇر. شۇنىڭدەك، ئىنسانىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچى مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتتۇر، گەرچە ئۇ شەكىلسىز، ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەتتە بولسىمۇ. تەپەككۇر مەنىۋىيەت جەريانىدىكى بىردىنبىر پائالىيەت شەكلى، كۆزقاراش تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ بىردىنبىر مەھسۇلى. مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت نامايان بولىدىغان بىردىنبىر يول تەپەككۇر جەريانىدۇر.

شۇڭا، دۇنيادىكى تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىشلەر مەنىۋى ئىشلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەقلىي خۇلاسە مەنىۋىيەت جەريانى؛ كۆزقاراش مەنىۋىيەتنىڭ ھامىيلىسى؛ مەسىلە، ئەمەلىيەتتە مەنىۋىيەت چىرىغى يېقىش ۋە لوگىكا؛ مۇنازىرە ۋە پەلسەپە بولسا، مەنىۋىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئورگانىزمدۇر.

مەلۇم بىر باش تېمىغا نىسبەتەن، بەلگىلىك مىقداردىكى ئوي-

لىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىنىڭ تەركىبىدە تەلتۆكۈس ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئويلىنىش بولسا چوقۇم ھاياتلىق ئورگانىزمىنىڭ مەلۇم تەشكىل قىلغۇچى ماددىلىرىدا ئىنكاس پەيدا بولىدۇ، مەسىلەن، چوڭ مېڭە، نېرۋا، مۇسكۇل قاتارلىقلاردا. بۇ ئورگانىزمنى تەشكىل قىلغۇچى ئوبيېكتىپ ماددىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

جاسارەت، كۈچ - قۇۋۋەت، ئىلھام، ماسلىشىشچانلىق ئەسلىدىكى مەغلۇبىيەت، ئۈمىدسىزلىك، پېتەرسىزلىك، چەكلىمە ۋە قالايمىقان ئاۋازلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئاستا - ئاستا قەلبكە يىلتىز تارتسا، جىسمانىي تەركىبىتىمۇ بۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، شەخسنىڭ ھاياتى يېڭىباشتىن جۇلالىنىپ، كونا ئىشلار يوقىلىپ، كۆللى شەيئىلەردە يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىز يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىسىز. بۇ، مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانىدۇر. بۇ، مەنىۋىيەتنىڭ بىر قېتىم قايتا تۇغۇلۇشى بولۇپ، ھاياتلىق مۇشۇ سەۋەبتىن يېڭى مەنىگە ئىگە بولىدۇ، ھاياتلىق قايتا يارىلىپ، خۇشاللىق، ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ئىدىيەنىڭ رولىنى مانا مۇشۇنداق ئاددىي جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىتىڭىز، سەرگۈزەشتىڭىز ۋە تاشقى شارائىتنى ئۆزگەرتىسىز.

نۆۋەتتە، زۇلمەت ئىچىدە ئىزدىنىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، ئەمدى مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى كۆرۈپ، يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى بايقايسىز، گەرچە بۇ ئىمكانىيەتلەر ھازىرچە سىزگە نىسبەتەن قىلچە ئەھمىيىتى يوق بولسىمۇ، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئويىغا تولۇپ، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلار سىزنىڭ ئىلگىرىلىشىڭىز ۋە يۈكسىلىشىڭىزگە ياردەم قىلىدۇ. سىز يېڭى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمراھقا ئىگە بولىسىز، بۇ سىزنىڭ تاشقى مۇھىتىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئاۋادا، تارىخنى 100 يىل كەينىگە چېكىندۈرىدىغان بولساق،

ئۇ چاغدىكى كىشىلەر شۇقەدەر ئاجىز ۋە كۈچسىز ئىدى. يەنى ھازىرقى زاماندىكى پىلوموت بىلەن ھېچ كۈچىمەيلا ئەينى چاغدىكى تولۇق قوراللانغان چوڭ قوشۇن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قوشۇننى ۋەيران قىلىۋەتكىلى بولاتتى. شۇڭا، ئەگەر سىز ئېرىشىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، مەنسىتمەسلىكتىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، شۇنىڭغا ئىشىنىڭ ھەم ئالدىنئالا ياخشى تەييارلىق قىلىڭكى، گۈزەل ھەم سىرلىق، ئادەمنى مەستخۇش قىلىدىغان، بىپايانلىقتا ھەتتا سىزنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان يېڭى بىر كۈن، يېڭى بىر دۇنيا ھامان يېتىپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

1 ـ ساۋاق : ئىچكى دۇنيا ، غايەت زور كۈچ ...... 1
2 ـ ساۋاق : ئادەتنىڭ مەنبەسى — يوشۇرۇن ئاڭ ...... 12
3 ـ ساۋاق : تاشقى دۇنيادىن ياردەم تىلەش بىھاجەت ، ئۆزىڭىزلا ئەڭ قۇدرەتلىك ...... 23
4 ـ ساۋاق : سىز ھەرقانداق بىر تۇردىكى ئادەمگە ئايلىنالايسىز ...... 34
5 ـ ساۋاق : سەمىمىي ئۈمىد — ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش — مۇقەررەر ئىگىلەش ...... 44
6 ـ ساۋاق : ئېھتىياج — كۆزلەش — ھەرىكەت قىلىش — ئېرىشىش ...... 54
7 ـ ساۋاق : نىشانىڭىزنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇڭ ...... 64
8 ـ ساۋاق : ماسلىشىشچان ئىدىيە گۈزەل نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ...... 76
9 ـ ساۋاق : ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتەيلى ...... 87
10 ـ ساۋاق : سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتى ...... 100
11 ـ ساۋاق : كۇللى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى بار ...... 109
12 ـ ساۋاق : ئېنېرگىيەڭىزنى يىغىپ ، تەپەككۇرىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ ...... 120
13 ـ ساۋاق : پايدىلىق روھىي بەدەل تۆلەش ...... 131

14 ـ ساۋاق : ئىدىيە تېررىتورىيەيىڭىزنى قوغداڭ ...... 141

15 ـ ساۋاق : يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئادەم بولۇڭ ...... 152

16 ـ ساۋاق : قەلب تامغىسى ۋە مەنىۋى كارتىنا ...... 162

17 ـ ساۋاق : تەشنالىقتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ ...... 173

18 ـ ساۋاق : بىر ـ بىرىڭىزنى مەنپەئەتدار قىلىدىغان قىلمىش ...... 184

19 ـ ساۋاق : بىلىم ۋەھىمىدىن غالىب ...... 194

20 ـ ساۋاق : ئىدىيە ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ...... 205

21 ـ ساۋاق : خاراكتېر ئۆزگەرسە مۇھىت تەلتۆكۈس ئۆزگىرىدۇ ...... 218

22 ـ ساۋاق : ساغلاملىق بۇرۇنقى تەپەككۇر شەكلىنىڭ نەتىجىسى ...... 228

23 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەتنى ئاخىرىغىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ...... 241

24 ـ ساۋاق : ھەممىسى قەلبىڭىزدە مۇجەسسەملەنگەن ...... 253

«دۇنيادىكى ئەڭ سىرلىق 24 ساۋاق»تىن نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ...... 265


www.uyghurkitap.com

# 1 ـ ساۋاق : ئىچكى دۇنيا ، غايەت زور كۈچ

بۇ ساۋاقنى ئۆگىنىش ئارقىلىق سىزنىڭ ھاياتىڭىز كۈچ - قۇدرەتكە تولىدۇ ، تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىز تېخىمۇ ساغلاملىشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ بەختنى ھېس قىلىسىز .

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، بۇ خىل كۈچ سىز ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان كۈچ ئەمەس ، بەلكى سىزدە ئەزەلدىن بار كۈچ ، پەقەت سىز ئۇنى تېخىچە چۈشەنمىگەن بولۇشىڭىز ياكى ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن . بۇ ساۋاق سىزگە بۇ كۈچنى تونۇتۇپ ، بۇ كۈچنى ھاياتىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن سىز بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بويسۇندۇرالايسىز . ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرىتى مۇشۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئېنېرگىيەدە . ئۆزىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئويلىسىڭىزلا چوقۇم مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ياسىيالايسىز .

كىشىلىك ھايات تۇنۇگۇن ، بۈگۈن ۋە ئەتىدىن تەركىب تاپقان . ئۇ تۇنۇگۇندىن بىر قەدەم ، بىر قەدەمدىن مېڭىپ كېلىپ ، بۈگۈندە ھەرىكەت ئارقىلىق ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇرۇپ ، ئەتىكى ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قاناتلاندۇرىدۇ . بۈگۈن ئەڭ مۇھىم ، بىراق ، تۇنۇگۇنكى تەسىرات ۋە ھېس ـ تۇيغۇغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ ، ئۇلار بۈگۈن تاللاش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . ئۇنداقتا ، ھاياتىڭىز توغرۇلۇق ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقامسىز ، دۇنيا رەڭدارلىققا ، ھايات گۈزەللىككە تولغان . لېكىن ، بۇ خىل رەڭدارلىق ھاياتنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدىغان لايغەزەل كىشىلەرگە ئەمەس ، بەلكى ئەستايىدىل تەييارلىق بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلالاي-

دىغان كىشىلەرگە بەخش ئېتىلگەن. دۇنيانى پەيدىنپەي ئاڭقىرىش سىزنى تېخىمۇ كۆپ تەسىرات ۋە ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ، ھاياتىڭىزنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە بېيىتىدۇ.

ھەربىر كۈن ئەتە، شۇنداقلا بۈگۈن، ھەتتا ئۇ تۈنۈگۈنگە ئايلىنىدۇ. ھاياتىڭىزدىكى بۈگۈندىن ياخشى پايدىلانسىڭىز ۋە ئۇنى ھېس قىلسىڭىز پارلاق ئەتىنى كۈتۈۋالالايسىز. ئۇنداق بولسا، 1-ساۋىقىمىزنى باشلايلى.

1. نۇرغۇن ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەييارلىق قانچە كۆپ بولسا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بولغان ئارىلىق شۇنچە قىسقىرايدۇ؛ تەييارلىق قانچە ئاز بولسا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بولغان ئارىلىق شۇنچە ئۇزىرايدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىلھام تاسادىپىي كېلىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ جۇغلىنىشتىن پەيدا بولىدۇ.

2. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى دۇنيادىكى ئەڭ جانلىق ئېنېرگىيە بولۇپ، ئىجادچانلىققا ئىگە. ھەربىر ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتى ۋە بارلىق تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى سۇبيېكتىپ تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

3. بىزنىڭ ھەربىر قېتىملىق تاللىشىمىز تاسادىپىي بولماستىن، ئىلگىرىكى تەپەككۇر ئەندىزىمىز تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىز پەقەت تەپەككۇرىمىز دائىرىسىدىلا تاللاش ئېلىپ بارالايمىز، تەپەككۇردىن ھالقىغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتنى قىلالمايمىز.

4. تەپەككۇرىمىز ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ھەم تەپەككۇر شەكلى ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسىنى بەلگىلەيدۇ.

5. بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە سەل قارايمىز. ئۆزىمىزنى قايتا تونۇيمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن بۇ خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرىشىمىز كېرەك. بۇ خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك......

6 . ئىچكى دۇنيانى تۇتقىلى بولمايدۇ ، بىراق ، ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ، ھەتتا ئۇنىڭ قۇدرىتى تەسەۋۋۇرىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ . بۇ ئىدىيە ، تۇيغۇ ، كۈچ ـ قۇدرەت قاتارلىق مۇھىم ئامىللاردىن تەركىب تاپقان ھەرىكەتچان دۇنيا .

7 . ئىدىيە ئىچكى دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىدۇ . ئىچكى دۇنيامىزنى ئاڭقىرىغان ۋاقتىمىزدا ، بىزنى قايمۇقتۇرغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز ، شۇنداقلا بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەرىكەت سەۋەبىنى شەرھىلىيەلەيمىز . بىز بۇ ئىچكى دۇنيانى تۇتۇۋالالىساق بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىقنىڭ قانۇنىيىتى بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدا بولىدۇ .

8 . ئىچكى دۇنيا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە ، ئۇنىڭدا پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇدرەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ، چەكسىز تەمىنات تولغان بولۇپ ، رېئاللىقتىكى بارلىق ئېھتىياجنى قاندۇرالايدۇ . ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تونۇپ ، بۇ يوشۇرۇن ئىقتىداردىن تېخىمۇ پايدىلىنىساق ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرساق ، نەتىجىسىنى تاشقى دۇنيادا نامايان قىلالايمىز .

9 . ئىچكى دۇنيانىڭ گارمونىيەسى تاشقى دۇنيادا ئەكس ئېتىپ ، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەت ، ئازادە ياشاش مۇھىتى ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى يۇقىرى ئۈنۈم ۋە ئەڭ ياخشى روھىي ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ . بۇ بارلىق ئۇلۇغلۇق ، ساغلاملىق ، كۈچ ـ قۇدرەت ، غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە زۆرۈر شەرتى .

10 . ئىچكى دۇنيانىڭ گارمونىيەسى بىزنىڭ ئىدىيەمىزنى قانداق كونترول قىلىشىمىزدا ، سىرتقى مۇھىتنىڭ ئاۋارىچىلىكى ئالدىدا پاسسىپلىق قىلىش ئەمەس ، بەلكى تېخىمۇ ئاكتىپ تەشەببۇسكار بولۇشىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ .

11 . ئىچكى دۇنيانىڭ گارمونىيەسى بىزنى ئۈمىدۋار ھالدا ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ ، بۇنداق ياخشى روھىي ھالەت يەنە

تاشقى دۇنيانىڭ قانائىتىنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

12 . تاشقى دۇنيامۇ ئوخشاشلا ئىچكى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ .

13 . ئىچكى دۇنيايىمىزغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاشكارىلاش، ئۇ ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قوزغىتىش ۋە جارىي قىلدۇرۇشىمىزغا ياردەم قىلىپ، ئىرىشكەن بۇ خىل ئېنېرگىيەنى تاشقى دۇنيانىڭ ئىقتىدارى سۈپىتىدە ئەينەن چىقىرىپ بېرىدۇ .

14 . ئىچكى دۇنيايىمىزغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى ئىشلىتەلىسەك، ئىدىيەمىزنىمۇ بۇ خىل پاراسەتكە ئىگە قىلىپ، ھەرىكىتىمىزنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىي ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولالايمىز، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزدىكى گارمونىيەلىك تەرەققىياتقا كېرەكلىك تۈرلۈك شەرتلەرگە ئاساس سالالايمىز .

15 . ئالغا ئىلگىرىلەش ئىستىكىدە بولغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مەيلى ئۇ قىرى ياكى ياش بولسۇن، ئۈمىد، قىزغىنلىق، ئىشەنچ، چىدام، غەيرەت، دوستانىلىك ۋە ئىتتىقاد بولىدۇ، بۇ پەزىلەتلەر ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزى ئېرىشكەن ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ تۈرتكىسىدە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ .

16 . ھاياتلىق ئاددىي ھالدىكى يوقلۇقتىن بار بولۇپ، يەنە يوقلۇققا قاراپ ماڭىدىغان جەريان بولماستىن، پەيدىنپەي چوڭقۇرلايدىغان، يۈكسىلىدىغان كۆپ قاتلاملىق جەرياندىن ئىبارەت . تاشقى دۇنيادىن ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچكى دۇنيايىمىز ئىگە بولۇپ بولغان نەرسىلەردۇر .

17 . بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىق بىلىش ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ . ئېرىشكەن بارلىق بىلىش ئۇزلۇكسىز شۇغۇللىنىشنىڭ نەتىجىسى، بىلىشنىڭ ئۇزۇلۇشى ياكى ئاڭنىڭ چېچىلىشى ئىشلىرىڭىزدا كۆپ ئەمگەك قىلىپ، ئاز ئۈنۈم ئېلىشتەك ئاقىۋەتنى



www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
18. ئىچكى دۇنيا يولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى گارمونىيە-لىك ئۇچۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. گارمونىيەلىك بولمى-غان ئىچكى دۇنيامۇ قالايمىقانلاشقان تاشقى دۇنيانى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، نەتىجىگە ئېرىشىشتە چوقۇم تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بىلەن گارمونىيەلىكنى ساقلاش كېرەك.
19. بىز ئىدىيەگە تايىنىپ تاشقى دۇنيا بىلەن باغلىنىپ تۇرىمىز. چوڭ مېڭە تەپەككۇر ۋە ئاڭ ئورگىنى، چوڭ مېڭە - ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى بەدەننىڭ تۇگۈنى بولۇپ، بەدەننىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، بىزنى يورۇقلۇق، ئىسسىق-لىق، پۇراق، ئاۋاز ۋە تەم قاتارلىق سەزگۈلەرگە ئىنكاس قايتۇ-رۇشقا ئۈندەيدۇ.
20. بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھى-يىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا، چوڭ مېڭە - ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى بۇ توغرا ئۇچۇرلارنى بەدىنى-مىزنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ بىر تۈرلۈك گارمونىيەلىك بىرلىك بولۇپ، بۇ خىل ئىدراك لەززەتلىك ھەم خۇشاللىنارلىقتۇر.
21. بىز ئىدىيە ۋە ئاڭغا تايىنىپ، ئۈمىد، غەيرەت، ئىشەنچ، قىزغىنلىق، ھاياتىي كۈچ قاتارلىق ئېنېرگىيەلەرنى تېنىمىزگە كىرگۈزىمىز. ئەلۋەتتە، ئىدىيە يەنە بىزگە كېسەللىك، ئازاب، ھارغىنلىق، ئۈمىدسىزلىك قاتارلىق ھەر خىل چەكلىمىلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، بۇنى خاتا تەپەككۇر شەكلى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بىزنىڭ دۇنيايىمىزغا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى تەسىر-لەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ.
22. بىز يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق ئىچكى دۇنيايىمىز بىلەن باغلىنىمىز. چېكە تومۇر نېرۋا تۇگۈنى بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ماكانى، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى تۈرلۈك سۈبيېكتىپ تۇيغۇ-لار، مەسىلەن، خۇشاللىق، قورقۇنچ، ئايرىلغۇسى كەلمەسلىك،

ياخشى كۆرۈش، ئۈمىد، تەسەۋۋۇر قاتارلىق تۇرلۇك يوشۇرۇن ئاڭ ھادىسىلىرىنى كونترول قىلىدۇ. مانا مۇشۇ يوشۇرۇن ئاڭ ئۆزىمىزبىلەن ئىچكى دۇنيايىمىز ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ئايلانسا، ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى ئېنېرگىيەنى كونترول قىلىشىمىز پەيدىنپەي مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ.

23. بىزنىڭ ئىچكى ـ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان باغلىنىشىمىز بۇ ئىككى چوڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ماسلىشىپ ئۆز ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا سېلىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىلىش بىزنىڭ ئوبيېكتىپلىق بىلەن سۇبيېكتىپلىقنى ماسلاشتۇرۇپ ئۆزىمىزنى گارمونىيەلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزغا پايدىلىق. بۇ نۇقتىنى بىلىۋالساق، تاشقى دۇنيادىكى تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالدىدا گاڭگىراپ قالماي، كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقنىڭ تۈپتىن ئۆزىمىزگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

24. ھەممىمىزدە مۇنداق بىر ئورتاق تەسىرات بار، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت قائىدە ـ مىزانلار ھامان ھەرقانداق سورۇن، ھەرقانداق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇ تولىمۇ قۇدرەتلىك ئەقىل ـ پاراسەتكە باي بولۇپ، مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، ئۇ بارلىق توغرا چۈشەنچە قائىدىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاندۇر.

25. ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان چۈشەنچىلەر ئەمەلىيەتتە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىنى تونۇشى ئوخشاش بولمايدۇ، بىراق ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئوخشاش بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تونۇش پەقەت ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلىنىش شەكلىدىنلا ئىبارەت.

26. ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ئاڭ ۋە چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولىدۇ، شۇڭا بارلىق چۈشەنچىلەر تېگى ـ

تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىرلا چۈشەنچىدىن ئىبارەت: بىز شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل ھېس قىلساق ۋە ئاڭقىرساق، بۇ چۈشەنچىنى تاپالايمىز.

27. ماكرو نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىگە توپلاشقان ئوي - پىكرنى باشقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچقانداق پەرق بولمايدۇ، پەقەت ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئىنچىكە ھالقىلارلا پەرق دەپ قارىلىدۇ.

28. ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەتكىلى بولىدىغان چۈشەنچە بىر خىل يوشۇرۇن ئېنېرگىيە بولۇپ، ئۇ پەقەت يەككە شەخستە ئاشكارىلىنىدۇ، ھالبۇكى ئىندىۋىدۇئاللاشقان ئاڭنىڭ توپلىنىشى بولسا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان چۈشەنچىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇلار ئومۇمىيلىق بىلەن يەككىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر.

29. ھەربىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ھەربىر ئادەم ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. بۇمۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ئىپادىلىنىشىدىكى بىر خىل ۋاستىسىدۇر. ئوي بىر خىل جىمجىت ئېنېرگىيەنىڭ نازۇك شەكلى بولۇپ، كونكرېت تەسەۋۋۇر مۇشۇ ئېنېرگىيەدىن پەيدا بولىدۇ. تەسەۋۋۇر ئاڭنىڭ ھەرىكەتچان بۆلىكى، ئاڭ تەسەۋۋۇرنىڭ جىمجىت بۆلىكى، ئىككىسى ئوخشاش بىر ئىشنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىدىكى ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر جەريانى دەل جىمجىت ئاڭدىن ھەرىكەتچان تەسەۋۋۇرغا ئۆتۈپ ئاندىن رېئاللىشىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

30. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قانۇنىيەتلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ، بۇ قانۇنىيەتلەر ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممە يەردە بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى يەنە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئادەم پىكىر قىلغاندا، خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ تەپەككۇر ھالىتىنى بەلگىلەيدۇ،

ھەتتا بۇنداق خۇسۇسيەت ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تاشقى ئوبيېكتىپ مۇھىتتا ئەكس ئېتىپ ، ئادەمنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيە-تى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ .

31 . خۇددى ئالدىنقى مەزمۇنلاردا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ، ئۆز ھەرىكىتىمىز پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋەت تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ، شۇڭا ، ئۆز ھەرىكىتىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى ياخشى پىلانلايمەن دېسىڭىز تەپەككۇرىڭىزنى كونترول قىلىشىڭىز كېرەك ، بۇ ئەڭ مۇھىم .

32 . ئىچكى دۇنيا بارلىق ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسى ، ھالبۇ-كى ، سىز ئۇنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە . كونترول قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى توغرا تونۇش ھەم بۇ خىل تونۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر .

33 . سىز ناۋادا بۇ قائىدىنى ھېس قىلسىڭىز ھەم ئۆز ئېڭى-ڭىزنى كونترول قىلىشنى بىلسىڭىز ، بۇ قائىدىنى خالىغىنىڭىز-چە قوللىنالايسىز . يەنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ئاشۇ قائى-دىلەرنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرەلەيسىز ھەمدە ھەرىكىتىڭىزگە تەتبىق-لىيالايسىز . بۇ قانۇنىيەت دۇنيادىكى كۆللى شەيئىلەرنىڭ تەرەققى-يات ئاساسىدۇر .

34 . ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان قائىدىلەرمۇ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ھەربىر ئاتوم زەررىچىسىنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىدۇر ، ھەربىر ئاتوم زەررىچىسىنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى بۇ قائىدىگە پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ . ھەربىر زەررىچە ھەرقاچان ، ھەر زامان بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى دەل مۇشۇ يەردە .

35 . ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاڭقىرالىشى ناتايىن ، ئىچكى دۇنيا شۇقەدەر باي ھەم ئىجادچانلىققا ئىگە .

36 . بۇ بىر خىل يېڭى ئۇقۇم بولغاچقا ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىدى ، ئۇلار تاشقى دۇنيادىنلا مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيدۇ . بۇنداق قىلىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ياكى مە-

سىلىلەرنى يۈزەكى ھەل قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەقىقىي جاۋابنى ئىچكى دۇنيادىن ئىزدەش كېرەك، بۇنداق بولغاندا مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، گارمونىيەلىك ھالەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

37. ئىچكى دۇنيا بىلەن تاشقى دۇنيا بىر – بىرىنى تولۇقلاپ، ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىچكى دۇنيا مەنبە، تاشقى دۇنيا ئېقىن. بىزنىڭ تاشقى دۇنيادا نامايان بولغان ئىقتىدارىمىز بۇ خىل ئېنېرگىيە مەنبەسىگە بولغان تونۇشىمىزغا باغلىق. ھەربىر يەككە تەن بۇ چەكسىز ئېنېرگىيەنىڭ چىقىش ئېغىزى، ھەربىر ئادەم باشقا ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق.

38. بىلىش بىر خىل مەنىۋى جەھەتتىكى ھېس قىلىش جەريانى، بۇ جەريان يەككە شەخس بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان قائىدىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى. بۇ خىل ھېس قىلىش جەريانىنىڭ رولى ۋە ئەكس تەسىرىمۇ بىر خىل سەۋەب – نەتىجە قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەت يەككە شەخس ئۈستىگە قۇرۇلماستىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق چۈشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. ئۇ بىر خىل تەسىراتنى ئىپادىلەپلا قالماي، بىر خىل سۇبيېكتىپ جەريانغا تېخىمۇ ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ تاشقى دۇنيايىمىزدا ئەكس ئېتىپ، ئىچكى دۇنيايىمىز بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدۇ.

39. بىزنىڭ كەڭ ھەم باي مەنىۋى سۇبستانسىيە دۇنيايىمىز بىپايان دېڭىزغا ئوخشايدۇ. بۇ دېڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى ئارزۇلارنى قاندۇرالايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان يەككە ئىدىيەيىمىز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

40. مۇشۇ خىل چۈشەنچىنى ئىشلەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ قىممىتى گەۋدىلىنىدۇ. سىز بۇ چۈشەنچە ۋە قائىدىلەرنى ھەقىقىي ئاڭقىرىپ، ئىشقا سالغان ۋاقتىڭىزدا، تۇرمۇشىڭىزنىڭ ماددىي قاتلىمى ياكى مەنىۋى قاتلىمىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ: بايلىق نامراتـ

بىلىشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، ئەقىل ـ پاراسەت قارىغۇلارچە ئىشىنىش-نىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، گارمونىيەلىك قالايمىقانچىلىقنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، يورۇقلۇق زۇلمەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

ئەمدى بىز ئۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئاتلىنايلى. ئالدى بىلەن جىمجىت، خالىي بىر جاينى تېپىپ، ئۆزىڭىزنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇڭ، ئەمما ۋۇجۇدىڭىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەڭ، ئاندىن پەيدىنپەي ئۆزىڭىزنى تولۇق كونترول قىلىڭ. ئوي ـ پىكرىڭىزنى ئىچكى دۇنيايىڭىزغا ئەركىن ـ ئازادە قويۇۋېتىپ، ھەر قېتىم ئون بەش مىنۇت ياكى يېرىم سائەتتىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ياكى بىر ھەپتە داۋاملاشتۇرۇڭ، تاكى سىز ھېس قىلغۇچە، ئېرىشكۈچە، گۈزەل بىر دۇنياغا يەتكۈچە شۇنداق قىلىڭ.

بۇنداق ھالەتكە يېتىش بەزىلەرگە ئاسانغا چۈشمەيدۇ، يەنە بەزىلەر ناھايىتى تېزلا بۇنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. جىددىيلەشمەسلىك كېرەك، ھەر قېتىم ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا كۇپايە. يەنە ئۆز ۋۇجۇدىنى كونترول قىلىشمۇ بۇنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىن-قى شەرتى. بىز بۇ ساۋاقتىكى مەزمۇنلارنى مۇلاھىزە قىلىپ باقاي-لى.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىقنىڭ ئاساسى نېمە؟

بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە بايلىقنىڭ ئاساسى تونۇش.

2. ھاياتلىقنىڭ يەككىلىكى ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن قانداق تۇتىشىپ بىردەكلىك ھاسىل قىلىدۇ؟

ھاياتلىقنىڭ يەككىلىكى ئىدىيە ۋە چوڭ مېڭە ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تۇتىشىپ بىردەكلىك ھاسىل قىلىدۇ؛ چوڭ

مېڭە ئىدىيە ئۆرگىنىدۇر .

3 . ھاياتلىقنىڭ يەككىلىكى ئىچكى دۇنيا بىلەن قانداق تۇتىشىدۇ ؟

ھاياتلىقنىڭ يەككىلىكى يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق ئىچكى دۇنيا بىلەن تۇتىشىدۇ . چىكە تومۇر بىرۋا تۇگۈنى يوشۇرۇن ئاڭ ئورگىنىدۇر .

4 . ئۇمۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قائىدە دېگەن نېمە ؟

ئۇمۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قائىدە — ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ھەربىر ئاتوم زەررىچىسىنىڭ ھاياتلىق قائىدىسىدۇر .

5 . يەككىلىك قانداق قىلىپ تاشقى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ؟

ھەربىر ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ تاشقى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولۇپ ، بۇنداق پىكىر قىلىش دەل تونۇشنى ھېس قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت .

6 . قانداق قىلغاندا ئەڭ گارمونىيەلىك ، ئەڭ مۇكەممەل مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ ؟

گارمونىيەلىك ، مۇكەممەل مەنزىل توغرا تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ .

7 . قالايمىقانچىلىق ، توقۇنۇش ، يوقسۇزلۇق قاتارلىق تۈرلۈك چەكلىگۈچى نەرسىلەرنى نېمە پەيدا قىلىدۇ ؟

قالايمىقانچىلىق ، توقۇنۇش ، يوقسۇزلۇق قاتارلىق تۈرلۈك چەكلىمىلەر خاتا تەپەككۇر شەكلى پەيدا قىلغان نەتىجىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 2 - ساۋاق: ئادەتنىڭ مەنبەسى — يوشۇرۇن ئاڭ

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقۇپ تۇرىدۇ، بىز دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى قالايمىقان ئۇقتىئىنەزەرلەر ھەم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىزدىقىشىنى ئېنىق بىلمەسلىكتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشتە مۇشۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدىن مۇئەييەن قانۇنىيەتنى تېپىپ، ئۆزىمىزنى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە لايىقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئېنىق ئوي - پىكىرىمىز ۋە سەگەك كۆزىتىش ئىقتىدارىمىزنىڭ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. بۇ خىل ئىقتىدار قۇرۇق ئارزۇ - ھەۋەستىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئادەتتىكى ئاز - ئازدىن جۇغلىنىدىغان تىرىشچانلىقلار ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

سىزنىڭ تۇيغۇڭىز، ھۆكۈمىڭىز، پەزىلىتىڭىز، ئەخلاق سېزىمىڭىز، ئىقتىدارىڭىز، ئىرادىڭىز رېئال تۇرمۇشتىكى قانائەتلىنىش تۇيغۇڭىزنىڭ پەيدا بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى ئۆگىنىشىڭىزدە، ئەمەلىيىتىڭىزدە ئاستا - ئاستا توپلىنىدىغان نەتىجە بولۇپ، ھەربىر ئادەمنىڭ شارائىتى ئوخشاش بولمىسا، بۇ خىل نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قانائەتچانلىققا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئىدىيەلەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

شۇڭا، ئىدىيە كۈچ دېمەكتۇر، ئۇ نۇرغۇن قۇدرەتلىك ئېنېرگىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ خىل ئېنېرگىيە شەيئىلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئارزۇ ياكى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ شانلىق نەتىجىلەردىنمۇ سىرلىق. ئاكتىپ ئىدىيە ئاكتىپ ئېنېرگىيە، توپلاشقان ئىدىيە بولسا توپلاشقان ئېنېرگىيەدۇر. توپلاشقان مەلۇم ئاكتىپ ئىدىيەلەر پەۋقۇلئاددە قۇدرەتكە

ئايلىنىدۇ . ئادەتتە بۇنداق قۇدرەتكە يوقسۇزلۇقنى خالىمايدىغان ، باشقىلاردىن تۆۋەن ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ئادەملەر ئىنچىكە ئىنتىلىدۇ .

بۇنداق ئىقتىدارغا ئېرىشىپ ، ئۇنى نامايان قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۇنى تونۇشتىن ئىبارەت ، تونۇش قانچىكى چوڭقۇرلاشسا بۇ خىل ئىقتىدارغا ئېرىشىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى شۇنچە زورىيىدۇ ، ئەلۋەتتە . بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندا ئۇ مېڭىدە مەھكەم ساقلىنىدۇ ـ دە ، ئۇزلۇكسىز تۈردە ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئېڭىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە يېڭىلايدۇ ھەمدە ئۇنى تاشقى دۇنيادا نامايان قىلىدۇ . 2 ـ ساۋاقتا بىز بۇ خىل ئىقتىدارنى تونۇشنىڭ ئۇسۇلىنى بايان قىلىمىز .

1 . تەپەككۇر ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا تايىنىپ ئايلىنىدۇ . بۇ ئادەتتىكى ئىككى خىل ھەرىكەت ئەندىزىسى . داۋىدسون پىروفېسسور : «ئۆزىنىڭ چەكلىك ئاشكارا ئېڭى بىلەن پۈتكۈل مەنىۋىيەت دۇنياسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇقۇم دائىرىسىنى چۈشەندۈردەن دېيىش بىر تال شام بىلەن ئالەمنى يورۇتمەن ، دېگەندەك بىر ئىش» دەيدۇ .

2 . بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز بىر مۇكەممەل ئەسەر بولۇپ ، ئۇ بىزنىڭ تونۇش پائالىيىتىمىز ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق قىلىدۇ . ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەرىكىتى توغرا ھەم لوگىكىلىققا باي بولۇپ ، ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويۇشتەك ئەھۋالنى پەيدا قىلمايدۇ . ئەپسۇسلىنارلىق يېرى ، كۆپ سانلىقلىرىمىز تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە لوگىكىسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلمەيمىز .

3 . بىزنىڭ مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن ئاڭ ، خۇددى سەھنە ئارقىسىدىكى خادىمغا ، ياساخاۋەتچىگە ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقتىمىزدا بىزگە مۇلازىمەت قىلىپ ، سەۋرچانلىق بىلەن خىزمىتىمىزدە بولىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى پائالى-

يېتىلىرىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىپادىلەيدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

4. دەل يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق شېكسپىر ئادەتتىكى بىر ئوقوغۇچىنىڭ ئىنكاسىدىن ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ دەل مۇشۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق فىدىئاس مەشھۇر مەرمەر ۋە مىس ھەيكەللەرنى ئىجاد قىلغان، رافائېل بۈۋى مەريەمنىڭ رەسىمىنى سىزغان، بېتخوۋېن سىمفونىيە ئىجاد قىلغان.

5. خىزمەت ۋە تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاشكارا ئېڭىمىزغا تايىنىشتىن ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىن كەلگەن. پىئانىنو چېلىش، مۇز تېيىلىش، خەت ئۇرۇش ھەم تەدبىرلىك ھالدا سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلاردىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرمۇ ئوخشاشلا يوشۇرۇن ئاڭدىن كېلىدۇ. سىزنىڭ بىر تەرەپتىن يېقىملىق بىر مۇزىكىنى چېلىپ يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر بىلەن قىزىقارلىق سۆزلەرنى قىلالىشىڭىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنىڭ قوماندانلىق سەۋىيەسىگە باغلىق.

6. ھەربىرىمىزدە يوشۇرۇن ئاڭغا نىسبەتەن بېقىندىلىق مەۋجۇت. ئىدىيىمىز يۈكسەلگەنسېرى، ئۇلۇغلاشقانسېرى، ئالاھىدىلەشكەنسېرى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى شۇنچە ئېنىق ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ رەسىم سىزىش، ھەيكەلتىراشلىق، مۇزىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماھارىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئېستېتىك سەزگۈمىز پۈتۈنلەي يوشۇرۇن ئاڭدا، شۇنداقلا پەقەت يوشۇرۇن ئاڭدىلا ئۇلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

7. يوشۇرۇن ئاڭ ئەسلىمە ئامبىرىمىزدىن بىز ئېھتىياجلىق ھەممە ئۇچۇرلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ، ئائىلۇق، ئىسىم ـ فامىلە، مەيدان ـ سورۇن ياكى ۋاقىت دېگەندەك. ئۇ بىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىمىزغا، پەزىلىتىمىزگە ياكى تۇرمۇشقا تۇتقان مۇئامىلىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قىممىتى ئاشكارا ئاڭ

ئىگە بولالمايدىغان ئالاھىدە قىممەتتۇر . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ھەرقانداق جايدا تۇرمۇشىمىزغا دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ .

8 . بىز ئۆزىمىزنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجىمىزنى خالىغانچە كونترول قىلالمايمىز ، يۈرەك سوقۇشىمىزنى ، قان ئايلىنىشىمىزنى توختىتالمايمىز ، نېرۋا سىستېمىمىزنىڭ شەكىللىنىشى ، مۇسكۇللىرىمىزنىڭ تەشكىللىنىشى ھەم سۆڭەكلىرىمىزنىڭ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمايمىز . بىراق ، بىز يوشۇرۇن ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز خاھىشىمىز بويىچە سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بۇ دۇنيانى ھېس قىلالايمىز .

9 . بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ : بىر خىلى كۆز ئالدىمىزدىكى خاھىشىنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇش ، يەنە بىر خىلى ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە شەرتسىز رەۋىشتە تەمكىنلىك بىلەن ئىش قىلىش . ئەلۋەتتە ، بىز كېيىنكى تۈردىكىسىنى تاللاشقا مايىل بولۇپ ، بىر خىل ھەرىكەت جەريانىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىمىز . تەتقىقاتتىن كېيىن ، بىز بۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى قانۇنىيەتنىڭ ئىجاد قىلىنىش ئارقىلىق مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ، بىزنىڭ خاھىشىمىزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ، تۈرلۈك تەسىرلەرگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ ئىنچىل بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئىچكى كۈچ ـ قۇدرىتىمىزدە كونترول قىلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز .

10 . بۇ ئىككى تۈرلۈك ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىككى خىل ئېنېرگىيە ئىچىدە ، سىرتقى ئۆزگىرىشچان ئېنېرگىيە ئاشكارا ئاڭ ، يەنى ئوبيېكتىپ ئاڭ . ئىچكى ئۆزگىرىشچان ئېنېرگىيە يوشۇرۇن ئاڭ ، يەنى سۇبيېكتىپ ئاڭ بولۇپ ، ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ . بۇ خىل ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بىرى رېئال تۇرمۇش قاتلىمىغا تېخىمۇ يېقىن ، يەنە بىرى مەنىۋى تۇرمۇش قاتلىمىغا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ .

11 . بىز ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئۆزىگە خاس

يۇرگۈزۈلۈش قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل كۆزدىتىشىمىز كېرەك . ئۇنىڭ ئىچىدە ، ئاشكارا ئاڭ بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا رول ئوينايدۇ .

12 . ئاشكارا ئاڭ بىزنىڭ ئىرادىمىز ھەم ئىرادىمىز پەيدا قىلىدىغان نەتىجىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ، ئۇ پەرقلەندۈرۈش ، ئايرىش ، تاللاش ھەتتا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە . ئۇنىڭدىكى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ، ئالايلۇق ، ئىندۇكسىيە (يىغىنچاقلاش) ، دېدۇكسىيە (يېشىش) ، ئانالىز قىلىش ، يەكۈن چىقىرىش قاتارلىقلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئاچقىلى ۋە ئۇل سالغىلى بولىدۇ .

13 . ئاشكارا ئاڭ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ، شۇڭا ، ئاشكارا ئاڭ يوشۇرۇن ئاڭغا نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى ئويناپ ، يوشۇرۇن ئاڭ پەيدا قىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ، دېيىشكە بولىدۇ . بۇ رول بەزىدە بىزنىڭ رېئال ئەھۋالىمىزنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . ئەلۋەتتە ، ئاشكارا ئاڭ يەنە بەزى مەنىۋى پائالىيەتلەرگە ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باسقان بولىدۇ .

14 . يوشۇرۇن ئاڭ بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى بولۇپ ، بەزى خاتا ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، بىۋاسىتە چوڭ مېڭىمىزگە ئىنكاس قىلىپ ، ھەرىكىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئاشكارا ئاڭ قاراۋۇللۇق رولىنى ئويناپ ، يوشۇرۇن ئاڭ قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن بۇ خاتالىقلار ياكى سەلبىي قاتلامدىكى ئۇچۇرلار ، ئالايلۇق ، قورقۇش ، تەشۋىشلىنىش ، كېسەللىك ، تونۇش قاتارلىقلارنى ئىشىك سىرتىدا قالدۇرۇپ ، ھەرىكىتىمىزنى قوغدايدۇ .

15 . بىر يازغۇچى ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنى مۇنداق پەرقلەندۈرگەن : «ئالدىنقىسى ئىرادە يەكۈنلىگەن نەتىجە ، كېيىنكىسى ئىرادە يەكۈنلىگەن جۇغلانما نەتىجە پەيدا قىلىدىغان تۇغما

ئارزۇ - ھەۋەسنىڭ ئىنكاسى .»

16 . يوشۇرۇن ئاڭ يەكۈن چىقىرىپ ئىسپاتلاش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ ، ئۇ پەقەت ھازىر بار بولغان ئالدىنقى شەرتلەر ئاستىدا بىۋاسىتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىدۇ ، تەمىنلەنگەن ئالدىنقى شەرت ئىجابىي ، توغرا بولسا يوشۇرۇن ئاڭ توغرا ھۆكۈم ۋە توغرا خۇلاسىگە ئېرىشىدۇ ؛ تەمىنلەنگەن ئالدىنقى شەرت سەلبىي ياكى خاتا بولسا يوشۇرۇن ئاڭ چىقىرىدىغان خۇلاسە خاتا بولىدۇ ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىمۇ خاتا بولىدۇ . بۇنداق خاتا ھۆكۈمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاشكارا ئاڭغا تايىنىش كېرەك .

17 . يوشۇرۇن ئاڭ ئەزەلدىن ئۆزى قوبۇل قىلغان ئۇچۇرلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلمايدۇ ، بەلكى ئۇلارنىڭ توغرا بولۇشىدىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . رېئاللىقتا بىز تۇرۇۋاتقان شارائىت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولۇۋەرمەيدۇ ، خاتا بولۇپ قالسا ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بىزنىڭ كىشىلىك ھايات ئوربىتىمىزغا ناھايىتى زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ .

18 . ئاشكارا ئاڭ ۋەسىي ھەم قاراۋۇللۇق سۈپىتى بىلەن ھەممىگە قادىر بولۇپمۇ كەتمەيدۇ ، ھامان قاراۋۇللۇق ئورنىدىن ئايرىلىش ياكى خاتا ھۆكۈم قىلىش پەيتلىرى بولىدۇ ، بولۇپمۇ ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپ ئەھۋاللاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . بۇ چاغدا يوشۇرۇن ئاڭ بارلىق ئۇچۇرلارغا ئوغرىلىقچە ئىشىك ئېچىپ بېرىپ ، نۇرغۇن سەلبىي ۋە خاتا ئۇچۇرلارنى بىۋاسىتە كىرگۈزۈۋېتىدۇ ، بولۇپمۇ ھاياجانلىنىش ، ھېسسىياتلىنىش ھەم تۇزلۇك غىدىقلاشلاردا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ نەتىجىدە ، ئادەمگە نۇرغۇن سەلبىي نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ، ئالايلۇق ، شەخسىيەتچىلىك ، نەپسانىيەتچىلىك ، قورقۇنچاقلىق ، غەزەپ - نەپرەت ، ئۆز بېشىمچىلىق قاتارلىقلار ۋاقىت ئۇزارغانچە ھەتتا چوشكۇنلىشىشنى پەيدا قىلىد-

دۇ . شۇڭا ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ دەرۋازىسىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم .

19 . يوشۇرۇن ئاڭ بىۋاسىتە سىزىم ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىنغان بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىسپاتلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۇنىڭ جەريانى ئىنتايىن قىسقا بولىدۇ ، ئاشكارا ئاڭنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاستا بولىدۇ .

20 . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنكاسى تېز بولىدۇ ، ئۇچۇر قوبۇل قىلغان ھامان ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ ، ئۆز ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ . بۇ خىل قانۇنىيەت بىزنىڭ تاشقى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسى ، شۇڭا بىزنىڭ ئىزدىنىش ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە .

21 . بىز يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى چۈشەنسەك ، تۇرمۇشتىكى رېئاللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . ئىشتىن ئاۋۋال سىز سۆھبەتنى قىيىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن ، لېكىن كېيىن مۇۋاپىق كېلىدىغان مەلۇم تېما ياكى مەلۇم پۇرسەتلەر ۋەجىدىن سۆھبەت قايىل قىلارلىق ئاخىرلىشىشى مۇمكىن ؛ مۆلچەرلەش تەس بولغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئۇشتۇمتۇت ئايان بولغاندا ئۆزىڭىزنى تەبىئىي قويۇۋېتىسىڭىز ، نۆۋەتتىكى ئەھۋالىڭىز ياخشىلىنىش تەرەپكە قاراپ مېڭىشى مۇمكىن… ئەمەلىيەتتە ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگەندە ئۇنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئوچۇق - يورۇق بولغىلى بولىدۇ .

22 . يوشۇرۇن ئاڭ جاھاندارچىلىق پرىنسىپىمىز ھەم كەلگۈسى تەسەۋۋۇرلىرىمىزنىڭ مەنبەسى ، بىزنىڭ ئەخلاقىمىز ، گۈزەللىكىمىز ، تۈرلۈك پەزىلەتلىرىمىز يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىن كېلىدۇ . ئۇ ئالدىنئالا تۈزۈپ قويۇلغان پروگراممىغا ئوخشاش بىزنىڭ تېنىمىزدە بىۋاسىتە قوزغىتىلىدۇ . سەلبىي ئۇچۇرلارنى قوبۇل



www.uyghurkitap.com

قىلسا، سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى بويسۇندۇرۇشتا، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە دارىتمىلاشقا قارشىلىق كۆرسىتىشتە تاكى ئەسلىدىكى سەلبىي قاتلام ئاشكارىلانغىچە چىڭ تۇرۇپ، يوشۇرۇن ئاڭنى يېڭى، ساغلام تەپەككۇر شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى قوبۇل قىلىشقا زورلاش كېرەك. مەلۇم بىر ئىشنى بوشاشماي قىلغاندا ئادەت شەكىللىنىدۇ ھەم يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مۇقىم ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ، بۇ ئاشكارا ئاڭغا تايىنىپ ئانالىز قىلغانلىق، پەرقلەندۇرگەنلىك، يەكۈن چىقارغانلىقنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. يوشۇرۇن ئاڭ ئادەتنىڭ مەنبەسى.

23. ساغلام ئادەت بولسا ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشقا بولىدۇ، ئەگەر خاتا، زىيانلىق ئادەت بولسا بايا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك قايتا- قايتا ئىشقا سالغان بىلەنمۇ تەتۈر ئۈنۈم بېرىدۇ، شۇڭا بۇ زىيانلىق ئادەتنى يوقىتىش كېرەك. يوشۇرۇن ئاڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور ئېنېرگىيەنى تونۇسىڭىز ھەتتا ئىشەنسىڭىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھاياتىي كۈچىڭىزنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور قۇدرەتنى جارى قىلدۇرالايسىز.

24. بىز ئاخىرىدا يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىقتىدارىنى خۇلاسىلەپ باقايلى: ماددىي قاتلامدىن ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ ھاياتلىقنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، چوڭ مېڭىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇغما يۈرەك سوقۇش، قان بېسىمى قاتارلىقلارغا ئىگە بولۇشىغا باغلىق.

25. مەنىۋى قاتلامدىن ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ ئەسلىمىلەرنى ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، غايەت زور ئاشلىق ئامبىرى ياكى بانكىغا ئوخشاش كىشىلىك ھاياتتىكى تونۇش ۋە ئىدىيەۋى ھېسسىياتلارنى ساقلىيالايدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ، تەپەككۇرىنى تېخىمۇ سەزگۈرلەشتۈرۈپ، زېھنىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرىدۇ، ھەتتا ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ.

26. روھىي قاتلامدىن ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ غايە، مەس-

ئۇلىيەت ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئىچكى كۈچىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يوشۇرۇن ئاڭ ئىنسانىيەتنىڭ روھى بىلەن ئالەمنى تۇتاشتۇرىدىغان چەكسىز ئەقىل-پاراسەت كۆۋرۈكىدۇر.

27. ئۇنداقتا، يوشۇرۇن ئاڭ مۇھىتنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟ بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ: يوشۇرۇن ئاڭ ئىجادچانلىقىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ، بۇ خىل ئىجادچانلىق ئىدىيە ئارقىلىق ئەكس ئېتىپ، ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، رېئال ھالىتىمىز ۋە ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇمۇ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرى.

28. تەپەككۇر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرى، ئاددىي تەپەككۇر، ئۇ تېز، ئاڭسىز بولىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، يېتەكچى تەپەككۇر، ئۇ ئاڭلىق، لوگىكىلىق، ئىجادچانلىققا باي بولىدۇ. بىز يېتەكچى تەپەككۇرىمىزدىن تولۇق پايدىلانغاندا، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى بىرلەشتۈرۈپ، چەكسىز ئىجادچانلىقنى ئۇرغۇتالايمىز: يەنى ئېڭىمىز ئىجادىي كۈچكە ئىگە بولسا، ئوبيېكتىپ مۇھىتقا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى بىزنىڭ تاشقى دۇنيايىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قائىدە «تارتىش كۈچى قائىدىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

يۇقىرىقى ساۋاقتا بىز ئاساسلىقى تېنىمىزنى كونترول قىلدۇق، سىز بۇ ۋەزىپىنى تاماملاپ بولغان بولسىڭىز، كېيىنكى مەشىقنى باشلايلى، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت. بىز يەنە بىر قېتىم پۈتۈنلەي تىنچ ھالەتكە كىرەيلى، ئەڭ ياخشىسى ئالدىنقى قېتىملىق نۇقتىغا ئوخشاش بولسۇن، قىسقىسى، سىز ھەقىقىي تىنچ ھالەتكە كىرىڭ. ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىپ، بەخت، باراۋەرلىك تۇيغۇسىنى ساقلاپ قېلىپ، قايغۇرۇش، جىددىيلىشىشتەك ئويلار-

نى ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇرايلى . دائىم مۇشۇنداق مەشىق قىلسى-
ڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنى قانداق كونترول
قىلىپ ، ياخشى ھالەتنى ساقلاپ ، كىشىلىك ھاياتقا قانداق يۈزلى-
نىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز .

شۇنى بىلىش كېرەككى ، بۇ مەشىق ئىنتايىن مۇھىم ، ئەگەر
بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلالمىساق ، ھېسسىياتى-
مىزنى كونترول قىلالمايمىز ، تۇرمۇشتىكى ھەددى - ھېسابسىز
باش ئاغرىقى ، مەيۈسلۈك بىزنى قىممىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن
مەھرۇم قالدۇرىدۇ . ئەرزىمەس نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ئۆزى-
مىزنى ھەر ۋاقىت سەگەك تۇتۇپ ، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر-
نى بىۋاستە قولغا كەلتۈرسەك ، بىھۇدىچىلىكتىن خالىي بولىمىز ،
بۇگۈنكى مەشىقىمىزنى باشلىۋېتەيلى !

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . مەنىۋى ھەرىكەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك ئەندىزىسى نېمە ؟
ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ .
2 . ئېغىر - بېسىق غايە ھالىتى نېمىگە باغلىق ؟
ئېغىر - بېسىق غايە ھالىتى بىزنىڭ ئاشكارا ئاڭ پائالىيەتلى-
رىگە قايتا تايانماسلىق دەرىجىمىزگە باغلىق .
3 . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ قىممىتى نەدە ؟
يوشۇرۇن ئاڭ خاتىرە رايونى ، ئۇنىڭ قىممىتى ئادەتتىن تاش-
قىرى بولۇپ ، ھاياتلىقنى كونترول قىلىش جەريانىدا ، بىزنى ئا-
گاھلاندۇرۇشىدا ، ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىدا ئىپادىلى-
نىدۇ .
4 . ئاشكارا ئاڭنىڭ فۇنكسىيەسى نېمە ؟
ئاشكارا ئاڭ پەرقلەندۈرۈپ تەكشۈرۈش فۇنكسىيەسىگە ئىگە ؛
ئۇنىڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارى بولىدۇ ؛ ئۇ ئىرادىنىڭ
مەنبەسى بولۇپ ، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتى-

دۇ .

5 . ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ پەرقى قانداق بايان قىلىنىدۇ؟

ئاشكارا ئاڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقارغۇچى ئىرادە . يوشۇرۇن ئاڭ ئىرادە ئەقلىي خۇلاسە چىقارغان جۇغلانما نەتىجە پەيدا قىلىدىغان تەبىئىي ئىستەكنىڭ ئىنكاسىدۇر .

6 . قانداق زۆرۈر ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك؟

ئىچكى دۇنيايىڭىزدا ئۆزىڭىزگە ئۆزلۈكسىز بېشارەت بېرىپ ، ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىنى تەكىتلەڭ .

7 . بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى نېمە؟

ئەگەر سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپ بىردەك بولسا ، نەتىجىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كېتىدىغان كۈچ ئايلىنىشقا باشلايدۇ .

8 . بۇ قانۇنىيەت ئايلانسا نەتىجىسى قانداق بولىدۇ؟

بىزنىڭ تاشقى مۇھىتىمىز ئوبيېكتىپ شارائىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ، بۇ ئوبيېكتىپ شارائىتلار بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ شارائىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ .

9 . بۇ قائىدىنىڭ ئىسمى نېمە؟

تارتىش كۈچى قائىدىسى .

10 . بۇ قائىدە قانداق بايان قىلىنىدۇ؟

مەنىۋىيەت ئىجادچانلىققا ئىگە ھەمدە ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى بىلەن باغلىنىدۇ ، ئوبيېكتتا ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسى نامايان بولىدۇ .



www.uyghurkitap.com

## 3 - ساۋاق: تاشقى دۇنيادىن ياردەم تىلەش بىھاجەت، ئۆزىڭىزلا ئەڭ قۇدرەتلىك

غايەت زور ئالەمگە سېلىشتۇرغاندا، ئىنسان تولىمۇ شۇ قەدەر ئەرزىمەسكى، گويا بىپايان دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇغا، ئېگىز تاغدىكى بىر تال تاشقا ئوخشايدۇ. بىراق، ئادەم ھەرگىزمۇ پاسسىپ، يارىماس ئەمەس، ئۇ دۇنيانىڭ خوجايىنى. ئادەم دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، دۇنيانى بىزنىڭ خاھىشىمىز بويىچە ئايلاندۇرىدۇ. ئادەم دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دۇنيامۇ ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەسىر ۋە ئەكس تەسىرنىڭ نەتىجىسى دەل سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدۇر.

ئىدىيە ھەمىشە ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئويلىغاننى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، ئىدىيە سەۋەب، تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى نەتىجە. سەۋەب بولغاندا نەتىجە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى ياكى ھازىرقى بارلىق كەچمىشلەردىن ئاغرىنماسلىق كېرەك، چۈنكى، ھەممە نەرسە ئۆزىڭىزگە، مۇھىتنى ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك ئۆزگەرتەلەيدىغان - ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىڭىزغا باغلىق.

دۇنيادىكى ئەڭ خورىماس بايلىق مەنبەسى بىزنىڭ مېڭىمىزغا يوشۇرۇنغان، بىزنىڭ ئىدىيەمىزگە ئىنتايىن مول خەزىنە يوشۇرۇنغان. مەنىۋى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىڭىزنى تىرىشىپ ئېچىڭ، ئۇلارنى رېئاللىق ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە بويسۇندۇرۇڭ، بارلىق چىنلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن كېلىدۇ.

تاشقى دۇنيادىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزد-

www.uyghurkitap.com

گىز كۆچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى ، سىزدىن قۇدرەتلىك ھېچكىم
يوق . سىز ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى چۈشىنىپ ، قەتئىي-
لىك بىلەن نىشانغا يۈزلەنسىڭىز ھاياتلىق سەپىرىڭىزدە يېقىلىپ
چۈشمەيسىز ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئىلگىرىلەش يولىڭىزنى تو-
سالمايدۇ ، چۈنكى ، مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت سىز ئېچىشنى خالى-
سىڭىزلا ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ھەرقانداق جايدا ئىرادىڭىزنى مۇس-
تەھكەملەشكە تەييار تۇرۇپ ، ئوي ۋە ئارزۇيىڭىزنى ئېنىق ھەرى-
كەت ، ۋەقە ۋە شەرت ـ شارائىتقا ئايلاندۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرى-
دۇ . سىز بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالىسىڭىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبە-
سىنى تاپقان بولىسىز ، ئۇ تۇرمۇشىڭىزدىكى تۈرلۈك ئەھۋالاتلارنى
ئارزۇيىڭىزغا لايىقلاشتۇرالايدۇ .

سىز باش قاتۇرۇپ بىرەر ئىشنى قىلغان بولسىڭىز ، بۇ ئاشكا-
را ئاڭنىڭ نەتىجىسىدۇر . بىز ئۇلارنى ئىستىخىيەلىك ئاڭغا ، يەنى
يوشۇرۇن ئاڭغا ئايلاندۇرۇشىمىز زۆرۈر ، مۇشۇنداق بولغاندا ئۆز-
لۈك ئېڭىمىزنى ئازاد قىلىپ ، ئۇلارغا ئەھمىيەت بېرەلەيمىز .
ئادەت پەيدىنپەي تەبىئىيلىشىدۇ ، يېڭى بىر مەيدان مۇسابىقىدىكى
يېڭى ھەرىكەت ئاستا ـ ئاستا تەبىئىي ئادەتكە ئايلىنىپ ، ئاندىن
داۋاملىشىپ يوشۇرۇن ئاڭ بولۇپ قالىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ
مەقسىتىمىز يەنە بىر قېتىم بۇ ئىنچىكە ھالقىلاردىن ئازاد بولۇپ ،
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقا ھەرىكەتلەرگە كىرىدۇ . ئاشكارا
ئاڭدىن يوشۇرۇن ئاڭغىچە بولغان ئۆزگىرىش ، ئەمەلىيەتتە باش
قاتۇرۇشتىن ئاڭلىقلىققا ، ئاندىن ئادەتكە ئۆزگىرىشتۇر .

1 . ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەزالىرى ئوخشاش بولمىغان
خىزمەتنى زىممىسىگە ئالغان : چوڭ مېڭە ـ ئومۇرتقا سىستېمىسى
ئاشكارا ئاڭ پەيدا بولىدىغان ئەزا ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى
يوشۇرۇن ئاڭ پەيدا بولىدىغان ئەزا . چوڭ مېڭە ـ ئومۇرتقا سىستې-
مىسى بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق ئاڭنى قوبۇل قىلىپ ،
يەتكۈزىدىغان ئېرىقىمىز بولۇپ ، پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرىكىتىنى

كونترول قىلىدۇ . چوڭ مېڭە ـ ئومۇرتقا سىستېمىسىنىڭ تۈگۈنى چوڭ مېڭىدە بولۇپ ، ئاشكارا ئاڭنىڭ خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ خىزمىتىنى چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى ئۈستىگە ئالغان ، ئۇ ئاشقازاننىڭ كەينى تەرىپىدە بولۇپ ، مەنىۋى ھەرىكەتنىڭ ئېرىقى ، سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەدەننىڭ فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسىنى ئارتقۇزىدۇ .

2 . ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئوخشاش بولمىغان سەزگۈ ئەزالىرىغا مەنسۇپ بولسىمۇ ، زۆرۈرىيىتى تېپىلغاندا ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇرتكە بولۇپ ، نېرۋا سىستېمىسىدا مۇناسىپ ئىنكاس قوزغايدۇ .

3 . ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىبارەت ئىككى خىل سىستېما ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش «ئاداشقان نېرۋا سىستېمىسى» ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ، ئاداشقان نېرۋا سىستېمىسى مېڭە قىسمىدىن سوزۇلۇپ چىقىدۇ ، ئۇ چوڭ مېڭە ـ ئومۇرتقا سىستېمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۆكرەك بوشلۇقىدا پەيدا بولۇپ ، يۈرەك ۋە ئۆپكىگە تەقسىملىنىپ ، ئەڭ ئاخىر دىيئافراگمىدىن ئۆتۈپ ، تاشقى قاتلامغا چىقىپ گۇرۇپپىلىنىپ ، سىمپاتىك نېرۋا بىلەن باغلىنىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئىككى سىستېمىنىڭ باغلىنىشى شەكىللىنىپ ، ئادەمنى ماددىي جەھەتتە «يېگانە سۇبستانسىيە»گە ئايلاندۇرىدۇ .

4 . ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى بىر ئېكرانغا ئوخشايدۇ ، ھەربىر ئوي چوڭ مېڭىنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن ئۆتۈپ ، مېڭىمىزدە مۇناسىپ ئوبراز شەكىللەندۈرىدۇ ؛ ئۇ بىزنىڭ ھۆكۈم كۈچىمىزگە بويسۇنىدۇ . ئوبيېكتىپ ئويلار توغرا دەپ قارالسا ، يوشۇرۇن ئاڭ سىستېمىسىغا يەتكۈزۈلىدۇ ياكى سۇبيېكتىپ ئاڭدا ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ ، ئاندىن ئەمەلىيەت سۈپىتىدە تاشقى دۇنياغا يەتكۈزۈلىدۇ . سۇبيېكتىپ ئاڭغا بارغاندىن كېيىن ، بۇ ئويلارنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ ، قايتا تەسىرگە

ئۆچرىمايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ داۋاملىق ھۆكۈم چىقارمايدۇ، ئۇ پەقەت ئىجرا قىلغۇچى، ئۇ ئوبيېكتىپ ئويلارنىڭ خۇلاسىسىنى تولۇق قوبۇل قىلىدۇ.

5. چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى قوياشقا ئوخشاش ئېنېرگىيە تارقىتىدىغان مەركىزىي تۈگۈن ئەزا بولغاچقا، قوياش تۈگۈنى دەپ ئاتالغان، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئېنېرگىيە تارقىتىپ تۇرىدۇ. ئېنېرگىيە ھەقىقىي نېرۋا سىستېمىلىرى تەرىپىدىن بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يەتكۈزۈلۈپ، بەدەن ئاتموسفېراسىدا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئېنېرگىيە ئىنتايىن چىن ئېنېرگىيە بولۇپ، بۇ قوياشمۇ ئىنتايىن چىن قوياشتۇر.

6. چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنىڭ رادىيئاتسىيەسى كۈچلۈك بولسا، ئادەم تېنى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ، ئادەم سېھرىي كۈچكە تولىدۇ. بۇنداق ئادەم ئەتراپىدىكىلەرگە ياخشى ئېنېرگىيەسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان كىشىلەرگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ، مەنىۋى بوران - چاپقۇنلىرىنى تىنچىتىپ، خۇددى قوياشقا ئوخشاش ئەتراپىدىكىلەرنى يورۇتىدۇ.

7. ئاشكارا ئاڭ سىستېمىسى بىر ئات كۈچلۈك گېنېراتورغا ئوخشايدۇ، ئۇ قوزغىتىلىپ، ھاياتلىق ئېنېرگىيەسى چىقارغاندا، پۈتۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى ئېنېرگىيەلەر قوزغىلىش ھالىتىگە كىرىدۇ، بۇ خىل قوزغىتىلغان ئېنېرگىيە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەربىر ئادەمگە يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ خىل سەزگۈ ئادەمنى خۇشال قىلىپ، ھاياتلىقنى ساغلام ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇچراشقان ھەربىر ئادەم تەسىرگە ئۇچراپ، ئۆزگىرىش ياسىغاندەك روھى كۆتۈرۈلىدۇ.

8. چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى سىستېمىسى كاردىن چىقىپ، فۇنكسىيەسى قالايمىقانلاشقاندا ئادەم قايمۇقۇپ ھېچ نەرسىگە قىزىقماس بولۇپ قالىدۇ، بەدىنىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى ھاياتلىق ۋە ئېنېرگىيەمۇ توختاپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنسان تۇرلىرى

ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغان تۇرلۇك كىسەللىك ، روھىي ، جىسمانىي ھەم مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولىدىغان تۇرلۇك توسالغۇلارنىڭ سەۋەبى ؛ شۇنداقلا مەغلۇبىيەتنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەبىتۇر .

9 . ئىدىيەدىكى توسالغۇ ئاشكارا ئاڭ تەمىنلەيدىغان ئىدىيە ئېنېرگىيەسىنىڭ راۋان بولماسلىقىدىن پەيدا بولىدۇ ؛ مۇھىتتىكى توسالغۇ يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن كائىنات روھىنىڭ باغلىنىشىنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبلىك راۋان ئالاقىنىڭ بولماسلىقىدىن قالايمىقان ھالەتتە قالىدۇ .

10 . چېكە تومۇر نېرۋا تۇگۈنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ ، تۇگۈنگە ئوخشاش كېسىشىش نۇقتىسىدا پەيدا بولىدۇ ،ھاياتلىقنىڭ مىقدارى چەكسىز بولغاندا يەككىلىك بۇ قوشىنىڭ مەركىزىدە تۆرلىسپ چىقالايدۇ . چېكە تومۇر نېرۋا تۇگۈنى ئەزالار بىلەن پۈتكۈل بەدەننىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدۇر ، بۇ يەردە ئالەم يەككىلىشىدۇ ، شەكىلسىزلىك شەكىلگە ئىگە بولىدۇ ، چەكلىكلىك چەكسىزلىككە ئۆزگىرىدۇ ، ھالاكەت ئىجادىيەتكە يۈزلىنىدۇ .

11 . ئېنېرگىيەنىڭ مەركىزىگە يوشۇرۇنغان ئاشكارا ئاڭ ئېنېرگىيەسى تاماملاشقا بولىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى تاماملايدۇ ، چۈنكى ئۇ پۈتكۈل ھاياتلىق ۋە پۈتكۈل ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ، بەدەننىڭ پۈتكۈل ئېنېرگىيەسىنىڭ يىغىندىسىدۇر .

12 . ئاشكارا ئاڭ ئىستراتېگىيەچى ، يوشۇرۇن ئاڭ ئىجرا قىلغۇچى ، يوشۇرۇن ئاڭ ئاشكارا ئاڭ تاپشۇرغان بارلىق پىلان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ ، ئىككىسىنىڭ بىرىكىشى نۇقسانسىز ماسلىشىشتۇر .

13 . ئاشكارا ئاڭ ئىدىيەسىنىڭ سۈپىتى تەپەككۇرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ . بىزنىڭ ئاشكارا ئېڭىمىزدا ساقلانغان ئويلارنىڭ پەزىلىتى تەپەككۇرىمىزنىڭ پەزىلىتىنى بەلگىلەيدۇ ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ ، شۇ ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان كىشىلىك ھاياتنىڭ شارائىتى بەلگىلىنىدۇ. چىقارغان ئېنېرگىيەمىز كۆپەيگەنسېرى، بىز شۇنچە تېز سۈرئەتتە ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ئەھۋاللارنى ئادەمنى خۇشاللاندۇرىدىغان، نەپ بېرىدىغان بولاقتا ئايلاندۇرالايمىز. شۇنىڭ بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى زەرەت مىقدارىمىزنى كۆچەيتىپ، ئىچىمىزدىكى يورۇقلۇقنى تەرەپ- تەرەپكە چاچتۇرىدۇ.

ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە، ئىچىمىزدىكى يورۇقلۇق ھاسىل قىلغۇچى جىسىملاردىن قانداق يورۇقلۇق چىقىرىش، قانداق قىلىپ بۇنداق ئېنېرگىيەنى پەيدا قىلىشتۇر.

14. يامان غەرەز خۇددى قەھرىتانغا ئوخشاش چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنىڭ نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بۇ قۇياشنى خىرەلەشتۈرىدۇ؛ ياخشى غەرەز مەيىن شامالغا ئوخشاش چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنى ئىللىقلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىدۇ. قابىلىيەت، ئىشەنچ، جاسارەت، ئۈمىد چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنىڭ مەيىن شامال لىرىدىن ئىبارەت؛ چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى ۋەھىمە، بۇ دۈشمەننى ئۈزۈل- كېسىل تارمار قىلىش، يوقىتىش، ئۇنى مەڭگۈ چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى يارقىن نۇر چېچىپ، ئىس- تۈتەكلەر ئارىسىدا غۇۋالىشىپ قالمايدۇ.

15. ۋەھىمە ئاچ كۆز ئىبلىس، ئۇ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسىنى توختىماي كېڭەيتىپ تۇرىدۇ. سىز ۋەھىمە بىلەن ئازراقلا يۇقۇملانغان بولسىڭىز ئۇ پۈتۈن بەدىنىڭىزگە كېڭىيىپ، سىزنى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت كونترول قىلىپ، ھەربىر ئىش ۋە ھەربىر ئادەمدىن ۋايىم يېگۈزىدۇ. ۋەھىمىنى ئۈزۈل- كېسىل، ئۇنۇملۇك ھالدا يوقاتقاندىلا قۇياشىڭىز پارلايدۇ، ئىس- تۈتەكلەر يوقايدۇ، ئېنېرگىيە، ھاياتىي كۈچ ۋە ھاياتلىق مەنبەسىنى تاپالايسىز، ھەقىقىي خۇشاللىقنى تاپالايسىز.

16. ۋەھىمە ئاجىزلىقتىن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنىڭ كەم-

لىكىدىن پەيدا بولىدۇ . ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقەتەن چەكسىز ئېنېرگە-
يەگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىغاندا ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىدىيە-
نىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ ھەرقانداق پايدىسىز ئامىللار ئۈستىدىن
غالىب كېلەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ ، ئاڭلىق ھالدا بۇ خىل
قۇدرەتنى تېپىپ چىققان ۋاقتىڭىزدا ، سىزدە ھېچقانداق ۋەھىمە
بولمايدۇ ، چۈنكى ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋەھىمىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئى-
كەنلىكىنى بىلىۋالغان بولىسىز .

17 . بىز ئۆزىمىزنىڭ ھوقۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالمىغاچقا ،
دۇنيا ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن . ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدىن پاناھ-
گاھ تاپالمايدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن دۇنيا ئۇنىڭ ئىسيانلىرىغا
شەپقەتسىزلىك قىلىدۇ . قورقۇشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىسيان
سەۋەبلىك نۇرغۇن ئىدىيەلەر زۇلمەتكە مەھكۇم بولۇپ ، كۆن نۇرى-
نى كۆرەلمەيدۇ . ئۈمىد بولغاندا ئېرىشىش بولىدۇ . بىزدە ئۈمىد
بولمىسا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز ، بىزدە ئۈمىد كۆپ بولسا ،
ئېرىشىدىغانلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ .

18 . قۇياشقا نۇر ۋە ئىسسىقلىقنىڭ ھاجىتى يوق ، چۈنكى ئۇ
ئۆزىدىن نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدۇ . قۇياشقا ئىگە بولغان ئادەم
دۇنياغا ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى ، ئىشەنچى ۋە ئېنېرگىيەسىنى چاچى-
دۇ ؛ ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلە-
رىگە ئىجازەت بېرىدۇ ؛ ئۇلار توسالغۇلارنى يىمىرىپ ، ۋەھىمىدىن
ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئىلگىرىلەش يولىدىكى گۇمان ۋە ئىككىلىنىشلەر-
نى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ ، ھېچنېمە ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ
بولالمايدۇ .

19 . ئۆزىڭىزنىڭ قۇياشى بارلىقىنى ھېس قىلسىڭىز قاراڭغۇ-
لۇقتىن قورقمايسىز . ئۆزىمىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا تاشقى دۇنياغا
ساغلاملىق ، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ماسلىششچانلىقنى چېچىش ئىقتى-
دارىمىز بارلىقىنى تونۇپ يەتسەك ، ھېچقانداق ۋەھىمىنىڭ بولماي-
دىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتسەك ، كۈچ ـ قۇدرىتىمىز چەكسىز بولى-
دۇ .

www.uyghurkitap.com

20 . تەنھەرىكەتچى مەشىق ئارقىلىق قاۋۇللىشىدۇ، بىز «ئىش قىلىش» ئارقىلىق ئۆگىنىمىز . بىلىمنى ئەمەلىي قوللانغاندىلا تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

21 . ھەربىر ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۇرچى بولىدۇ، ماددىغا نىسبەتەن ئىلمىي ھېسسىياتى ئۆزگىچە كىشىلەر ئۆزىنىڭ چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنىنى ئويغىتالايدۇ ؛ تەلەپچانلىق بىلەن ئىلىم - پەن شەرھلىرىگە قىزىقىدىغانلار يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ بەكرەك جارى قىلدۇرالايدۇ .

22 . يوشۇرۇن ئاڭ ئاشكارا ئاڭنىڭ ئەينىكىگە ئوخشاش ئاشكارا ئاڭنىڭ ئارزۇسى پەيدا قىلغان كۈچكە توغرا ئىنكاس قايتۇرىدۇ . سىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك ئۈنۈمدە جارى قىلدۇرۇپ باقتىڭىزمۇ ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى نېمە ئىكەن ؟ ئۇ دەل ئىچكى دۇنيايىڭىزدا ئۆز نىشانىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزدۇر ؛ سىز ھەقىقەتەن قەلبىڭىزدىكى دىققەت نۇقتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرسىڭىز ، يوشۇرۇن ئاڭ سىزگە مۇلازىمەت قىلىشقا باشلىغان بولىدۇ .

23 . ئىجادىيەت بارلىق رامكىلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ، توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدىغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ . ئىجادچان ئېنېرگىيە مۇتلەق چەكسىز ؛ ئۇ ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ھەرقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ ، شۇنداقلا ئۇنى ئىشلىتەلەيدىغان قۇرۇش خاراكتېرلىك پرىنسىپنىڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان نورمال شەكلىمۇ بولمايدۇ .

24 . ئالەم روھى پروتوكول ئالەمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى ، يوشۇرۇن ئاڭ ئالەم روھىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئالەم روھىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ماس ، بىردەك بولىدۇ . يوشۇرۇن ئاڭ بىزنىڭ ئاشكارا ئېڭىمىزغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى خالايدۇ ، بۇ ئالەم روھىنىڭ چەكسىز ئىجادچان ئېنېرگىيەسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ يەككە تېنىدىكى ئاشكارا ئاڭنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

25 . بىر ئىستاكان سۇ بىلەن بىر دۆۋە ئوتۇنغا تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ ، چەكسىز ئىقتىدارغىمۇ چەكلىك ئىقتىدارنىڭ ئۆزىنىڭ قانداق قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . سىز پەقەت ئاددىي ھالدا ئۆزىڭىز ئويلىغانىنىلا دەيسىز ، ئەمما ئۇنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلايسىز . بۇ بىردىنبىر ئۇسۇل ئەمەس ، بىراق ئاددىي ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ، ئەڭ بىۋاسىتە قوللىنىشقا بولىدىغان ئۇسۇل ، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئۇسۇلدۇر .

26 . يوشۇرۇن ئاڭ ئالەم روھىنىڭ بىر قىسمى ، ئالەمنىڭ يولى ، نائېنىق ئالەم مۇشۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان ، بۇ خىل بۆلۈنۈش ئىگىلىۋېلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ . سىز ئۆزىڭىز ئويلىغان نەتىجىگە «سەۋەب» نى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشقا موھتاج ، شۇندىلا دەرھال ئاتلىنالايسىز . نەتىجىدە ، ئالەم يەككىلىك ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ ، يەككىلىكمۇ ئالەم ئارقىلىق رېئاللىشىدۇ — ئىككىسى بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ .

27 . ئوقيانىڭ كىرىچىنى ھەمىشە چىڭ تارتىپ قويغىلى بولمايدۇ ، بىر ئوق - بىر ئوقتىن ئاتقاندا ئاندىن باتۇرلۇق يولىنى تۇتقىلى بولىدۇ . جىددىيلىك مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ بىنورمال ئۆزگىرىشى ۋە خاتىرجەمسىزلىكىنى پەيدا قىلىدۇ ؛ ئۇ تەشۋىش ، مەيۇسلۇك ، ۋەھىمە ۋە جىددىيلىشىشنى پەيدا قىلىدۇ . ئازادىلىك شۇنىڭ ئۈچۈن قەتئىي مۇھىمكى ، ئۇ مەنىۋىيەتنىڭ ئىقتىدارىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سالىدۇ .

## قەلبنى تاۋلاش

پۈتۈنلەي جىمجىتلىشىپ ، ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە ئىدىيەڭىزگە يۈگەن سېلىپ ، ئۇنى بىر ئاز بوش قويۇۋېتىپ ، مۇسكۇللىرىڭىزنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاڭ ؛ تەننى قويۇۋېتىش ئىرادىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە خوجايىن بولۇش مەشقى ، بۇ مەشىق سىزگە ئىنتايىن

زور نەپ بېرىدۇ، چۈنكى ئۇ قاننى ئەتراپتىكى توسالغۇلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ هەرىكەت قىلدۇرىدۇ. بۇ نېرۋىسىكى بارلىق بېسىملارنى قوغلاپ چىقىرىپ، تەننى چارچىتىدىغان جىددىي هالەتنى يوقىتىدۇ.

ئىمكانقەدەر هەربىر مۇسكۇلىڭىز ۋە هەربىر نېرۋىڭىزنى تاكى خاتىرجەملىك هېس قىلغانغا قەدەر قويۇۋېتىپ، ئۆزىڭىزنى دۇنيا بىلەن ماسلاشتۇرۇڭ. چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى هەرىكەتلىنىشكە باشلىسا، سىز هەيران قېلىش تۈگۈل ئۆز ئىقتىدارىڭىزدىكى ئاز - ئازدىن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىسىز.

## مۇهىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. ئاشكارا ئاڭ ئورگىنىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى نېمە؟
چوڭ مېڭە - ئومۇرتقا نېرۋا سىستېمىسى.

2. يوشۇرۇن ئاڭ ئورگىنىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى نېمە؟
سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى

3. بەدەندە پەيدا بولىدىغان ئېنېرگىيەنى قايسى تۈگۈن تارقىتىدۇ؟
چېكە تومۇر نېرۋا تۈگۈنى.

4. ئېنېرگىيەنىڭ تارقىتىلىشى دائىم نېمىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ؟
ئېنېرگىيەنىڭ تارقىتىلىشى قارشىلىق كۆرسىتىدىغان، شەپقەتسىز، قالايمىقان ئويلارنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى ۋەهىمىدۇر.

5. ئېنېرگىيەنىڭ تارقىتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟
توسالغۇغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەت، پۈتكۈل ئىنسانلار دۇچار بولىدىغان بارلىق ئازاب - ئوقۇبەتتۇر.

6. بەدەندە پەيدا بولىدىغان ئېنېرگىيە قانداق كونترول قىلد-

نىپ يېتەكلىنىدۇ ؟
يوشۇرۇن ئاڭ تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، يېتەكلىنىدۇ .
7 . ۋەھىمىنى قانداق قىلغاندا ئۈزۈل - كېسىل يوقاتقىلى بولىدۇ ؟
بۇ بارلىق ئېنېرگىيەنىڭ ھەقىقىي مەنبەسىنى ھېس قىلىش، تونۇشقا ئېھتىياجلىق .
8 . بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى بارلىق شارائىتلىرىمىزنى قايسى ئامىللار بەلگىلەيدۇ ؟
بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزدە يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن پوزىتسىيە بەلگىلەيدۇ .
9 . چېكە تومۇر نېرۋا تۇگۈنى قانداق قوزغىتىلىدۇ ؟
مەنىۋىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشتا پەيدا بولاشنى ئۈمىد قىلىدىغان شارائىتقا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز .
10 . ئالەمنىڭ ئىجادىيەت پىرىنسىپى نېمە؟
ئالەم روھى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ئەلېكترونلۇق كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 4 ـ ساۋاق : سىز ھەرقانداق بىر تۇرمۇشقا ئادەمگە ئايلىنالايسىز

سەۋەب ـ نەتىجە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ ، سەۋەب بولمىسا نەتىجە بولمايدۇ ، سەۋەب بولغاندا ئاندىن نەتىجە مەيدانغا كېلىدۇ . كۆپ ساندىكى كىشىلەر پەقەت نەتىجىگىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ .

بۇ سەۋەبنىڭ يوشۇرۇن بولىدىغانلىقى ، يوشۇرۇنلۇش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغانلىقىدىن بولىدۇ . نەتىجە ئاشكارا بولۇپ ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . ئىدىيە ــ ئېنېرگىيە ، ئېنېرگىيە ــ ئىدىيە ، دۇنياغا پىششىق تونۇش بولغان بارلىق دىن ، ئىلىم ـ پەن ، پەلسەپە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئېنېرگىيەنىڭ ئۆزى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر ، ئېنېرگىيە «سەۋەب» سۈپىتىدە سەل قارىلىدۇ ياكى خاتا چۈشىنىلىدۇ .

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» تا ئۇنىڭغا ئەكسىچە يول تۇتۇلغان بولۇپ ، ئۇ پەقەت «سەۋەب» كىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ . خۇشاللىق ، راھەت ، بەخت ، ساغلاملىق ، بايلىق ، ھەسرەت ، بەختسىزلىك ۋە كېسەللىك ، نامراتلىق دېگەنلەر ھېچنىمىگە ئارا تۇرالمايدۇ ، بىز جۇرئەتلىك بولۇپ ئېنېرگىيەمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى يوقىتىشىمىز كېرەك . ھاياتلىقنى ئىپادىلەپ ، ماسلىشىشچان ، ئىجادچانلىقتا باي رەۋىشتە نامايان قىلىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز ، باش تارتالمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر .

بۇ ئامىللارنى يوقىتىش جەريانى تۇرلۇك چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئېھتىياجلىق . خۇددى كاپىتان ئۆز پاراخوتىنى ھەيدىگەندەك ، پويىز شوپۇرى پويىزنى ھەيدەپ ماڭغاندەك بارلىق تەلەيسىزلىك ، بەخت ـ ئامەت ، قىيىنچىلىقلارنى ئۆز قولىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرىمىز . ئىدىيەسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئازاد قىلغان

ئادەمنىڭ مالىماچىلىقتىن ئەنسىرەپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، بايلىق پىرىنسىپىنى ئۇبدان بىلىدىغان ئادەم كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆزىگە بېرىلگەن سۇنىڭ مەنبەسىنى كۆرەلەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆي ـ پىكرى، ئۇسۇلى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، دىندا خۇدا ۋە شەيتان بولغان، ئىلىم ـ پەندە توغرىلىق ۋە ناتوغرىلىق بولغان، پەلسەپىدە ياخشىلىق ۋە يامانلىق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇش، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ياكى مەغلۇپ بولغۇچى بولۇشنى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز.

1. «ئۆزلۈك» قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن تۈگۈنمۇ، بىر خىل ئويمۇ ئەمەس. بەدەن «ئۆزلۈك» ئارقىلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان قورال، ئوي «ئۆزلۈك» ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان، خۇلاسە چىقىرىدىغان، پىلان تۈزىدىغان قورال.

2. ئەگەر سىز «ئۆزلۈك» نىڭ ھەقىقىي خۇسۇسىيىتىنى تونۇسىڭىز ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان تولۇپ تاشقان كۈچ ـ قۇدرەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولىسىز، چۈنكى، «ئۆزلۈك» تەن ۋە ئوينى يېتەكلەپ، كونترول قىلىپ، تەن بىلەن ئوينىڭ نېمە قىلىشى، قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

3. سىز ھەرقانداق بىر تۈردىكى ئادەمگە ئايلىنالايسىز، چۈنكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، غەلىتىلىكى، ئادىتى ۋە خاراكتېر خۇسۇسىيەتلىرى سىزنىڭ تېنىڭىزگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بۇلار سىزدىن ئىلگىرىكى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇلارنىڭ «ئۆزلۈك»ىڭىز بىلەن ھەقىقىي باغلىنىشى يوق.

4. ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى «ئۆزلۈك» تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەت، ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا نېمىنىڭ ئىجادچانلىق، يەنى توغرا پىكىر قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەمدە پەرق شەكىللىنىپ، ياخشى ـ يامان، ئىزگۇ ـ پەس دەپ ئايرىلە-

دۇ . كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆز تەپەككۇرىنىڭ شەخسىيەتچىلىك قاتلىمىدا تۇرۇپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ ، بۇ ھال بالىلارچە پىكىردىن خالىي بولالماسلىقنىڭ نەتىجىسى . ئادەم پىكرى پىشىپ يېتىلگەندە ، شەخسىيەتچىلىك خىياللىرىنىڭ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىلا-لىق كارۋىتىدا ھامىلىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ .

5 . باشقىلارنى ئۆزىدىنمۇ ئەخمەق چاغلايدىغانلار ئەڭ ئەخمەق كىشىلەردۇر . ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا شۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەربىر كىشىنى مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك ، باشقى-لارنىڭ ئاجىزلىقى ، بىخۇدلۇقى ياكى ئېھتىياجىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ھەرقانداق بىر مۇددىئا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ .

6 . ئالەم سانسىز يەككە تەندىن تەركىب تاپقان ، يەككە تەن ئالەمنىڭ بىر قىسمى ، ئوخشاش بىر پۈتۈن تەننىڭ ئىككى قىسمى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك بولمايدۇ ، ھەربىر قىسمىنىڭ بەخت - سائادىتى بىر پۈتۈن تەننىڭ مەنپەئەتىنى تونۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ ، ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا ھەمكارلىق كۈچى پەيدا بولىدۇ .

7 . دىققىتىنى ھەرقانداق بىر باش تېمىغا ئەڭ يۇكسەك دەرى-جىدە يىغىش ؛ ئۆزىنىڭ زېھنىنى خوراتماي ، چەبدەسلىك بىلەن تەشۋىشلىك ئويلارنى يوقىتىش ؛ پايدىسىز نىشان ئۈچۈن ۋاقىت ياكى پۇل سەرپ قىلماسلىق ـــ مانا بۇ ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇلدۇر .

8 . باھاردا ئۇرۇق سېلىنىپ كۈزدە ھوسۇل يىغىلىدۇ ؛ قازان-دا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ . ئىرادىڭىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۈچىڭىزنى تونۇڭ ، تۇرتكىلىك رولى ئىنتايىن زور مۇنۇ شوئاردىن ئۆرنەك ئالسىڭىز بولىدۇ : «قانداق ئادەم بولغۇم كەلسە شۇنداق ئادەم بولالايمەن .»

9 . ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى بىلەن «ئۆزلۈك» خۇسۇسىيىتىڭىزنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى چۈشىنىڭ ؛ قۇربىڭىز يەتسە ، نىشان ۋە مۇددىئايىڭىز ئىجادچانلىققا ئىگە بولسا ، ھەتتا ئالەمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى بىلەن بىردەك بولسا غەلىبە قىلال-

ماسلىقتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولدا ئەڭ ئالدىدا ماڭسىڭىز ھەممەيلەن پەقەت سىزنىڭ سايىڭىزنىلا كۆرىدۇ.

10. قاچان، قەيەردە بولۇڭ ھەر كۈنى «قابىلداق ئادەم بولغۇم كەلسە شۇنداق ئادەم بولالايمەن» دېگەننى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ تاكى بىر خىل ئادەتكە ئايلانغۇچە، ھاياتىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغۇچە داۋاملاشتۇرۇڭ.

11. ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇش، بېلى بوشلۇق قىلماسلىق كېرەك. بىز مەلۇم بىر ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئۇنى تاماملىمىساق ياكى مەلۇم بىر نەرسىنى قارار قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭدا چىڭ تۇرمىساق بىزدە مەغلۇبىيەت ئادىتى شەكىللىنىدۇ ـــ بېلى بوشلۇق قىلىپ، ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولىمىز. ئىش قىلغىڭىز بولمىسا باشلىمايلا قويۇڭ؛ باشلىغان بولسىڭىز جېنىڭىز چىقىپ كەتسىمۇ بىر باشقا ئېلىپ چىقىڭ، ھېچقانداق بىر ئادەم، ھېچقانداق بىر ئىش سىزگە توسقۇنلۇق قىلمىسۇن. تېنىڭىزدىكى «ئۆزلۈك» قارار قىلىپ بولغان ئىش زىممىڭىزگە يۈكلىنىپ بولغان بولىدۇ، شىشخال ئۇرۇقنى تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئۇنى تاماملىسىڭىزلا بولىدۇ.

12. بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ شولىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئەڭ ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىسىڭىز، ئۆزىڭىز تۇتالايدىغان، ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان ئىشتىن باشلىسىڭىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا «ئۆزلۈك»نىڭىز ئاغدۇرۇۋېتىلمەيدۇ، ئەڭ ئاخىر ئۆزىڭىز ئۇستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. شۇنى بىلىش كېرەككى، نۇرغۇن يىگىت ـ قىزلار ئۆزى ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ بىرەر دۆلەت ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشتىنمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئازابلىق رەۋىشتە بايقايدۇ، ئۇششاق ئىشلارغىمۇ چوڭ ئىشلارنىڭ پۇرسىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

13. ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەن ئۆزىڭىز، ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان

www.uyghurkitap.com

قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز «ئىچكى دۇنيا» يىڭىزنىڭ تاشقى دۇنيانى بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى بايقايسىز؛ چېكىنمەي ھۇجۇم قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكۈچە جەڭ قىلىڭ؛ ئادەملەر ۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ھەربىر ئارزۇيىڭىزغا ئىنكاس قايتۇرسۇن. ئەنە شۇ چاغدا مۇۋەپپەقىيەت سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قول سۇنسىڭىزلا ئالغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

14. «چەكسىزلىكتىكى مەن» ئالەمنىڭ روھى ۋە ئېنېرگىيەسىدۇر. كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى «خۇدا» دەپ ئاتىشىدۇ. «ئىچكى دۇنيا» «ئۆزلۈك» نىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدۇ، بۇ «ئۆزلۈك» دەل ئاشۇ «چەكسىزلىكتىكى مەن» نىڭ بىر قىسمىدۇر.

15. ھېربېرت سپېنسېر: «پېنىمدىكى بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ ئىشەندۈرىدىغىنى شۇكى، مەن ئىنچىل رەۋىشتە كۆللى شەيئىلەر ياكى شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن پەيدا بولغان چەكسىز مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە ئىچىدە تۇردۇم» دەيدۇ. بۇ مەلۇم كۆزقاراشنى دەلىللەش ياكى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئېيتىلغان بايان ياكى نەزەرىيە بولماستىن، ئەڭ مۇنەۋۋەر دىنىي ئىدىيەلەر ۋە ئىلىم - پەن چۈشەنچىلىرى تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەن ئەمەلىيەتتۇر.

16. ئىلىم - پەن بىلەن دىنىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىلىم - پەن قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغان ئېنېرگىيەلەرنى بايقايدۇ، لېكىن دىن بۇ ئېنېرگىيەلەرنىڭ كەينىدىكى كۈچنى بايقاپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە مۇقىملاشتۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ يېڭى بايقاش ئەمەس؛ «ئىنجىل» دا دەلىل - ئىسپاتلىق، ئاددىي، قايىل قىلارلىق قىلىپ: «ئەجەبا پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلمەمسىلەر، پەرۋەردىگارنىڭ روھى سىلەرنىڭ كاللاڭلاردا ئەمەسمۇ؟» دېيىلگەن. «ئىچكى دۇنيا» دىكى سىرلىق ئىجادكارلىقنىڭ سىرى مانا مۇشۇ يەردە.

17. ئۆزىڭىزدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا بېرەلمەيسىز، ئېرىشمىگەنىدە بەرگىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىز ئاجىز بولساق باشقىلارغا

ياردەم قىلالمايمىز ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ئۈمىد قىلساق ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشىمىز ، ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز كېرەك .
18 . ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى مەڭگۈ قېزىپ بولغىلى بولمايدۇ ، چەكسىز لىك مەڭگۈ يىمىرىلمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ ، ئەمما بىز چەكسىز ئېنېرگىيەنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەلۋەتتە ۋەيران قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقماسلىقىمىز كېرەك . ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىڭ ، بۇ سىزگە تۈگىمەس نەپ بېرىدۇ .
19 . «قۇربىنىم يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت يولىڭىزغا چېكىت قويماڭ ، غەلىبە قىلىش ھېچنېمىنى نەزەرگە ئىلماسلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ . كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ سىرى مانا مۇشۇ يەردە ، كونترول قىلىشنىڭ كۈچىمۇ مانا مۇشۇ يەردە .
20 . باشقىلارغا كۆپرەك ياردەم قىلىشىمىز كېرەك ، بەرگىنىمىز كۆپ بولسا ، ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ كۆپ بولىدۇ . بىز ئالەمنىڭ ھاياتىي كۈچ يەتكۈزىدىغان ئېرىقى بولۇشىمىز كېرەك . ئالەم ئېنېرگىيەسىنى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىشكە موھتاج بولۇشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ھالەت ئىچىدە ، باشقىلارغا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ھالەت ئىچىدە تۇرىدۇ ، شۇڭا ئۇ دائىم ئۆزىنى ئەڭ راۋان قويۇپ بېرەلەيدىغان ئېرىق ئىزدەيدۇ ، بۇنىڭ بىلەن پايدىلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىپ ، ئىنسانلارغا ئەڭ زور دەرىجىدە ياردەم بېرەلەيدۇ .
21 . نەزەر دائىرە كەڭرەك بولۇشى كېرەك ، ئۆزىڭىزنىڭ پىلانى ياكى كىشىلىك ھايات نىشانىغىلا يېپىشىۋالماڭ ، بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭىزنى تىنچلاندۇرۇپ ، زېھنىڭىزنى ئىچكى دۇنياغا قويۇڭ ، بۇ خىل تونۇش ئىچىگە جىمجىت ئېقىننى ماكانلاشتۇرۇڭ ؛ تۇرلۇك پۇرسەتلەرگە يېقىندىن ئەھمىيەت بېرىپ ، ھەممىگە قادىر ئېنېرگىيەنى تېپىش سىزگە مەنىۋىيەت يولى ئاتا قىلىدۇ .
22 . كۆللى شەيئىلەرنىڭ مېغىزى ئۇنىڭ قانداق كۈچىنىڭ

بارلىقىدا ئەمەس . بەلكى نېمىگە ئىگە بولغانلىقىدا ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە ، مەنىۋىيەت ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت ، چۈنكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممە قىسمى ؛ مەنىۋىيەتتىن ئايرىلغاندا ھاياتلىقمۇ تۈگىشىدۇ ، خارابلىشىدۇ ، قايتا مەۋجۇت بولالمايدۇ . مەنىۋىيەت ھاياتلىقنىڭ جېنى .

23 . مەنىۋى پائالىيەت مېڭە ۋە قەلبتە مۇكەممەللىشىدۇ ، ئىچكى دۇنياغا تەۋە بولىدۇ ، «سەۋەب» دۇنياسىغا تەۋە بولىدۇ ؛ بارلىق مۇھىت ۋە ئەھۋالاتلارنىڭ ھەممىسى ئىچكى دۇنيادا پەيدا بولىدۇ ، ئۇلار «نەتىجە» دۇر . دەل مۇشۇ سەۋەبتىن سىز ئىجاد قىلغۇچى بولىسىز . بۇ ئەڭ مۇھىم مېھنەت بولۇپ ، باشقا ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىمدۇر .

24 . مەنىۋىيەتمۇ جىسمانىيەتكە ئوخشاشلا مېھنەت قىلىدۇ ، چارچاش ھېس قىلىدۇ . ئەگەر مەنىۋىيەتتە چارچاش پەيدا بولسا ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ ــ دە ، ئاڭ قۇدرىتى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ، تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى ئارتقۇرغىلى بولمايدۇ . شۇڭا بىز ھەمىشە مۇۋاپىق پەيت تېپىپ «ئاراملىق» ئىزدەيمىز . «ئاراملىق» بولغاندىلا خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيمىز ، خاتىرجەم بولساق پىكىر قىلالايمىز ، پىكىر قىلىش بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى . كۈچ ـ قۇۋۋەت ئارام ئېلىش ئارقىلىق ئەسلىگە كېلىدۇ ، شۇڭا ، ئۆز مەنىۋىيىتىڭىزنى ئارام ئالدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭ .

25 . پىكىر قىلىش تۇرغۇن بولمايدۇ ، ئۇ بىر خىل ھەرىكەت شەكلى بولۇپ ، مۇھەببەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ، ھاياجان ئۇنى تەۋرىتىدىغان ھاياتىي كۈچنى بېرىدۇ ؛ ئۇنىڭ شەكلى ۋە قويۇپ بېرىلىشى كۆپىيىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ؛ ئۇ ئۆزلۈكنىڭ مەھسۇلى ، شۇنىڭدەك مۇقەددەسلىكنىڭ ، مەنىۋىيەتنىڭ ، ئىجادچان ماھىيەتنىڭ مەھسۇلى .

26 . ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىش ، بايلىق ياكى باشقا ئىجادچان مۇددىئانى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەلبتىكى ھېسسىياتنى غىدىقلاش كېرەك ، ھېسسىيات پىكىرنى شەكىلگە كىرگۈزىدۇ .

27 . سىز بىزنىڭ داۋاملىق ئوخشاش بىر ئىشنى ئويلايدىغانلىقىمىز ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئويلىنىشنىڭ ئىستىخىيەلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىسىگىز ، بىز ئۆپكىمىزنى باسالماي شۇ ئىشنى ئويلاپ كېتىمىز ؛ ھەتتا بىزدە ئىندىيەمىزدىكى ئاكتىپ پوزىتسىيەگە نىسبەتەن ھېچقانداق گۇمان بولمايدۇ . مەنئۇى قۇدرەتنىڭ ئېرىشىدىغىنى جىسمانىي قۇدرەتنىڭ ئېرىشىدىغىنىغا ئوخشاش بولغاچقا ، ئۇنىڭغا مەشىق ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ . بىر ئىشنى ئويلىساق تۇنجى قېتىم ئىنتايىن قىينىلىشىمىز مۇمكىن ، ئىككىنچى قېتىم شۇ مەسىلىنى ئويلىغاندا خېلى ئاسانلىشىپ قالىدۇ ؛ قايتا - قايتا ئويلىنىپ ، پىكىر قىلغان چېغىمىزدا ئۇ بىر خىل مەنئۇى ئادەتكە ئايلىنىدۇ .

28 . ئاڭلىق ھالدا تېز سۈرئەتتە تەلتۆكۈس ئازادە بولالمايدىغان ھەرقانداق ئادەم يەنىلا ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولالمايدۇ . ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشمىگەن بولغاچقا ، تاشقى شارائىتنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . بىراق ، مەن ھازىر سىلەرنى يۇقىرىقى مەشىقلەرنى پىششىق ئىگىلەپ بولدى دەپ قىياس قىلىمەن ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىسەڭلار ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، مەنئۇىيىتىڭلارنى سەل بوشاشتۇرساڭلار بولىدۇ . مەنئۇىيەتنى بوشاشتۇرۇشنى مەشىق قىلىش ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولۇشتۇر .

## قەلبنى تاۋلاش

كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ، ھېچنېمىنى ئويلىماي ، ئۇزۇل - كېسىل بوشىنىپ ، بارلىق جىددىيچىلىكنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ئاندىن نەپرەتلىنىش ، غەزەپلىنىش ، جىددىيچىلىك ، ئىچى تارلىق ، ئازابلىنىش ، ھەسرەت چېكىش ، ئۈمىدسىزلىك . . . ئىشقىلىپ مەنئۇىيىتىڭىزدىكى ھەممە پايدىسىز ئامىللارنى ئۆزىڭىزدىن يىراقلاشتۇرسىڭىز ، چەكسىز ئازادىلىك ھېس قىلىسىز .

نۇرغۇن ئىشلارنىڭ باشلىنىشى قىيىن بولىدۇ ، ناھايىتى ئاز

ساندىكى كىشىلەرلا بىر قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، ۋاز كەچمىسىڭىز، مەيلى شۇ ئىشنى قىلىش ياكى باشقا ئىشلارنى قىلىش بارغانسېرى ياخشى قىلالايسىز؛ شۇنىڭدەك، يەنە قەلبىڭىزدىكى بارلىق پاسسىپ، سەلبىي خىياللارنى چىقىرىۋېتىش، يوقىتىش؛ ئۈزۈل - كېسىل گۇمران قىلىش؛ چۈنكى، بۇنداق خىياللار قەلبىڭىزدە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، سۈپەتلىك بولىدىغان ياكى بولمايدىغان تۈرلۈك ماسلاشماسلىق ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ، ھاياتىڭىزدىكى خۇشاللىقلارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . ئىدىيە دېگەن نېمە؟
ئىدىيە مەنىۋى ئېنېرگىيەدۇر.
2 . ئىدىيە قانداق يۈرۈشىدۇ؟
ئىدىيە رېزونانس قائىدىسى بويىچە يۈرۈشىدۇ.
3 . ئىدىيە ھاياتىي كۈچكە قانداق ئېرىشىدۇ؟
ئۇ مۇھەببەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ھاياجانلىنىش ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ.
4 . ئىدىيە قانداق شەكىللىنىدۇ؟
ئۇنىڭ شەكىللىنىشى كۆپەيتىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.
5 . ئىجادچانلىق ئىقتىدارى قانداق شەرھلىنىدۇ؟
ئىجادچانلىق ئىقتىدارى مەنىۋى پائالىيەتتۇر.
6 . قەيسەرلىك، ئىشەنچ ۋە ھاياجان قانداق ئېچىلىدۇ؟
مەنىۋى ماھىيىتىمىزنى تونۇش ئارقىلىق.
7 . ئىقتىدارنىڭ كېلىش مەنبەسى قەيەر؟
باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى مەنبە قىلىدۇ.
8 . ئىقتىدارنى مەنبەسىنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئىكەنلىكى قانداق شەرھلىنىدۇ؟

بىغىشلىغاندا ئاندىن ئىرىشكىلى بولىدۇ .

9 . ئاراملىق دېگەن نېمە ؟

ئاراملىق تەننىڭ خاتىرجەملىكىدۇر .

10 . خاتىرجەملىكنىڭ قىممىتى قەيەردە ؟

خاتىرجەملىك ئۆزىنى كونترول قىلىش ، ئۆزىگە خوجايىن بولۇشنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر .

## 5 ـ ساۋاق : سەمىمى ئۈمىد ـ ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش ـ مۇقەررەر ئىگىلەش

ئەمدى بىز 5 ـ ساۋاقنى باشلايمىز . ئىدىيەنىڭ پەيدا بولۇشى ئۆينىڭ ھەرىكەت جەريانىدا پەيدا بولىدىغان رولىنى مەنبە قىلىدۇ . ئىنساننىڭ ئىدىيەسى تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت ئېنېرگىيەسىگە ئىگە ، بۈگۈنكى قايناق دۇنيادىكى تۈرلۈك ئويلار ، ئاڭلار ئىلگىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ دەۋر دەل مۇشۇ ئىجادچان ئىدىيە سەۋەبىدىن تەرەققىيات ۋە بايلىققا ئېرىشتى ، شۇنىڭدەك ، ئىدىيە جەھەتتە پەۋقۇلئاددە تۆھپە ياراتقان كىشىلەرگىمۇ دۇنيا ماددىي ۋە مەنىۋى تارتۇقلارنى بەردى .

لېكىن ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىدىيەنىڭ قۇرۇق سېھىرىيلىكىكە تايىنىشىدىن پەيدا بولغان ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭمۇ مۇئەييەن قانۇنىيىتى بار ، ئۇ دەل تەبىئەت قانۇنىيىتىدۇر ؛ ئىدىيە تەبىئىي ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىپ ، تەبىئىي ئىقتىدارغا تۈرتكە بولۇپ ، ئەڭ ئاخىر ئىنساننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىدە نامايان بولىدۇ ، ئىنساننىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىشىدا رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇۋاتقان بۇ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ .

ئادەم ئىجادچان ئىدىيە يارىتالايدۇ ، بۇنداق ئۆزگە خاس ئىجادچانلىق ئادەمنى تولۇپ تاشقان ئېنېرگىيەگە ئىگە قىلىدۇ ، شۇڭا ، ئويلىمىغاننى ھەرگىز قىلغىلى بولمايدۇ .

1 . ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا يوشۇرۇن ئاڭ ئەڭ ئاز بولغاندا 90% نى ئىگىلەيدۇ ، بۇنداق يېتەكچىلىك ئورنىغا سەل



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاراشقا بولمايدۇ. بەزىلەر يوشۇرۇن ئاڭنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتى ۋە تەسىر كۈچىنى بىلمەيدۇ، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھاياتى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

2. بىز تۇرمۇشتا يوشۇرۇن ئاڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا ئۇ بىزگە يۈز بەرگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىپ، كىشىلىك ھاياتىمىزنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئادەم دەم ئالسا بولىدۇ، لېكىن يوشۇرۇن ئاڭ ھەر قاچان خىزمەت قىلىۋاتقان ھالەتتە تۇرىدۇ. ئادەم بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەرىكەتلىنىشكە نىسبەتەن بىز نوقۇل ھالدا قوبۇل قىلغۇچى بولىمىزمۇ ياكى سۇبيېكتىپ ئېنېرگىيەنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىمىزمۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ رولىنى مەھكەم تۇتۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان خېيىم - خەتەرلەردىن ئالدىنئالا ئاگاھ بولۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى ھاياتىمىزنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىمىز ئىچىدە ئاقىمىزمۇ؟

3. ھەممىگە مەلۇمكى، مەنىۋىيەت تېنىمىزنىڭ ھەربىر قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ، ھامان تارتىش كۈچى ۋە تەسىر كۈچىگە ئۇچرايدۇ. تارتىش كۈچى بىلەن تەسىر كۈچىنىڭ مەنبەسى بىز يۈزلەنگەن ھەربىر ئوبيېكت بولۇشى ياكى بىزنىڭ ئۆيىمىزدا شەكىللەنگەن مەلۇم كۆزقاراش، نۇقتىئىنەزەر بولۇشى مۇمكىن.

4. بەدىنىمىزدىكى قان بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەنىۋىيەتتە بىر خىل يىلتىزداشلىق تەبىئىتى بولىدۇ، بۇ ئادەتتە بىز تىلغا ئالىدىغان ئىرسىيەتتۇر. ئۇ بىزدىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بىر خىل ئىنكاس بولۇپ، بىر خىل تىنىمسىز ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىنى نامايان قىلىدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشەنسەك، ئۆزىمىزنى توغرا كۆزىتىپ، كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان ئۇششاق نۇقسانلار ۋە ئاجىزلىقلارنى ئاشكارىلىيالايمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ياخ-

شى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرەلەيمىز.

5. بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېنېرگىيەمىز ئۆزىمىزگە ئىرسىيەت قالغان، ياخشى، توغرا خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىپ جارى قىلدۇرۇشىمىزدا، ناچار، ئاسان ئەيىبلەشكە ئۇچرايدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇشىمىز، تۈزىتىشىمىز، ۋاز كېچىشىمىزدە نامايان بولىدۇ.

6. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ئۆي خاراكتېرلىك مەنىۋىيىتىمىز ئاددىي ھالدىكى ئىرسىيەت بولماستىن، بىز تۇرۇۋاتقان ئائىلە، كەسىپ ھەم ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ رول جەريانىدا، يەنە سان - ساناقسىز كىشىلەر ھەم ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى، ئىدىيەسى بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، نۇرغۇن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق تەجرىبىلەر تەپەككۇرىمىزنى قوزغايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا بىزنىڭ بەزى سۇبيېكتىپ خاراكتېرلىك پىكىرلىرىمىزمۇ، تاللاش خاراكتېرلىك مۇئامىلىمىزمۇ بار. لېكىن، بىز بارلىق جەريانلارغا ئاشكارا يۈزلەنگەن ۋاقتىمىزدا يەنىمۇ بەكرەك تەكشۈرمىگىلى ياكى ئويلانمىغىلى تاس - تاس قالىمىز.

7. ئەلمىساقتىن بۇيانقى بىز ئىنسانلارنىڭ يارىلىش، يارىتىش شەكلى ۋە مەنبەسى دەل مۇشۇ يەردە: بۇگۈنكى مەن تۈنۈگۈنكى ئۆي - پىكىردىن پۈتكەن، ھالبۇكى بۈگۈنكى ئۆي - پىكىر ئەتىكى ياكى كەلگۈسىدىكى مېنى يارىتىدۇ ۋە يېتەكلەيدۇ. مانا بۇ ئىنسانلاردا ئىسپاتلانغان تارتىش كۈچى پىرىنسىپى. ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلىدىغىنى باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز. بۇ «ئۆز» ئىدىيەمىزنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئارىلىقتا ئاكتىپلىق رولىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاڭسىز ھالدا بۇ پىرىنسىپقا رىئايە قىلىپ، ئۆزىنى يارىتىۋاتقان بولىدۇ.

8. بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن تۇرالغۇ بىنا قىلماقچى بولغاندا ھەمىشە ئىنچىكە پىلانلاپ، ھەربىر ھالقىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىپ،

سۇپەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل تاللاپ ئىشلىتىمىز . بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيەت باغچىسىنى بىنا قىلغاندا ھەممىشە مۇشۇ خىلدىكى ئەستايىدىللىقنى يوقىتىپ قويىمىز . ئىنساننىڭ تارتىدىغان زىيىنى دەل مۇشۇ يەردە . چۈنكى ، مۇھىملىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ . بىزنىڭ مەنىۋىيەت باغچىمىزنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشى ، ئۇنىڭغا تاللاپ ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ قانداق بولۇشى ، كەيپىياتنىڭ قانداق بولۇشى بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئىنچىكە مەسىلە ئالدىدىكى كۆزقاراش ، پوزىتسىيەمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ .

9 . ئەسلىي گەپكە كېلەيلى ، ئۇنداق بولسا مەنىۋىيەت باغچىسىنىڭ ماتېرىيال سۈپىتى دېگەن نېمە؟ ئەمەلىيەتتە ، ئۇ كەچۈرمىشلەر بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا مەركەزلىك ئەكس ئېتىپ ئېرىشىدىغان بىر خىل قايتىلانما ئىنكاستۇر . ئەكس ئېتىدىغان تەسىر ۋەھىمە ، ئازاب ، جىددىيلىشىشكە تولغان بولسا ، قايتىلانما ئىنكاسمۇ تەبىئىي ھالدا سەلبىي ، پاسسىپ ، گۇمانغا تولغان بولىدۇ . بۇ بىز بۈگۈن مەنىۋىيەت بېغىمىزنى بىنا قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ماتېرىيالنىڭ ماھىيەتتە شەك ـ شۈبھىسىز سەلبىي ، چىرىك ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزغا نىسبەتەن ھېچقانداق ياخشى تەسىرى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ، ھاياتلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە كۆمۈلۈپ قالغاندا ، بىزنىڭ بۇنىڭغا تەن بەرمەي پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىپ يۈرەك قېنىمىزنى سەرپ قىلىشىمىز ، پەقەت ئۇنى سەل ئىجادىي تۈسكە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ، خالاس .

10 . ئەكسىچە بولغاندا ، بىز قەتئىيلىك بىلەن ئۈمىدۋار ھالدا ئالغا ئىنتىلىپ ، تەشەببۇسكار ھالدا بارلىق پايدىسىز كۆزقاراشلار بىلەن كۈرەش قىلساق ، تەشەببۇسكار ھالدا ئۇلارنى ئۆزگەرتسەك ياكى ۋاز كەچسەك ، مۇشۇنداق داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا ، بىز قالدۇرغان مەنىۋىيەت ماتېرىياللىرى ئىنتايىن ئېسىل بولىدۇ ،

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئاساس بولغاندا بىز ھەتتا ئۆز ئالدىمىزغا پارتىيىشقا كىرەك-لىك رەڭنى تاللىيالايمىز ، بىنا قىلىنغان مەنىۋىيەت باغچىمىزمۇ مەڭگۈ مۇستەھكەم بولۇپ ، بوران - چاپقۇنلاردىمۇ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتمەيدۇ ، بىز زور ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلەنسەك مەنىۋى يېتىممىز ياخشى قونالغۇغا ئىگە بولسا ، يەنە قانداق شۇبھى بولسۇن ، دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا بولىدۇ .

11 . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلەر پسىخولوگىيە نۇقتىسى-دىن ئېيتىلغان ، ھەممىسى قىياسەن ۋە ئەقلىي خۇلاسە يېتەكچىلى-كىدىكى پاكىتلار بولۇپ ، ھېچقانداق سىرلىق تۈس يوق . بۇنىڭ قائىدىسى ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئاددىي ، ئادەم بىر قاراپلا چۈشىنەلەي-دۇ ، يۈرىكىدىن ھېس قىلالايدۇ . بىز مۇشۇ سەۋەبتىن مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشقا ئېرىشىمىز : مەنىۋىيەت باغچىسىنى قۇرۇشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلغىلى بولمايدۇ ، كۆڭۈل قويۇپ قىلىش ، ئۆزاققى-چە ئەھمىيەت بېرىش ، ئۇنى قۇياش نۇرى ، ئىللىقلىق ، پاكىز ھاۋا بىلەن بەھرىلەندۈرۈش كېرەك ، بۇ بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىلگىرىلەشلىرىمىزگە نىسبەتەن سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىر كۈچىگە ئىگە .

12 . بىز مەنىۋىيەت باغچىسىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇ-شىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدا سەيلە قىلىپ ، ئېي-شىپ قالغان ماتېرىياللار بىلەن ئۆزىمىزنىڭ غايىسىدىكى جەننەتنى بەرپا قىلالايمىز .

13 . بۇ يەردە بىز بىر گۈزەل ئوخشىتىشنى ئىشلەتمىسەك بولمىدى : بىر پارچە مۇنبەت يەر بولسا ، ئۇ يەردە دېھقانلار تېرىق-چىلىق قىلسا ، سۇپسۇزۇك سۇلار بولسا ، پۇختا ياغاچ ماتېرىياللى-رى بولىدۇ ، ئۇنىڭغا نەزەر سالغاندا پايانسىز تۇيۇلىدۇ . بىر ھەشە-مەتلىك ئىمارەت بولسا ، ئىچىدە كەم كۆرۈلىدىغان ھۆسنخەت ، رەسىملەر بولسا ، نۇرغۇن جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن بولسا ، بو-لۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولسا ، مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بى-

لەن ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويۇپ، بۇ نەرسىلەرنى ئېگىلەپ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى بىكار قويۇپ قويماسلىق بولىدۇ. گۈزەل مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىسراپ قىلىنىشى ئۇنىڭ باغرى تاشلىق بىلەن تاشلىۋېتىلگەنلىكىگە تەڭ.

14. ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيەت تېررىتورىيەسىدە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئۆي ـ جاي مەۋجۇت. سىز ئۆي ـ جاينىڭ خوجايىنى! سىز تارتىنىپ تۇرماي ئۇنى ئېگىلەپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ زور ئېنېرگىيەسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئۇنى كونترول قىلىپ، تەبىئىي ماسلىشىشچان، گۈللەنگەن مەنزىرە ياراتسىڭىز بولىدۇ، بۇ دەل مال ـ مۈلۈك پاسسىپ قەرزى جەدۋىلىدىكى پاكىز مۈلۈك بولۇپ، سىزگە بەخت ـ سائادەت ۋە خاتىرجەملىك بېرىدۇ: سىزنىڭ يوقىتىدىغىنىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىز ۋە ياردەمسىز، تايانچىسىز ھالىتى بولىدۇ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ يۈنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇق ھاسىسىنى قولىڭىزغا ئېلىپ، ھاياتلىق ۋە غۇرۇر ئۈچۈن كۈرەش قىلالايسىز!

15. بۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۈگۈشلۇق ئېگىلەشتە سەممىي ئۈمىد — تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى — مۇقەررەر ئېگىلەشتىن ئىبارەت قەدەمنى بېخىللىق بىلەن بېسىشقا بولمايدۇ. ئۈچ لىنىيەنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى سىز يېتىشكە ئىنتىلىدىغان گۈزەل باغچىدۇر. ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، بۇ ئۈچ قەدەمنى بېسىش سىزگە نىسبەتەن قىيىن ئىش ئەمەس.

16. ئىرسىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى دانىشمەن باشلامچىلار، ئائىلىۋۇق، دارۋىن، ھېكسلى، خېيكىر ۋە باشقا بىيولوگىيە ئالىملىرى گېن قائىدىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانىدا ئوينىغان يېتەكچىلىك ئورنىنى پولاتتەك پاكىتلار بىلەن بەرپا قىلغانىدى. ئىنسانلارنىڭ ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشى ھەم باشقا تۈرلۈك فىزىيولوگىيەلىك ئىقتىدارلىرى — ھەرىكەت قىلىش، ھەزىم قىلىش، قان ئايلىنىش، نېرۋا سىستېمىسى، مۇسكۇلنىڭ كۈچى،

سۆڭەك قۇرۇلمىسى، ھەتتا مەنۋى ئىقتىدارلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئىرسىيىتىنىڭ سەمەرىسىدۇر.

17. ھالبۇكى، يەنە بىر خىل ئىرسىيەت سىرتقا قالدۇرۇلۇپ، ئىلىم - پەن دانالىرىنىڭ تەتقىقات ۋە تەسەۋۋۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، بۇنىڭدىن ئۇلار ئۇمىدسىزلىك ھېس قىلدى، بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئىرسىيەت ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا بەزى ئالىملار پاكىت ۋە نەزەرىيەدە چېكرا بەلگىلەشكە ئامالسىز قالغان بولغاچقا، كىشىلەرگە ئاشكارىلىيالماي قالدى.

18. ئىنسانلارنىڭ ئۆز تېنىدە ئاقمىدىغان بۇنداق چەكسىز ھاياتلىق دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىش ئىشىكى ئىنسانلار سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئېغىزىدۇر. سىز دادىللىق بىلەن بۇ دەرۋازىنى ئاچسىڭىز ناھايىتى ئاسانلا بۇ كۈچ - قۇدرەتكە ئېرىشەلەيدىغان تۇرۇپمۇ يەنە نېمە ئۈچۈن - بۇياققا قاتراپ يۈرىسىز؟

19. سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئىش بار: ئىچكى دۇنيا بارلىق ھاياتلىق ۋە ئىقتىدارنىڭ تۈگىمەس مەنبەسى. سىز تۇرغان مۇھىت، ئۇچراتقان ئادەم ۋە دۇچ كەلگەن ئىشلار ئالدىڭىزدىكى پۇرسەت ۋە ئېھتىياجنى ئاڭقىرىشىڭىزغا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، چىن يۈرىكىڭىزدىن قول سالغاندىلا پۇرسەت، ئېھتىياجغا توغرا يۈزلىنىدىغان كۈچ - قۇدرەت ۋە ئىقتىدارنى تاپالايسىز.

20. بۇنىڭ ئىچىدە ساختا بۇيۇملارمۇ يوق ئەمەس، بۇ بىزنىڭ راست - يالغاننى ئايرىپ، سۇبيېكتىپ ئېنېرگىيەنى قېزىپ، ئەستايىدىل پەرقلەندۈرۈپ، كائىنات روھىنىڭ ئوبرازى ۋە شەكلىگە ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيەت باغچىمىزغا پۇختا ئاساس سېلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

21. بىز مەنىۋىيەت باغچىسىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ سەۋەبلىك قايتا تۇغۇلۇپ، ھەممىگە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىشتىكى جاسارەت ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولۇپ، تېڭىرقاش، ئاجىزلىق، ۋەھىمە، قورقۇنچتىن خالىي بولىمىز. يېڭى ئاڭنىڭ

يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇتۇلۇشى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىزنى چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ، هاياتلىق جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ، كۈلۈمسىرەپ ئالغا مېڭىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

22 . بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئېنېرگىيەسى قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئۇ ئىچىمىزدە تۇغۇلىدۇ، بىز ئالدى بىلەن سۇبيېكتىپ ئېنېرگىيەنى سەرپ قىلساق ئاندىن داۋاملىق ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز، ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. ھەممىگە قادىر ئالەم ئېنېرگىيەسى فورماتسىيەلىك بۆلۈنۈش جەريانىدا، ھەربىرىمىزنىڭ تېنىمىزگە كىرىدۇ، ئېنېرگىيەنىڭ تېنىمىزگە توپلىنىپ چۆكمە بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قويۇۋېتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا يېڭى ئېنېرگىيەگە ئېرىشەلەيمىز. ھاياتلىقنىڭ ئىلگىرىلىشىدىكى ھەربىر قەدەمدە، قانچە كۆپ ئەمەلىي سەۋەب قىلساق شۇنچە كۆپ ئېرىشىمىز. بىز بەدىنىمىزنى تېخىمۇ قاۋۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكى كىشىلەردىنمۇ بەكرەك كۈچ سەرپ قىلىشىمىز ۋە يۈرەك قېنىمىز بىلەن چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك؛ بىز تېخىمۇ كۆپ بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دەسمىي سالغان پۇلىمىزنى سەھنىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا ئېرىشىدىغان پايدىمىز كۆپ بولىدۇ.

23 . مۇشۇنداق تۇرلىگەندە، سودىگەرلەر تاۋار ئارقىلىق پايدا ئالىدۇ؛ شىركەتلەر يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت ئارقىلىق خېرىدارلارنى جەلپ قىلىدۇ؛ ئادۋوكاتلار يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئاقلاش ئارقىلىق خېرىدارىنى قوغدايدۇ. بۇ قائىدە بارلىق كۈرەش كەچۈرمىشلىرىدە مەۋجۇت، مەنىۋى ئېنېرگىيە ساھەسىدە مەۋجۇت — بىز ئۆزىمىز ئىگە بولغان مەنىۋى ئېنېرگىيەنى يەنىمۇ بەكرەك ئىشلەتكەندە ئاندىن باشقا ئېنېرگىيەدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيمىز. بىز مەنىۋىيىتىمىزدىن مەھرۇم بولساق ھېچنېمىمىز بولمايدۇ.

24 . مەنىۋىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى شۇقەدەر زور ئىكەنلى-

كىدىنى ئاڭقىرىپ يەتكەندە ، بارلىق كۈچ - قۇدرەتكە — مەنىۋى ، قەلبىي ، ماددىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولىسىز .

25 . بارلىق بايلىق قەلبىي كۈچ - قۇدرەت بىلەن پۇل ئىت-نىڭ بىر - بىرىگە كۆرسىتىشىدىن تۇپلانغان نەتىجىدۇر . قەلبىي كۈچ - قۇدرەت سېھرىي كۈچكە باي ھاسىغا ئوخشاش سىزگە ئەمە-لىي چۈشەنچىلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇپ ، سىز ئۈچۈن يولغا قويۇشقا بولىدىغان پىلانلارنى تۈزىدۇ ، سىزنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تو-لۇق خۇشال قىلدۇرۇپ ، ئەڭ ئاخىر قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى-ڭىزدىن تولۇق قانائەت ھېس قىلدۇرىدۇر .

## قەلبنى تاۋلاش

ئەمدى سىناپ باقماي بولمىدى : يەنىلا ئەسلىي ئورۇندا تۇ-رۇپ ، ئوخشاش قىياپەتتە چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ، كەيپىياتنى قو-يۇپ بېرىپ ، مېڭىمىزدىن مۇنداق بىر مەنىۋى ئىستەكنى قا-زايلى — زېمىن ، ئىمارەت ، دەرەخ ، دوست . . . ئويلىيالايدىغان بارلىق گۈزەل ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز بولىدۇ . دەسلەپتە روھىڭىز چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ، شۇڭا قۇياش نۇرى ئاستىدىكى بارلىق ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز بولىدۇ ، لېكىن ئۆزىڭىزنىڭ ئۇمىدىنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئىستەككىلا كۆڭۈل بۆلۈشكە باغلى-ۋالماڭ . روھىڭىزنى چۈشۈرمەي ، ھەر كۈنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بۇ ئاددىي تەجرىبىنى قايتا - قايتا ئىشلىسىڭىز ئۆزگىرىشنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىلا بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىز .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا زاپاس ساقلىنىشى زادى قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ؟

90% تىن يۇقىرى يېتەكچىلىك ئورۇندا .

2 . بۇ مۇھىم زاپاس ساقلانما ئادەتتە ئىنسانلار تەرىپىدىن

پايدىلىنىلامدۇ؟
ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا تاشلاپ قويۇلىدۇ.
3. نېمە ئۈچۈن تاشلاپ قويۇلىدۇ؟
بۇنىڭدىكى سەۋەب، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىغا سەل قارايدۇ.
4. ئاشكار ئاڭدا مەۋجۇت بولىدىغان خاھىشچانلىقنى تەكشەپ تېزگىنلەيدىغان بۇيرۇقنىڭ مەنبەسى قەيەر؟
ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبە خاراكتېرلىك ئېڭىنىڭ بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا رول ئوينىشىنىڭ نەتىجىسى، يەنى بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغا ئېرسىيەت.
5. بىز تارتىش كۈچى قانۇنىنى تىلغا ئالدۇق، ئۇ بىز ئىنسانلارغا زادى نېمە ئاتا قىلىدۇ؟
بىزنىڭ «ئۆز» ىمىزنى.
6. «قانداق «ئۆز» نى؟
بىزنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشىمىز ۋە ئېڭىمىز ئۇنىۋېرسال شەكىللەنگەن نەتىجە بولۇپ، ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
7. مەنىۋىيەت باغچىسى قۇرۇشنىڭ ماددىي ماتېرىيالى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا مەۋجۇت بولىدىغان كۆزقاراش، نۇقتىئىنەزەرلەر.
8. ئىچىمىزدىكى بۇ كۈچ - قۇدرەتنى قانداق تونۇيمىز؟
بۇ ئالەمنىڭ ھەممىگە قادىر قۇدرىتى بولۇنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.
9. ئۇ قانداق پەيدا بولىدۇ؟
ھەممە نەرسە قەلبىنى مەنبە قىلىدۇ.
10. بىز ئېنېرگىيەگە قەيەردىن، قانداق ئېرىشىمىز؟
بۇ بىزدىن ئۆزىمىزدە بار ئېنېرگىيەدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 6 ـ ساۋاق: ئېھتىياج ــ كۆزلەش ــ ھەرىكەت قىلىش ــ ئېرىشىش

بۇ ساۋاقتا، سىزگە ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەڭ سىرلىق بىر مېخانىزمنى نامايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ مېخانىزمنىڭ يورۇشۇشى بىلەن ئۆزىڭىزنى يارىتىپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ــ ساغلاملىق، جاسارەت، مۇۋەپپەقىيەت، بايلىق ھەم سىز يېتىشنى ئويلىغان بارلىق قانائەتكە ئىگە بولالايسىز. سىز «ئېھتىياج» دا كۆزلەپ، «كۆزلەش» تە ھەرىكەت قىلىپ، «ھەرىكەت» تە ئېرىشىسىز. بۇ زەنجىرسىمان جەريان بىزنى بۈگۈنگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەربىر ئەتىگە مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ. خۇددى ئالەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا ئوخشاش شەخسنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئايرىلىشقا ئامالسىز قالىدىغىنى دەل بىزنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئىقتىدارىمىزدۇر.

تولىمۇ ئاددىي بىر قائىدە بار، بىز باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىپ، ئەخلاقىي پۇتلىكاشاڭ پەيدا قىلىساق، ئىلگىرىلەش جەريانىمىز راۋان بولمايدۇ. شۇڭا، بىز مۇۋەپپەقىيەتكە نىسبەتەن بىر خىل يۈكسەك ئەخلاق چۈشەنچىسى بولۇشى كېرەكلىكى ــ «نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەڭ زور مەنپەئەتىنى كۆزلەش» نى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

بىز كۆڭلىمىزدىكى نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن غايىمىزدە چىڭ تۇرۇپ، ئارزۇيىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ماسلىشىشچان مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بىر تەرەپلىمە، خاتا كۆزقاراش، چۈشەنچىلەر بىزنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قارشى يۆنىلىشىگە يېتەكلەيدۇ.

بىز قەلبىمىزدىكى ماسلىشىشچانلىقنى ساقلاپ قالالىغاندىلا ئاندىن مەڭگۈلۈك ھەقىقەت بىلەن ماس قەدەمدە ماڭالايمىز. ئەقىل- پاراسەت يەتكۈزۈش — قوبۇل قىلغۇچى بىلەن يەتكۈزگۈچىنىڭ ماس قەدەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىدىيەنىڭ مەنبەسى ئوي، ئوي ئىجادچانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق، ئالەمنىڭ مەشغۇلات شەكلىنى ياراتقىنلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بىز پەقەت ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئىجادچانلىق بىلەن ئۆزىمىز بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچان ياخشى مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئالەم ئۈستىدە ئېزدىنىپ، ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشىمىز، ئۆزىمىز ئۈچۈن قىممىتى بولغان كىشىلىك ھاياتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

1. سىرلىق ئالەم روھى تەگسىز بولۇپ، ئۆزىگە چەكسىز نەتىجىلەر ۋە ئەمەلىيەتچان ئېنېرگىيەلەرنى مۇجەسسەم قىلغاچقا، چەكسىز ئىقتىدار پەيدا قىلالايدۇ.

2. بىز قەلبىنىڭ بىر خىل مەنىۋى پاراسەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇق خاراكتېرىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مەنىۋىيەت فورماتسىيەسى قانداق بولىدۇ؟ بىز يەنە قانداق قىلىپ ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىگە ئېرىشىمىز؟

3. ئېلېكترشۇناسلار توكنىڭ ئۇنۇمىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «توك بىر خىل ھەرىكەتتىكى شەكىل، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكلىگە باغلىق.» بىز ئىگە بولىدىغان يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، مۇزىكا قاتارلىقلار توكنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىگەن ھەرىكەت ئەندىزىسى ئاستىدا ئىنسانلارغا تۇرتكە بولۇشىدىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك ئۇنۇملەردۇر.

4. ئىدىيەنىڭ ئۇنۇمى قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ھاۋا ھەرىكەت قىلىپ شامال پەيدا قىلغاندەك، مەنىۋى ھەرىكەت

ئىدىيەنى شەكىللەندۈرىدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان تەپەككۇر مېخانىزمى ئوخشاش بولمىغان ئىدىيە نەتىجىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

5 . بۇ مەنىۋىيەت ئېنېرگىيەسىنى شەرھىلەپ بېرەلەيدۇ، ئۇ پوتونلەي بىزنىڭ ئۆز تەپەككۇر مېخانىزمىمىزنىڭ نامايان بولۇشىدۇر.

6 . بىز ھەرقانداق بىر باغۇەنچىلىك سايمىنىنى ئىشلەتكەندە، مۇناسىۋەتلىك مېخانىكىلىق پرىنسىپلىرىنى ئادەت خاراكتېرلىك تەكشۈرۈپ مەشغۇلات قىلىمىز، بۇ ماشىنا ھەيدەشتىن بۇرۇن مەشغۇلات قائىدىسىنى ئېنىقلاشتۇرۇۋالغىنىمىزغا ئوخشايدۇ؛ بىراق، ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھاياتلىق مېخانىزمىغا توغرا قاراشنى بىلمەيدۇ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل مېخانىزم ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدۇر.

7 . بۇ خىل مېخانىزم ئاستىدا يارىتىلغان مۆجىزە ھەممە يەرنى قاپلىسا، ئۇنى ئاڭقىرىش بىر خىل مۇقەررەرلىككە ئايلىنىدۇ.

8 . ئالدى بىلەن بىز غايەت زور مەنىۋىيەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ، تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ھەرىكەت قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا چەكسىز ئېنېرگىيەگە ئىگە بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۈمىدىمىزگە ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق پرىنسىپىمىز بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ۋە نىشانىمىزنى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئىشەنچ قورقۇنچاقلىقنى، ئىجادچانلىقنى باي بولۇشنى، ئۇ پەيدا قىلغان مۇستەھكەم كۈچ بىزنىڭ ئۆز نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بىر ئېغىز گەپنىڭ بۇنىڭغا ئىنتايىن زور پايدىسى بار: «سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز قانداق بولسا، سىزنىڭ كۈچىڭىزمۇ مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ.»

9 . تەپەككۇر جەريانى شەخس بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى، چوڭ مېڭە بۇ ئۆزئارا ھەرىكەتنى تاماملايدىغان ئەزا. بۇنىڭدىكى مۆجىزىكار جايىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ: سىز مۇزىكا، ئەدەبىيات، خۇش پۇراق گۈللەردىن مەست بولىسىز، ئىدىيەڭىز ماكان - زامان توساقلىرىدىن ھالقىپ،



www.uyghurkitap.com

قەدىمكى دەۋردىكى، ھازىرقى زاماندىكى تالانت ئىگىلىرى بىلەن ئەركىن دىيالوگلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ؛ سىزنىڭ چوڭ مېڭىڭىز مەلۇم ئالاقىلىشىشكە بولىدىغان كارىدور ئارقىلىق سىزگە بارلىق گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

10. چوڭ مېڭە، شەك - شۈبھىسىزكى بىر خەزىنىگە تەڭ بولۇپ، تەبىئەتتىكى ھەرقانداق بىر گۈزەل ئەخلاق ياكى پرىنسىپ-نى قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ تورەلمە ساقلاش قۇرۇلمىسى ھەر ۋاقىت تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇپ، ئېھتىياج تۇغۇلغان ھەرقانداق چاغدا شەكىللىنىدۇ. سىز بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرسىڭىز، تەبىئەتتىكى ئەڭ سىرلىق پرىنسىپلارنىڭ بىرى بولغان، شۇنداقلا چوقۇم ھېس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەممىنى ئىجاد قىلغۇچى ئاشۇ ئۇلۇغ مېخانىزم بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايسىز.

11. ئەگەر توك يولىنى ئۈزۈپ ئۇلاشتۇرساق، نېرۋا سىستېمى-سىنى ئاككامۇلياتورنىڭ ئېنېرگىيە چىقىرىشىغا ئوخشىتىشقا بولى-دۇ؛ نېرۋا تالالىرى دەل توك ئېقىمىنى يىراقتىكى جايلارغا يەتكۈ-زىدىغان توك سىمىدۇر، بۇ يەردىكى توك ئېقىمى بىزنىڭ قېنىمىز-دا چېپىپ يۈرگەن ھاياجان ۋە ئۈمىدتۇر.

12. ئۇمۇرتقا سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىرىقى بولۇپ، بىر غايەت زور گېنېراتورغا تەڭ، ئۇ چوڭ مېڭە پەيدا قىلىدىغان ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە يەتكۈزىدۇ؛ تومۇرىمىزنىڭ سوقۇشىغا ئەگىشىپ، قان تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقان قان ئېنېرگىيەنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە يېڭىلايدۇ ۋە ئۇرغۇتىدۇ؛ ئەڭ سىرتقى قەۋەتتە بىزنىڭ نازۇك مۇسكۇللىرىمىز مۇكەممەل قاپ ئارقىلىق پۈتكۈل بەدىنىمىزنى قاپلايدۇ. مېخانىك ھەرىكەت مانا مۇشۇ مۇكەممەل قۇرۇلما ئىچىدە بولىدۇ.

13. بىز ئۇنى «مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئىلاھىنىڭ قەسرى» دەپ ئاتىساق بولىدۇ. ھەربىرىمىز بۇ ئۇلۇغ مېخانىزمنى ھېس قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىلاھىي قەسرنى تولۇق ئىگىلەيمىز، ئىگى-لەشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىزنىڭ مېخانىزمغا بولغان تونۇش

ۋە قوللىنىش دەرىجىمىزنىڭ چوڭقۇر - تېيىز بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك .

14 . بىزنىڭ ھەربىر ئويىمىز مېڭە ھۆجەيرىلىرىگە تۈرتكە بولۇش ئېنېرگىيەسىگە ئىگە بولىدۇ . دەسلەپتە مېڭە ھۆجەيرىلىرىدىكى مۇناسىپ ماددىلار بۇ كۆزقاراشنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلمايدۇ ، پەقەت بۇ كۆزقاراش توغرا بولۇپ ، بۇ ماددىلارنى بويسۇندۇرۇشقا مەركەزلەشكەندە ، ئاندىن ئىنكاس قايتۇرۇپ ، پۇخادىن چىققۇچە ئىپادىلىنىدۇ .

15 . قەلبىڭىزدىكى بۇ خىل ئېنېرگىيە بەدەندىكى ھەرقانداق بىر ھۆجەيرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، رول ئويناپ ، بارلىق سەلبىي ئۈنۈملەردىن بىۋاستە ۋاز كەچتۈرىدۇ .

16 . ئىنسان مەنىۋىيەت دۇنياسىنىڭ پىرىنسىپىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چۈشىنىپ ، كونترول قىلىپ ، سودا ھەرىكىتىدە قوللانسا مۆلچەرلىگۈسىز زور قىممەت پەيدا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئىشلارنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئاساسىدا ، ئەڭ ئاخىرقى ئوبيېكتىپ ھۆكۈمنى چىقىرالايدۇ .

17 . بۇ خىل مەنىۋى كۈچنى ئىشلىتىپ ئىچكى دۇنياسىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم شەك - شۈبھىسىزكى ، بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ، ئاسانلىقچە يىقىتىۋېتىلمەيدۇ ، بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىنى گۈزەل ، مۇستەھكەم ، ئىللىق مەنزىرىلەرگە تولدۇرىدۇ .

18 . ئوينى مەركەزلەشتۈرۈش ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىققەت قىلىش مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا لايىقلىنىشتىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن . سىز بىر ئىشقا دىققەت قىلىۋەرگەنسېرى تەسەۋۋۇرىڭىز ئۇنىڭدىن شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ . شۇڭا ، مۇۋەپپەقىيەتنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئوينى مەركەزلىك يېتىلدۈرۈش ئۇنىڭغا ئەڭ زۆرۈر دەرس ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەختكە ئېرىشىش سەپىرىدە ھازىر-



www.uyghurkitap.com

لاشقا تېگىشلىك شەرتلىرىنىڭ بىرىدۇر .
19 . بۇنى لوپا ئەينەككە ئوخشىتىشقا بولىدۇ ، ھەممىمىزگە ئايان ، لوپا ئەينەك قۇياش نۇرىنى يىغالايدۇ ، بىراق ، ئەگەر لوپا ئەينەكنى ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلاتساق ، نۇر دەستىسىمۇ ئۇزلۇك-سىز يۆتكىلىدۇ ، بۇ چاغدا لوپا ئەينەكتە ھېچقانداق ئېنېرگىيە بولمايدۇ ، ئۇ جىمجىت تۇرۇپ ، نۇرنى بىر نۇقتىغا يىغىدۇ ، بىر پەستىن كېيىن مۆجىزىلىك ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ .
20 . ئىدىيە ئېنېرگىيەسى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوخشاش بىر نەتىجىگە ئېرىشىدۇ : سىزنىڭ پىكرىڭىز چېچىلاڭغۇ ، تارقاق بولسا ، ئېنېرگىيەنى يىغقىلى بولمىسا ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىشمۇ تەسكە چۈشىدۇ ؛ سىز پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن دىققەت قىلىپ ، بىرلا نىشاندا بوشاشماي چىڭ تۇرسىڭىز ، پۇرسەت مۇۋاپىق بولسىلا ، مۇۋەپپەقىيەتتىڭىزگە ئازلا كۈن قالغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ .
21 . بۇ يەرگە كەلگەندە ، مۇۋەپپەقىيەت ئەسلىدە مانا مۇشۇن-داق ئاددىي ئىكەنغۇ ، پەقەت مەنىۋىيىتىمىزنى مەركەزلەشتۇرسەكلا بولىدىكەنغۇ ، دېگەن يېنىكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغا كۆزقاراش پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . شەكسىزكى ، بۇ مۇقىم نىشاننىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارىغانلىقتۇر . ئويىڭىز خالىغانچە بىر ئىشقا مەركەزلەشتۇرۇلسە ، چوقۇم قىلىشىڭىز تەسكە چۈشۈپ ، دىققىتى-ڭىز تىنىمسىز چېچىلىپ ، ئۈزلۈكسىز دەسلەپكى نىشانغا قايتى-سىز ، ھەربىر قېتىمقىسى ئالدىنقىسىدىن ۋاز كېچىش بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز ، چۈنكى بۇ ئىختىيارىي نىشان سىزنىڭ پۈتۈن دىققىتىڭىزنى تۈپتىن جەلپ قىلالمايدۇ .
22 . توغرا ، ئوينى مەركەزلەشتۇرۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بېرىلىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەش يولىمىزدا دۈچ كەلگەن تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىمىز ، لې-كىن ، بۇنداق مۆجىزىلىك قۇدرەتكە ئېرىشىش پەقەت بىر خىل ئەمەلىيەت جەريانى بولۇپ ، ئۇ دەل ماھارەتنى تاۋلاشتۇر . ھەرقان-

داق ئىش بۇ بىردىنبىر يولدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ .
23 . چوڭ كارخانىچىلار ، زەردارلارغا ئوخشاش ھەممىشە ئاۋام-
نىڭ غوۋغالىرىدىن ئايرىلىپ ، زاھىتلارچە ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش
كەچۈرۈش دەل مۇشۇ ئاددىيلىق ، ساپلىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلىش
ۋە پىلان تۈزۈش ، شۇنداقلا ئۆزىنى خاتىرجەم كەيپىياتقا ئىگە
قىلىش ئۈچۈندۇر .
24 . نۇرغۇن سودا دانىشمەنلىرى بۇ جەھەتتە بىزگە ئۈلگە
بولدى ، بىز ئۇلارغا ئوخشاش تولىمۇ تالانتلىق بولمىساقمۇ ، ئۇلار-
نىڭ تەپەككۇر شەكلىگە ئەگەشسەك ، ئىشىنىمەنكى ، مەلۇم بىر
جەھەتتە چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز .
25 . پۇرسەت تەييارلىقى بار ئادەمگە مەنسۇپ ، بۇ ھەرگىزمۇ
يالغان سۆز ئەمەس . شۇڭا ، بىز ئۆزىمىزگە ياخشى بىر قەلب
ئەندىزىسى يارىتىشىمىز كېرەك ، ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييارلىقنى
پۇختا قىلالايدىغان بۇنداق قەلبتە قىممىتى بىباھا ئالتۇندەك پۇر-
سەتلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىنغۇ .
26 . بىز غايەت زور ئالەم روھى بىلەن ماسلىشىشچانلىقنى
ساقلاپ ، كۆللى شەيئىلەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى ئۆگىنىد-
ۋالساق ، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىنى
توغرا ئىگىلىيەلىشىمىز مۇمكىن ، بۇ ، دۇنيانى ئۇنۇملۇك ئۆزگەر-
تىپ ، كىشىلىك ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا ياردەم بېرد-
دۇ .
27 . سىز ئەتراپىمىزدىكى مۇھىت ۋە كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ
مەنىۋى ئىلگىرىلىشىمىز ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ئەگىشىپ ئۆز-
گىرىدىغانلىقىنى بايقىيالايسىز . بىلىش كېرەككى ، بىز تونۇش ئە-
چىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ھەرىكەتتە ھاياجىنىمىزنى ئۇرغۇتۇپ ، كە-
چۈرمىشتە ھەممىنى كۆزىتىمىز . پەقەت قەلبكە ئەگەشكەندىلا كى-
شىلىك ھاياتتىكى ئىلگىرىلەش مەڭگۈ چەكلىنىپ قالمايدۇ .
28 . كىچىككىنە شەخس غايەت زور ئالەم ئېنېرگىيەسىنىڭ
بۆلۈنىدىغان يولىدىنلا ئىبارەت ، ئۇ بىزگە بېرىدىغان ئېنېرگىيە

چەكسىز بولىدۇ ، شۇڭا ، بىز توختاپ قالماي ئالغا ئىلگىرىلىيەلەي-
مىز .

29 . مۇنداق بىر نۇقتىنى ئەستە ساقلاش كېرەك : ئىدىيە مەنىۋى ئېنېرگىيەگە ئېرىشىش جەريانىدۇر . بۇ كىتابتا پۈتۈن كۈچ بىلەن بايان قىلىنغان ئۇسۇل دەل سىزگە ئەمەلگە ئاشۇرۇش-نىڭ بەزىبىر ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى ئۆزلۈكسىز ھېس قىلدۇ-رۇش ۋە ئۆگىتىش بولۇپ ، سىز بۇ نۇقتىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالىسىڭىز ئاندىن ئالەمنىڭ ھەقىقىي خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى-نى تاپالىغان بولىسىز .

30 . كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ئازاب - ئوقۇبەت ، جىسما-نىي جەھەتتىكى كېسەللىك ۋە روھىي جەھەتتىكى مەيۈسلۈكتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ . بۇنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈر-سەك ، ھەمىشە تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ مەلۇم بىر ھەرىكەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولۇپ چىقىدۇ . بۇ خىل خىلاپلىق قىلىش-نى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ چەكلىك بولغان تونۇشىمىز پەيدا قىلىدۇ . بىز ئىلگىرىكى چولتا بىلىملەردىن ۋاز كېچىپ ، ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ئۇچۇر ۋە بىلىشكە ئىگە بولساق ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئازاب-ئوقۇبەتلىك ھالەتمۇ تۈپ يىلتىزىدىن يوقىلىدۇ .

## قەلبنى تاۋلاش

بۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان ئۇسۇللارنى سىناپ بې-قىش تولىمۇ ئاسان : بىر پارچە رەسىمنى ئېلىپ ، ئىلگىرىكى ئورنىڭىزغا قايتىپ ، ئوخشاش قىياپەتتە ئولتۇرۇڭ . قولىڭىزدىكى رەسىمنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ ، رەسىمدىكى ئادەمنىڭ كۆزىدىن چىراي ئىپادىسىگىچە ، ئاندىن چاچ پاسونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كېيىنىش ، ياسىنىشىغىچە قاراپ ، ئۇن مىنۇتقىچە داۋاملاش-تۇرۇڭ . ئاندىن ، رەسىمنى قويۇپ ، كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپ ، كۆڭ-لىڭىزدە بۇ رەسىمنىڭ ھەربىر ھالقىسىنى ئىخچاملاپ سىناپ بې-

قىنىڭ ، ئەگەر رەسىم يۇرىكىڭىزنىڭ چوڭقۇر قىسمىدا نامايان بولسا ، سىزنىڭ سىنىقىڭىز غەلىبە قىلغان بولىدۇ ؛ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا سىز تاكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇنۇمى كۆرۈلگەنگە قەدەر قايتا - قايتا سىناپ بېقىڭ . بۇ ئاددىي قەدەمنى تاماملاش تۇپراقنى بوشاتقانغا تەڭ ، ھەقىقىي ئۇرۇق سېلىش جەريانىنى كېيىن بايان قىلىمىز .

بۇ مەشىق ئاساسلىقى سىزگە قەلبىڭىز كەيپىياتى ، پوزىتسىيەسى ۋە ئېڭىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىتىدۇ .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . ئېلېكتىر كۈچى قايسى ئۇنۇملەرنى يارىتالايدۇ ؟

توكنىڭ ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ نۇر ، ئىسسىقلىق ، ئېنېرگىيە ۋە مۇزىكا پەيدا بولىدۇ .

2 . بۇ ئېنېرگىيەلەرنى پەيدا قىلىدىغان مېخانىزم نېمە ؟

ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ ئىشلىتىلىش مېخانىزمى .

3 . ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن ئالەم روھىنىڭ ئۆزئارا ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى نېمە ؟

بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىمىزدىكى تۈرلۈك كەچۈرمىشلەر .

4 . قانداق قىلغاندا بۇ كەچۈرمىشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ ؟

ئالەمنىڭ فورماتسىيەلىك بۆلۈنۈشتىكى مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ .

5 . ئۇنداقتا ، بۇ مېخانىزم نېمە ؟

ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى .

6 . چوڭ مېڭە كەچۈرمىشلەرنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ ؟

«تەپەككۇر» جەريانى ئارقىلىق چوڭ مېڭە رول ئويناپ ، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ .

7 . ئويىنى مەركەزلەشتۈرۈش ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشنىڭ ئېنېرگىيەسى قانداق بولىدۇ ؟

بۇ ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك

پەزىلەت بولۇپ ، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ نەتىجىگە ئې-
رىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ .
8 . قانداق قىلغاندا بۇ نۇقتىغا يەتكىلى بولىدۇ ؟
بۇ «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» مەشىقىنى قەتئىي ئېلىپ
بېرىشقا ئېھتىياجلىق .
9 . نېمە ئۈچۈن بۇ نۇقتا شۇنچىۋالا مۇھىم بولىدۇ ؟
بۇ بىزگە ئۆز ئىدىيەمىزنى كونترول قىلدۇرىدۇ ، ئىدىيە
سەۋەب ، شارائىت نەتىجە ، ئەگەر بىز سەۋەبنى كونترول قىلالى-
ساق ، تەبىئىي رەۋىشتە نەتىجىنىمۇ كونترول قىلالايمىز .
10 . ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شارائىتتا قانداق قىلىپ ئۆزلۈك-
سىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ؟ ئۇنۇم قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز
توپلىنىدۇ ؟
كىشىلەر ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى ئۆگى-
نىشكە باشلىغاندا .

# 7 ـ ساۋاق : نىشانىڭىزنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇڭ

كەڭ ، بىپايان دۇنيا سان ـ ساناقسىز ئوخشاش بولمىغان شەكىللىك سۇبستانسىيە (ئەمەلىي گەۋدە) ۋە سۇبيېكتىپ شەيئىلەردىن تەشكىل تاپقان ، شەكىللىك سۇبستانسىيە سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق تونۇغىلى بولىدىغان ئوبيېكتىپلار ، ماددىلار قاتارلىق بارلىق كۆرگىلى بولىدىغان شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ، سۇبيېكتىپ شەيئىلەر غەيرىي سۇبستانسىيە بولۇپ ، مەنىۋىيەت قاتلىمىغا مەنسۇپ بولىدۇ ، ئۇلار ئىنتايىن مۇھىمدۇر .

ئادەم شەكىللىك سۇبستانسىيە بىلەن سۇبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ بىرىكمىسى ، ئالدى بىلەن ، ئادەمنىڭ شەكلى شەكىللىك سۇبستانسىيە بولۇپ ، كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولىدۇ . ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ، ئېڭى ۋە مەنىۋىيىتى غەيرىي سۇبستانسىيەدۇر . ئادەمنىڭ شەكىللىك سۇبستانسىيەسى تاللاش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىگە ئىگە بولۇپ ، ئاشكارا ئاڭ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى ئىچىدىن ئەڭ ياخشى لايىھەنى تاللاپ چىقالايدۇ . غەيرىي سۇبستانسىيەدىن ئىبارەت بولغان مەنىۋىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكىرىمىغاچقا ، يوشۇرۇن ئاڭ دەپ ئاتىلىدۇ . مەنىۋىيەت ئادەمنىڭ شەكلىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ ، تاللاش ئېلىپ بارالمىسىمۇ ، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسىدۇر ، ئۇ ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزگۈچى باشلامچىغا ئوخشاش «چەكسىز» بايلىق مەنبەسىنى تەقسىملەش ئارقىلىق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ .

ئىدىيە ، مەنىۋىيەت قاتارلىق يوشۇرۇن ئاڭ ، ئىنسان توختى-

ماي ئېرىشىپ قېزىۋەرسىمۇ تۈگىمەيدىغان خەزىنە بولۇپ، ئۇلۇغ
پەرۋەردىگارنىڭ بىزگە بەرگەن بايلىقىدۇر. يوشۇرۇن ئاڭدىن پايـ
دىلىنىپ چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش ئالتۇن ئاچقۇچ
ئارقىلىق كەلگۈسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشقا ئوخشايدۇ، ئۇ سىزـ
گە ھېسابسىز خىرىس ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

تۆۋەندىكى ساۋاقتا ئىستېئورۇلۇق بىۋاسىتە كۆزىتىش رەۋدـ
شىدە سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەت بايان قىلىنىپ، بۇ خىل ھەممىگە
قادىر ئېنېرگىيەدىن ئاڭلىق پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي تىلـ
غا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مېغىزىنى
سەزگۈرلۈك بىلەن ئىگىلەي دېسىڭىز، زوقلىنىش، چۈشىنىش،
تونۇشۇش تۈيغۇسىدا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك.

1. ئىش قىلىش ئۈچۈن كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك؛
كۆككە تاقاشقان ئىمارەتنىڭ باشلانمىسى قەغەزگە سىزىلغان بىر
پارچە چېرتيوژ بولىدۇ، سىز مەيلى نېمىنى بىنا قىلىڭ ھامان
پىلان ئاساسىدا بىنا قىلىسىز. ئىنژېنېر بىر چوڭقۇر ئېرىقنى
لايىھەلىگەندە ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان قىسىملارغا
كېتىدىغان كۈچنى بەلگىلىۋېلىشى كېرەك. ئارخىتېكتور 30
قەۋەتلىك بىر بىنانى لايىھەلىگەندە ئالدى بىلەن كۆڭلىدە ھەربىر
ئىنچىكە ھالقا ۋە سىزىقلارنى بەلگىلىۋالىدۇ.

2. يوشۇرۇن ئاڭدىن پايدىلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى كۆڭلىدە
بىرەر نىشان تۇرغۇزۇشتۇر، نىشان چوڭ بولسىمۇ، كىچىك بولـ
سىمۇ بولىدۇ، ئەمما سىز چوقۇم ئۆز ئىختىيارلىقىڭىز بىلەن
تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك. جۈملىدىن،
ئالدى بىلەن كۆڭلىڭىزدە بىر مەنىۋىيەت كارتىنىسىنى سىزىشىڭـ
ىز، چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ سىزىشىڭىز، قەتئىي قولىڭىزنىڭ
ئۈچىدا قىلىپ قويماسلىقىڭىز كېرەك، چۈنكى سىز ئۆز مەسئۇلد
يىتىڭىزگە بويۇنتاۋلىق قىلسىڭىز بولمايدۇ.

3. مەنىۋى كارتىنا كونكرېت، ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇـ

شى ، ھەربىر قەلەم ئىزى نەپىس بولۇشى كېرەك . تەنتەرخىنى ئويلىشىپ ئولتۇرماسلىق ، رەسىم لاتىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەسلىك ، رەڭنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن ئەنسىرىمەسلىك ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى چەكلىمىگە ئۇچراتماسلىق كېرەك . چەكسىزلىك ئىچىدىن كۈچ - قۇدرەت ئېلىشىڭىز ، تەسەۋۋۇر ئىچىدە ئۇنى قۇرۇپ چىقىشىڭىز كېرەك . ئىدىيە تېزگىنىنى قويۇۋېتىپ ، ئۇنى ئەركىن چاپتۇرۇپ ، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان غايەت زور بىر كارتىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ؛ ئېسىڭىزدە بولسۇن ، ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچكىم سىزنى چەكلىيەلمەيدۇ .

4 . ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈشنىڭ تۇنجى قەدىمى كارتىنىنى نەپىس ، كەڭرى سىزىپ ياخشى بىر باشلىنىشقا ئىگە قىلىشتۇر . ئاندىن بۇ كارتىنىنى قەلب چوڭقۇرلۇقىغا باشلاپ ، ئارقىدىن يولدا ، قەتئىي تەۋرەنمەستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك . سىز بىر ئۇلۇش جاپا چەكسىڭىز ئۇ سىزگە قاراپ بىر قەدەم يېقىنلايدۇ . ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ ، چۈنكى خىزمەتتە مېھنەت — جاپالىق مېھنەت كەم بولسا بولمايدۇ . بۇ ئىنتايىن مەشھۇر پسىخولوگىيەلىك ھەقىقەت ، بىر تامچا تەر ئاقسا ، بىر ئۇلۇش پايدا كېلىدۇ ، بۇ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت ، ئەمما بۇنداق ئەمەلىيەتنى بىلىپلا قېلىشنىڭ قەلبىڭىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ ، سىز جەزمەن ئۇنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىڭىز كېرەك .

5 . ھەرىكەتلىنىشتىن بۇرۇن چوقۇم نىشانىڭىزنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىشىڭىز ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى بىلىشىڭىز ، ھەرقانداق ئورۇقنى چېچىشتىن بۇرۇن ، كەلگۈسىدە يىغىۋالىدىغان ھوسۇلىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك . كەلگۈسىنىڭ سىز ئۈچۈن نېمىنى تەييارلىغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ . ئەھۋالنى ئېنىق ئويلاشماي تۇرۇپ قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلماڭ ، بۇنداق قىلسىڭىز توغرا رېلىستىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىسىز . ئەگەر

نەگە بېرىش ، قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تىرىشىش كېرەكلىكىنى بىلمىسىگىنىز ، توختاپ ئىنچىكە ئويلىنىڭ ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلـ ماڭ ، چۈنكى ، ئېنىق نىشان ۋە تەپسىلىي پىلان ئىشلارنىڭ يېرىم كاپالىتىدۇر . بۇ چاغدا سىز تىنچ ئولتۇرۇپ ، كېچە- كۈندۈز تەپەككۇر قىلىپ ، قەدەممۇقەدەم يېيىپ ، يۆگىمە رەسىمنى ئاستا - ئاستا ئېنىقلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك . ئالدى بىلەن ئىنتايىن تۇتۇق ئومۇمىي پىلاننى تۈزۈڭ ، بىراق ، شەكىللىنىپ بولغان ، ئومۇمىي كۆرۈنۈشى نامايان بولۇپ بولغان ، داۋاملىق ئىنچىكىلەشتۈرۈلگەن بولسۇن . ئاندىن ئىقتىدارىڭىزنى تاكى سىز ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار يېشىل خەرىتىسىنى ئېنىق بايان قىلالىغۇچە ئاشۇرسىڭىز ، سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىڭىز ئۇنى رېئاللىق ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرىدۇ .

6 . ئىدىيە هەرىكەتنى قوزغىتىدۇ ، هەرىكەت ئۇسۇلنى روياپقا چىقىرىدۇ . «كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش» جانلىق ، ئوبرازـ لىق ئۇسۇل ، شۇنىڭدەك ئۈنۈملۈك ئۇسۇل . ئابستراكت شەيئىلەرـ نى ئوبرازلاشتۇرۇپ ، مېڭىڭىزدە ئۇنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىـ لىپ ، خۇددى كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغاندەك ، ئۇنى كۆرەلىگەندەك هالەتكە ئەكىلىشنى بىز «كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش» دەيـ مىز . بۇ ئۇسۇلنى قوللانسىڭىز بىر مۇكەممەل كارتىنىنى كۆرەـ لەيسىز . ئىنچىكە هالقىلار كۆز ئالدىڭىزغا يېيىلغاندا ، ئۇلارنىڭ هەربىر هالقىسى روشەن كۆرۈنىدۇ .

7 . ئىنساننىڭ ئىدىيەسى كۈچلۈك ئېلاستىكلىقا ئىگە بولۇپ ، سۇبيېكتىپ ئارزۇغا ئاساسەن ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزگىلى بولىـ دۇ . ئەگەر سىز بىر چوڭ ئۆي سېلىشنى ئويلىسىڭىز ، ئالدى بىلەن مېڭىڭىزدە بۇ ئۆينىڭ رەسىمىنى پەيدا قىلىۋېلىشىڭىز كېـ رەك . مەيلى ئېگىز ئىمارەت ياكى سەھرادىكى ئاددىي ئۆي ، مەيلى گۈزەل خان سارىيى ياكى ئەسكى كەپە بولسۇن هەممىسى سىزنىڭ خوجايىنلىقىڭىزدا بولىدۇ . سىزنىڭ ئىدىيەڭىز بىر ئېلاستىك موـ دېل ، سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئۆي ئەڭ ئاخىر بۇ مودېل ئىچىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ .

8 . «بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق مەن تېز سۈرئەتتە بىر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇكەممەللەشتۈرسەم، باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن . مەن مۇشۇنداق قەدەم بىلەن ئالغا باسقان — ئۆزۈم ئويلاپ يېتەلەيدىغان بارلىق ئۆزگەرتىشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھېچقانداق بىپەرۋالىق قىلمىغان — چاغدا ، ئاندىن كاللامدا كونكرېت شەكىل پەيدا قىلدىم . مەن لايىھەلىگەن مەھسۇلات ئەڭ ئاخىر تەسەۋۋۇرۇمدىكىسى بىلەن ئوخشاش چىقتى ، 20 يىلدىن بىرى بىرسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ باقمىدى .» مانا بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتچىلارنىڭ بىرى نىكولاي تېپسى بىر ئۆمۈر چوقۇنغان ھېكمەتلىك سۆزدۇر . نىكولاي تېپسى سىرلىق تالانتقا ئىگە بولۇپ ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى . ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇن دائىم شۇ كەشپىياتنى مېڭىسىدە كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇۋالاتتى . ئۇ ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇرىدا ئاستا - ئاستا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ، ئۇنى بىر مەنىۋىيەت كارتىنىسىغا ئايلاندۇرۇپ ، ئاندىن مېڭىدە قايتا تەشكىللەپ ، ئۆزگەرتەتتى ، ئالدىراپ - سالدىراپ شەكىل جەھەتتە ئۇلارنى كونكرېتلاشتۇرۇۋالمايتتى ، ئاندىن ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆزگەرتەتتى .

9 . فورماتسىيە ئىدىيەنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ، بۇ بىر قانۇنىيەت . سىز مۇشۇ بويىچە ئالغا مېڭىپ ، پىكرىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرسىڭىز ، بۇ پىكىر دەل مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ، كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئۆزىڭىزگە بولغان قەتئىي ئىشەنچنى پەيدا قىلىپ ، سىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ھازىرلىنىپ بولغانلىقىڭىزغا ئىشەندۈرىدۇ؛ سىز پىكىرنى مەركەزلەشتۈرۈش كۈچىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرسىڭىز ، ئۇ سىزنى بارلىق چېچىلاڭغۇ ئويلاردىن مۇستەسنا قىلىپ ، ئىدىيەڭىزنى نىشان بىلەن باغلانغان بارلىق ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرىدۇ . ئەگەر سىز مانا مۇشۇنداق ئادەم بولسىڭىز ، قانداق قىلغاندا پەۋقۇلئاددە ئىدىيەگە ئىگە ئادەم بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم بولسىڭىز ، يۈكسەك ئىززەتكە ۋە

ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى كۆزقاراش داھىيسىغا ئايلىنىسىز .

10 . قىممەتلىك مەھسۇلات يارىتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ماتېرىيال بولۇشى كېرەك ، ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ . شۇڭا ، سۈپىتى ياخشى ئەسەرنى يارىتىشتا ، ئالدى بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتۇر . ھۈنەر ـ سەنئەتنى پۇختا ئىگىلىگەن تەقدىردىمۇ سىپتا رەختنى توقۇغىلى بولۇشى تاناينغۇ ، دېمەك ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ماتېرىيال سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئىشلارنىڭ غەلىبىلىك بولۇشى ياكى مەغلۇبىيەتلىك بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ .

11 . مەۋجۇت بولۇش ، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن تۆرلۈك فورماتسىيەلىك ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كېرەكلىك ماددىلارنى توپلايدۇ ، بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق شەكىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ ، مۇشۇنداق شەكىلنى قوللىنىدۇ . ئېھتىياجلىق ماتېرىيالغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى ئۆزىنى ئەڭ مۇكەممەل تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ماتېرىياللارنى توپلاشتۇر . ئەمەلىيەتتە سىزگە نىسبەتەن بۇ ئىش تەس ئەمەس ، چۈنكى سىز بەش مىليوندىن ئارتۇق مەنىۋى قۇرۇلۇش ئىشچىسىغا ئىگە ، ئۇلارنىڭ ئىسمى مېڭە ھۈجەيرىسى دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇلار ھەرقاچان يولىيورۇق كۈتۈپ ، ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن ئىستىھكامغا بۆسۈپ كىرىدۇ . بۇ ھۈجەيرىلەر توختىماستىن تەننى يارىتىدۇ ۋە قايتىدىن يارىتىدۇ ، بۇنىڭدىن سىرت ، ئۇلار يەنە بىر خىل مەنىۋى پائالىيەت ئارقىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى ئەتراپىغا توپلايدۇ . سىز ئىنتايىن باي خوجايىن ، چۈنكى ، تېنىڭىزدە نەچچە مىليون مەنىۋى قۇرۇلۇش ئىشچىسى بار ، ھەربىرى يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئۈچۈر ياكى پىكىر قوبۇل قىلىشتا رول ئويناپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ، سىزنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئاقىلانە قارار ، ھۆكۈم چىقىرىشىڭىزغا

www.uyghurkitap.com

ياردەم بېرىدۇ .

12 . كۆپ ساندىكى كىشىلەر يېڭىلىق يارىتىشنى يالغۇز كۆرۈپ ، تەكرارلىقتىن بىزار بولىدۇ ، ئەمەلىيەتتە تەكرارلاش ئىنتايىن مۇھىم . مېڭىدە مەنئۇيەت كارتىنىسىنى ئۈزلۈكسىز تەكرارلاپ تۇرغاندىلا ئاندىن ئۇنى روشەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ . تەكرارلىق كۈچسىز بولمايدۇ ، ھەربىر قېتىملىق تەكرارلاش جەريانى ئوبرازلارنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك جانلىق ، ئىستېرېئولۇق بولۇش جەريانى ، ئوبرازلارنىڭ ئېنىقلىق ، توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى نامايەندىسىدىنمۇ دەل بولۇش جەريانىدۇر . تەپەككۇر ئىقتىدارىڭىز چەكسىز بولىدۇ ، بۇ ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىزنىڭمۇ چەكسىز بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ ، سىزنى ئۆزىڭىز ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بارلىق تاشقى مۇھىتنى يارىتىشقا ئۈندەيدۇ . سىز ئىچكى دۇنيادا ، قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇنى تۇتۇۋېلىشىڭىز ، ئۇ تاكى تاشقى دۇنيادا ئۆز ئوبرازىنى نامايان قىلغانغا قەدەر شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك .

13 . بەزىلەر ھەمىشە ئۆزىنى ئىنتايىن ئاجىز چاغلاپ ، «تاشقى دۇنيا» دىن كۈچ ۋە ئىقتىدار ئىزدەش ئىستىكىدە قەلبىنىڭ سىرتىدىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن كۈچ - قۇدرەت ئىزدەيدۇ ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن بىمەنىلىك . ئەمەلىيەتتە ، ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ئادەمنىڭ قەلبىدە بولىدۇ ، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ئىگە بولغان بۇنداق غايەت زور كۈچ - قۇدرەتنى ، بۇنداق تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىقتىدارنى ھېس قىلمايدۇ . كۆڭلىنىڭ بىرىدە بۇ خىل كۈچ - قۇدرەت ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىدا نامايان بولغاندا ، ھەيرانلىقتىن يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ كەتكەندە ئاندىن ئۇلار مۇنداق ھېس - تۇيغۇغا كېلىدۇ : «ئەسلىدە مەن شۇقەدەر قۇدرەتلىك ئىكەنمەنغۇ !»

14 . مەڭگۈ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىق بىزگە يېشىل خەرىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇپلا قالماي ، ئىچكى دۇنيايىمىزنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ ، تاشقى دۇنيانىڭ تەبىئىتى ئىچكى

دۇنيايىڭىز ئىگە بولغان ھالەتتە ئىپادىلىنىپ نامايان بولىدۇ . بىر ئاق رەختنىڭ ئۈستىدە كىچىككىنە قارا چېكىت بولسا ، نەزىرىڭىزنى بۇ قارا چېكىتكە مەركەزلەشتۈرسىڭىز ، بۇ قارا چېكىت چەكسىز زورىيىپ ، ئەڭ ئاخىر سىزنىڭ كۆرۈش سېزىقىڭىزنى توسۇۋېلىپ ، ئاق رەخت سۈيىيكت بولسىمۇ ، سىزنى ئاق رەختنى كۆرگىلى قويمايدۇ . بۇنداق ئۇسۇل ئېلىپ كېلىدىغان نەتىجە مۇنداق بولىدۇ : سىز بىر قارا چېكىت سەۋەبلىك بىر پۈتۈن ئاق رەختتىن مەھرۇم بولىسىز .

15 . سەمىمىي ئۈمىد ئۆزىگە ئىشەنچ ئېلىپ كېلىشنى كۆزلىگەن بولىدۇ ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇستەھكەم ئىنتىلىش سەۋەبلىك تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچىيىدۇ . ئارزۇ - ئىستەك ، ئىشەنچ ۋە ئىنتىلىش مۇۋەپپەقىيەتكە شانۇ - شەۋكەت ئېلىپ كېلىدۇ ، چۈنكى ، قەلبتىكى ئارزۇ - ئىستەك ھېس - تۇيغۇ ، ئۆزىگە ئىشىنىشنى كۆزلەش ئۇسۇلى ، مۇستەھكەم ئىنتىلىش ئىرادىدۇر . تۇيغۇ ئۇسۇلغا ھاياتىي كۈچ بەرسە ، ئىرادە تاكى «ئۇسۇپ يېتىلىش پىرىنسىپى» رېئاللىققا ئايلانغانغا قەدەر مۇستەھكەملىنىدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنازىرىسىز ھەقىقەتتۇر . بىر مەنىۋى كارتىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ، ئۇنى ئېنىق ، مۇكەممەل ، توغرىلاشتۇرۇپ ، پۇختا ئىگىلەپ ، ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن توغرا يېتەكلىگەن ۋاقتىڭىزدا توغرا ئۇسۇل ئارقىلىق توغرا ئىش قىلغىلى بولىدۇ .

16 . ھەممە ئادەم پۇل ، ھوقۇق ، ساغلاملىق ، بايلىققا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ - يۇ ، سەۋەب - نەتىجىنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى ، سەۋەب بولغاندا نەتىجە بولىدىغانلىقى ، دۇنيادا ھەقسىز تاماق بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر چەكسىز ئاكتىپلىق بىلەن ساغلاملىق ، كۈچ ھەم باشقا تاشقى شەرتلەرگە ئىنتىلىسىمۇ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ «تاشقى قىسىم» بىلەن ھەپىلىشىپ قالغانلىقىدا . بۇنىڭ ئەكسىچە ، نەزىرىنى تاشقى دۇنياغا بەك تىكىۋال-

مايدىغان كىشىلەر ھەقىقەت ئىزدەشنى ئويلايدۇ، ئەقىل ـ پاراسەت ئىزدەشنى ئويلايدۇ، ئۇلارغا ئەقىل ـ پاراسەت بېرىلىپ، كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى ئۇلار ئۇچۇن ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ غايە يارىتىشتىكى كۈچىنى تونۇيدۇ، بۇ غايە ئاخىرقى ھېسابتا ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى نەتىجىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشى ۋە نىشانىدا نامايان بولغانلىقىنى بايقاپ، ئەڭ ئاخىرى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان تاشقى مۇھىتنى يارىتىدۇ.

17 . بىز كۆپ ھاللاردا ئەمدىلا چىش چىقىشقا باشلىغان بالىنىڭ ھەمىشە قولى بىلەن بوشاپ قالغان چىشىنى مىدىرلاتقانلىقى، ئاغرىسىز ھالدا تىلىنى ئەمدىلا ئۆسۈۋاتقان يېڭى چىشلىرىغا تەگكۈزگىنىگە ئوخشاش قىلىقلارنى بىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چىش ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئۆسۈپ قالىدۇ. بىز بىرەر ئىش قىلماقچى بولساق، ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولساق، مەيۈسلۈكتىن قۇتۇلۇشقا ئامالىمىز بولمىسا ئىپادىلەيدىغىنىمىزمۇ ئوخشاشلا مەيۈسلۈك، ئەندىشە، ئازابلىنىش بولىدۇ. مانا بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنىۋى دۇنياسىدا قىلىدىغان ئىشلىرىدۇر.

18 . قەيسەر ئىرادىلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تارتىش كۈچى قانۇنى باياشاتچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ؛ دائىم تەشۋىشلىك، قورقۇنچلۇق ئويلاردا بولىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن تارتىش كۈچى قانۇنى نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھەممە نەرسە سىزنىڭ قانداق ئويلىشىڭىز، قانداق قىلىشىڭىزغا باغلىق.

19 . بىز بىر ئېچىۋېتىلگەن قەلبكە ئىگە بولۇپ، ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ، زۆرۈر ۋاقىتتا ھەرىكەتكە كەلتۈرسەك، ئېلگىرىكىدىنمۇ ياخشى خىزمەتلەرنى قىلالايمىز، يېڭى يوللار ئالدىمىزدا ئۈزلۈكسىز نامايان بولىدۇ؛ يېڭى ئىشىكلەر بىز ئۇچۇن ئېچىلىدۇ. ئىدىيە ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسى، ئۇ پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بايلىق چاقىنى ئالغا ئىتتىرىدۇ، تۇرمۇشىمىزدا يولۇققان بارلىق كەچۈرمىشلىرىمىز مۇشۇنىڭغا باغلىق. ئىدىيەنىڭ

قۇدرىتى بىلىمگە ئېرىشىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋاستە . ھېچقانداق نەرسە ئىنساننىڭ چۈشىنىشىدىن ھالقىپ كېتەلمىسىمۇ ، ئىدىيە. نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىش كېرەك .

20 . مەن بۇ ئۆزلۈكتە چەك تۇرامدىم ياكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئېقىمغا ئەگىشەمدىم ؟ ئادەتتە ئۆزلۈك بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكىنى ھېس قىلامدىم ـ يوق ؟ بۇ ھەركۈنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ تۇرىدىغان سوئال ، ھەتتا قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن جاۋاب ئىزدەيسىز . پار ماشىنىسى ، دىنامىك رەخت توقۇش ماشىنىسى ھەم باشقا ھەربىر قېتىملىق تېخنىكىلىق ئىلگى. رىلەش ۋە ياخشىلاش چارىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا ؛ ھەممىسى كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىغان ، بىراق بۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇ. شىمىزغا كىرىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى . مەڭگۈ يېتەكلەن. مەي ، يېتەكچىلىكنى ئۆستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك .

## قەلبنى تاۋلاش

جىمجىت ئولتۇرۇپ ، مېڭىڭىزدە ئۆزىڭىزگە ئەڭ يېقىن كى. شىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ . ئۇنىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى ، كىيىنىش ـ ياسىنىشى ، گەپ ـ سۆز ، ھەرىكىتى ، ئاۋازى ، چىرا. يىدا ئۇنىڭ بىلەن يېقىنقى بىر قېتىملىق كۆرۈشكەندىكى ھالىتىنى ئەسلەڭ . بىزنىڭ بۇ باسقۇچلۇق مەشىقىمىز بىر دوستىڭىزنى كال. لىڭىزدا ئۇنىڭ ئوبرازى ئېنىق نامايان بولغۇچە كۆرۈش سەزگۈسى. گە ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق كۆ. رۈشكەن چېغىڭىزدىكى ھالەتكە ئوخشاش قىلىشتۇر . ئۇنىڭ ئۆيى. گە ، ئائىلە جابدۇقلىرىغا قاراپ ، قىلىشقان پاراڭلارنى ئەسلەپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ، ئىنچىكە كۆزىتىڭ ، ئاندىن مەلۇم بىر ئورتاق قىزىقىدىغان تېمىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلى. شىڭ ، ئۇنىڭ چىراي ئۆزگىرىشلىرىنى كۆزىتىڭ ، ئۇنىڭ كۆلۈم. سىرىشىگە قاراڭ . شۇنداق قىلالامسىز ؟ ياخشى ، سىزدە مەسىلە

www.uyghurkitap.com

يوق ئىكەن؛ ئاندىن ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىتىپ، ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق خەتەرلىك كەچۈرمىشنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان قىزىقىش، خۇشاللىق نۇرلىرىغا قاراڭ. سىز مۇشۇلارنى قىلالامسىز؟ شۇنداق قىلالىسىڭىز تەسەۋۋۇر كۈچىڭىز ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولۇپ، قالتىس ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىۋاتقان بولىسىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

مەنىۋى كارتىنا شەكىللەندۈرۈش جەريانى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇشتۇر.

2. كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش قانداق نەتىجە پەيدا قىلىدۇ؟

قەلبىڭىزدە غايە كارتىنىسىنى پەيدا قىلىپ، ئىشلارنىڭ يولى بويىچە تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىشىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نىشانىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغاندەك ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ.

3. غايىلەشتۈرۈش دېگەن نېمە؟

غايىلەشتۈرۈش ئەڭ ئاخىر ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادا ئىشقا ئاشۇرىدىغان پىلاننى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش جەريانىدۇر.

4. نېمە ئۈچۈن غايىلەشتۈرۈش ياكى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى ياكى توغرىلىق دەرىجىسى ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ؟

چۈنكى، «كۆرۈش سەزگۈسى» «تۇيغۇ» نى يارىتىدۇ، تۇيغۇ بىزنىڭ شارائىتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ. بىرىنچىسى مەنىۋىيەتتە، ئىككىنچىسى كەيپىياتتا، ئۈچىنچىسى ئىشقا ئېشىشتىكى چەكسىز ئىمكانىيەتتە بولىدۇ.

5 . بۇنداق ئىنقلىق دەرىجىسى قانداق ئىشقا ئاشىدۇ ؟
ھەربىر قېتىملىق تەكرارلاش بۇ كارتىنىنى ئاۋۋالقىسىدىنمۇ ئېنىق ، توغرا قىلىدۇ .
6 . مەنىۋى كارتىنا قۇرۇشنىڭ خام ماتېرىيالى قانداق قولغا كېلىدۇ ؟
بۇنى سانسىز مېڭە ھۇجەيرىلىرى تاماملايدۇ .
7 . قانداق قىلغاندا غايىنى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادا ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈرلۈك زۆرۈر شەرتلىرىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ؟
بۇ تارتىش كۈچى قانۇنى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ . بارلىق كەچۈرمىش ياكى كەچمىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى تارتىش كۈچى قانۇنىغا ئاساسلىنىدۇ .
8 . بۇ قانۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ باسقۇچلىرى قايسىلار ؟
سەمىمىي ئۈمىد ، ئۆزىگە ئىشىنىپ كۆزلەش ، ئىجرا قىلىنىشقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچى بولىدۇ .
9 . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە ؟
ئۇلار دىققىتىنى زىيان ، كېسەللىك ۋە بالايىئاپەت ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ، تارتىش كۈچى قانۇنىنى يۇرۇشتۇرمەيدۇ ؛ ئۇلار نېمىدىن قورقسا شۇ نەرسە ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرىدۇ .
10 . قانداق قىلغاندا توغرا تاللىغىلى بولىدۇ ؟
تۇرمۇشتا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان غايىگە دىققەت قىلىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 8 ـ ساۋاق :  ماسلىششچان ئىدىيە گۈزەل نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ

تۇرمۇش قارىماققا مۇرەككەپ، رەڭدار، ئۆزگىرىشچاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قانۇنىيەتلىك بولۇپ، تۇرلۇك تاسادىپىيلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بىر خىل نىسپىي مۇقىم ھالەتتە بولىدۇ. بۇ خىل مۇقىم ھالەت بىزنىڭ پۇرسىتىمىز، مۇشۇ قائىدىگە بويسۇنساق ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىگە توغرا ئېرىشەلەيمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر مەزمۇنلىرىنى ئەركىن تاللىساق بولىدۇ، لېكىن، ئۇسۇلىمىزنىڭ نەتىجىسى ھامان بىر قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ. ئەگەر بۇ قانۇنىيەت بولمىسا ئالەم تەرتىپسىزلىنىپ، بىر پارچە بىمەنە بوشلۇقتا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز مانا مۇشۇ قانۇنىيەت بىلەن ئالەمنى ئۆزگەرتىپ ماسلىششچان، شاد ـ خۇرام قىلىمىز.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ھەرىكەتلەندۇرگۇچ كۈچى، ئىدىيە ماسلىششچان بولۇپ، قۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى تولىمۇ گۈزەل بولىدۇ؛ ئىدىيە چىرىك، چۇۋالچاق بولسا نەتىجە چوقۇم بەختسىزلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىدىيە ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مەنبەسى، بەخت ياكى بەختسىزلىككە پۈتۈنلەي ئىدىيە خوجايىنلىق قىلىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت ھەرىكەت نەتىجىسىنى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆزدىن ئىبارەت، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز ياكى خىلاپىق قىلىشىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز كارلىل ۋە ئېمېرسۇننىڭ تۇرمۇشىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز. كارلىل بىر ئۆمۈر ھەرقانداق يامان نەرسىدىن

نەپرەتلەنگەن ، ئۇنىڭ ھاياتىنى مەڭگۈلۈك چىگىشلىكلەرنىڭ خاتىد-
رىسى دېسەكمۇ بولىدۇ . كارلىلغا روشەن سىپىلىشتۇرما ھاسىل
قىلغىنى ئېمىرسوندۇر ، ئۇنىڭ ھاياتى جىمجىت ، ماسلىشىشچان
سىمفونىيەگە ئوخشايدۇ ، ئۇ ھەممە نەرسىنى قىزغىن سۆيىدۇ .
ھەر ئىككىسى تارىختىكى دانىشمەنلەر بولۇپ ، ئوخشاش بىر
غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى
قوللاندى . كارلىل بۈزۈش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىد-
لىپ ، شۇ تۈپەيلى ئۆزىگە تۈگىمەس باش ئاغرىقى تېپىۋالدى .
ئېمىرسون قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىپ ، شۇ
تۈپەيلى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ماسلاشتى .
بۇنىڭدىن بىر نەپرەتلىنىشنىڭ بۈزۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئىد-
كەنلىكى ، ھەرقانداق نەرسىدىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئاقىلانە ئۇسۇل
ئەمەسلىكى ، يەنى «ناچار» قىلمىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ ، بۈزۈش خاراكتېرلىك
ئىدىيەدىن ۋاز كەچمىگەندە ، ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ مۇقەررەر ھالدا
قۇتۇلۇش قىيىن بولغان يامان ئاقىۋەت بولىدۇ .
1 . ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىدىيەلەر ھامان تېخىمۇ ئاسان
بىرىكەلەيدۇ ، چۈنكى بۇ ، ئالەمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپىدۇر .
ئىدىيە شەكىلگە يۆگىلىگەن ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ئاخىرقى
ھېسابتا نامايان بولغان بولىدۇ . بارلىق ھاياتلىق تۈرلىرى ئۆسۈپ
يېتىلىش جەريانىدۇر ، ھەتتا ئۇلار ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا بۇ نىشاد-
نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يۈزلىنىدۇ . بىر خىل ئۇسۇلنى تاپقاندا ،
قۇرۇش خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئادىتىنى بىزگە پايدىسىز ئۇنۇم
ئېلىپ كېلىدىغان تەپەككۇر ئادىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىد-
دۇ ، بۇ نۇقتا بۇرۇلۇش ياساش ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم .
2 . ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىدىيە تۈلپارىنى كۆك قەرىدە
چاپتۇرۇش ، ئەركىن قاناتلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئال-
غان بولىدۇ ، بىراق ، بارلىق ئۆزۈڭنىغا سوزۇلغان خىياللارنىڭ
ھەممىسى شەخسنىڭ خاراكتېرى ، ساغلاملىقى ۋە تاشقى مۇھىتتا

مۇناسىپ نەتىجىلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ بارلىق كۆزقاراشلار پەيدا قىلغان نەتىجىلەر مۇقەررەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆزگەرمەس قانۇندۇر.

3. مەنىۋىيەتنىڭ شەكلى بولمايدۇ، تۇتقىلى بولمايدۇ، شۇڭا، مەنىۋى ئادەتلەرنى كونترول قىلىش ئىنتايىن قىيىن، ئەمما بۇ ئۇنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ، مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ئۆز كۆزقارىشىڭىزنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىگە قاراپ بېقىپ، ھەرقانداق بىر كۆزقاراشنى تەھلىل قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈڭ. مېڭىڭىزدىكى بۇزۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەلەرنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىڭ.

4. «ئىشىڭىزنى تاقاشنى ئۆگىنىۋېلىپ، سىزگە پايدا كەلتۈرمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىنى قەلبىڭىز، خىزمىتىڭىز، دۇنيايىڭىزغا كىرگۈزمەڭ.» مانا بۇ گېئورگى ماشۇ ئادامىسىنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىر كەلىمە سۆزى، ئۇنىڭدىكى زاكون شۇقەدەر ئاددىي، چۈنكى ھەربىر ئادەم قۇرۇشچان تەپەككۇرغا ياردەم بېرەلەيدىغان بىر خىل كەيپىياتنى يارىتىشى كېرەك. بەزى كۆزقاراشلارنىڭ قىممىتى بولىدۇ، «چەكسىزلىك» بىلەن ماس قەدەمدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، تەرەققىي قىلىپ، مول نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، شۇڭا، ئۇنى ساقلاپ قېلىش، ئاسراش كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ كۆزقارىشىڭىز تەنقىد خاكتېرلىك بولسا ياكى بۇزۇش خاراكتېرلىك بولسا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قالايمىقانچىلىق ۋە ماسلىشىشسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، بۇ كۆزقاراش ئادەمدىكى خەتەرلىك ئۆسمە بولۇپ، يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

5. تەسەۋۋۇر كۈچى ئىدىيەنىڭ قۇرۇش خاراكتېرلىك فورماتسىيەسى بولۇپ، بارلىق قۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەتتە تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يېتەكچىلىكى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى نۇر، بۇ نۇر بىز ئۈچۈن يېڭى بىر ئىدىيە ۋە كەچۈرمىش دۇنياسىنى



www.uyghurkitap.com

يورۇتىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بىر خىل ئېلاستىك ئىقتىدار، ئۇ ئىدراك قىلغان شەيئىلەر يېڭى فورما ۋە چۈشەنچە يارىتىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بىر خىل قۇدرەتلىك قورال، بارلىق ئېكسپېدىتسىيەچى، كەشپىياتچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرىكى زامانلاردىكى تەجرىبىلەردىن يول ئاچىدۇ.

6. كىنو رېژىسسورى مۇنەۋۋەر سېنارىيە تاپالمىسا بىلەت كىرىمى ياخشى بىرەر فىلىمنى سۈرەتكە ئالالمايدۇ، بۇ ئاچقۇچلۇق سېنارىيە تەسەۋۋۇر كۈچىدىن كېلىدۇ. ئەگەر كەلگۈسىنى بىر كىيىمگە تەققاسلىساق، تەسەۋۋۇر كۈچى خام ماتېرىيالنى يىغىشتا رول ئوينىسا، قەلبىنىڭ رولى ماتېرىيالنى كىيىمگە ئايلاندۇرۇش بولىدۇ، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز مانا مۇشۇ غايە ئىچىدىن گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەسەۋۋۇر كۈچىنى يېتىلدۈرۈش غايىنى قوزغىتىشقا ياردەم بېرىدۇ.

7. ھەقىقىي شەيئىلەر ئۇلۇغ ئىدىيەدە يارىلىدۇ، ماددىي دۇنيادىكى شەيئىلەر كۆلالچىنىڭ قولىدىكى لايدۇر، ئىدىيە ئۇنى شەكىلگە كەلتۈرىدۇ، بۇ خىزمەتنىڭ تاماملىنىشى تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ياردىمىنى ئىشقا سېلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بەزى مەشىقلەرنى قىلىش زۆرۈر.

8. تېنىمىزنىڭ مۇسكۇل پەيلىرى تېخىمۇ بەكرەك تاۋلىنىشقا موھتاج، شۇندىلا تېخىمۇ مۇستەھكەم، ساغلام بولىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ كۈچىمۇ تاۋلىنىشقا، ئوزۇقلىنىشقا موھتاج، بولمىسا ئۆسۈپ يېتىلگىلى بولمايدۇ.

9. خام خىيال مەنىۋىيەتنى ئىسراپ قىلىدىغان بەتخەجلىك قىلمىشتۇر، ئۇ مەنىۋىيەتنى كېسەللىككە باشلايدۇ. ئىلىنشىمال تەسەۋۋۇر ۋە فانتازىيە ياكى ئۇلارنى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خام خىيالى قاتارلىقلار بىلەن باغلىۋېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار.

10. بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاڭ جاپالىق ئەمگەك كېتىدىغان قۇرۇش خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇردۇر، بۇ بىر خىل

سىجىللىقى يۇقىرى مەنىۋى ئەمگەك، ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ ئىنتايىن مول بولىدۇ. كارخانا خوجايىنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پۈتكۈل خىزمەت پىلانىنى ئالدىنئالا قىياس قىلمىسا، ئۇ نەچچە يۈز شىركەت، نەچچە مىڭ خىزمەتچى، نەچچە يۈز مىليون يۈەن مۈلكى بار چوڭ گۇرۇھنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ. چۈنكى، ھاياتلىقتىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بار، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان ئادەمگە مەنسۇپ.

11. سىز ئىدىيەنىڭ قۇدرىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوللىنىپ، مەنىۋىيەتتىن ئىبارەت بۇ ھەممىگە قادىر كۈچ بىلەن بىرلەشتۈرسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولدا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باسالايسىز. چۈنكى، مەنىۋىيەت بىردىنبىر ئىجادىيەت پىرىنسىپى، مەنىۋىيەت ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممە يەردە مەۋجۇت.

12. بارلىق ئېنېرگىيە قەلبتە پەيدا بولىدۇ، ھەقىقىي كۈچ-قۇدرەت قەلبتىن كېلىدۇ. شۇڭا، بىز خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان قەلبكە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، خۇددى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئوخشاش بۇ خىل قوبۇل قىلىشچانلىقىمۇ مەشىق قىلىشنى باشتىن كەچۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ، بۇ خىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش، يۈكسەلدۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. ئاندىن، ئۆزىنى بۇ خىل ئىقتىدارنى قوبۇل قىلالايدىغان ئورۇنغا قويىدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئىقتىدار ھەممە يەردە مەۋجۇت.

13. ھەقىقىي رول ئوينايدىغىنى بىزنىڭ قەلبىمىزدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مەنىۋى ھالەتتۇر. ئەگەر بىر كۈننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتى ئاجىزلىق، نەپرەتلىنىش، سەلبىي خىياللارغا غەرق بولۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە، دەرسخانىدا دىققەتنى ئازراقمۇ مەركەزلەشتۈرگىلى بولمايدۇ ياكى بىرەر ياخشى كىتابنى ئوقۇغاندىكى پوزىتسىيە پاسسىپ بولسىمۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان قۇدرەتلىك، ئاكتىپ، ئىجادچان كۆزقاراشقا تايىنىپ



www.uyghurkitap.com

گۈزەل، كۈچلۈك، ماسلىشىشچان هالەتنى پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ. تارتىش كۈچى قانۇنى مۇقەررەر رەۋىشتە سىزنىڭ ئادىتىڭىز، خاراكتېرىڭىز ھەم يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مەنىۋى ھالىتىڭىزگە ئاساسلىنىدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشتىكى ئەھۋال، شارائىت، كەچۈرمىش قاتارلىق تەرەپلەر سىزگە سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ.

14. قەلب ئادەمنىڭ ئىشقا سالالايدىغان بارلىق كۈچ – قۇدرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئىچكى كۈچ – قۇدرىتى سىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكىنىنى كۆرۈشىڭىزنى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىڭىزنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنى ئېڭىڭىزغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىڭىز بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېلىشىڭىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ.

15. ئەلمىساقتىن تارتىپ ساغلام، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئىزچىل ھالدا كىشىلەرنىڭ تىنىمسىز ئىنتىلىشى بولۇپ كەلدى، بىراق، شۇ تاپتا قارىساق ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇزۇن ئۆمۈرگە كۆپ چېنىقىش، ئىلمىي نەپەسلىنىش، ھەر كۈنى يېتەرلىك قايناقسۇ ئىچىشكە تايىنىپلا ئەمەس، ساغلام شەكىلدە ساغلام يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس مەسىلىلەر بولۇپ، بىلىشىك بارلىق خاتالىقلارنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر. ئەمما، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بارلىق «ھاياتلىق» بىلەن بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلالىسا، ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، چەبدەس بولۇپ قالغانلىقى، ھاياتىي كۈچىنىڭ ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ؛ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىقتىدارىنىڭ مەنبەسىنى تاپقانلىقىنى بايقاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ خىسلەتلىك دورىسىنى تاپقاندەك بولىدۇ.

16. بىلىمنىڭ قولغا كېلىشى ئىقتىدارنى ئاشۇرىدۇ، بۇ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئىلگىرىلەشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، كائىناتنىڭ روھىدۇر. بىلىمنىڭ قولغا كېلىشى ۋە ئىسپاتلىنىشى

ئىنېرگىيەنىڭ تەركىبىي قىسمى ، بۇنداق ئىنېرگىيە مەنىۋى ئې-
نېرگىيەدۇر ، بۇنداق مەنىۋى ئىنېرگىيە يارلىق شەيئىلەرنىڭ ياد-
رولۇق ئىنېرگىيەسىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ .

17 . تەپەككۇر ئىنسان ئېڭىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى ئىلد-
گىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ، بىلىم ئىنسان ئىدىيە-
سىنىڭ جەۋھىرى ۋە يۈكسىلىشى . ئەگەر ئىنسانىنىڭ ئىدىيەسى
ئىلگىرىلىمەي توختاپ قالسا ، غايىسى يۈكسىلەلمەي ، ئۇنىڭ ئىق-
تىدارى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلايدۇ ؛ مۇشۇ سەۋەبتىن
ئۇنىڭ چىرايمۇ ئۆزگىرىپ ، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرد-
لەشكە باشلايدۇ .

18 . مۇستەھكەم ئىدىيە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن تەييارلىنىش-
نىڭ زۆرۈر شەرتى . شۇڭا ، مەنىۋىيەت بىلەن ئىنېرگىيەنىڭ كۈ-
چىنى پۈتكۈل تۇرمۇشىنىڭ رەختىگە كەشتىلەپ يۇغۇرۇۋېتەلەيسىز .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، شاد - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپ ، بارلىق ئازاب-
ئوقۇبەتلەردىن خالىي بولالايسىز ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىز ئاكتىپ-
چانلىق بىلەن ئىلگىرىلەش قۇدرىتى بەرپا قىلىپ ، يېنىڭىزدىكد-
لەرنى بايلىق ۋە ماسلىشىشچانلىق ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە تارتىسىز .
ئەگەر سىز ئۆز غايىڭىزگە سادىق بولسىڭىز ، مۇھىت پىلانىڭىزنى
ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماسلاشقان چاغدا ، قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمد-
دىن چىققان چاقىرىقنى ئاڭلايسىز - دە ، غايىڭىزگە بولغان سەمد-
مىيەت دەرىجىڭىز بىلەن ئوك تاناسىپلىق ھاسىل قىلىسىز .

19 . ئىدىيە غايىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال
بولسا ، تەسەۋۋۇر كۈچى غايىنىڭ مەنىۋى خىزمەتخانىسى . قەلب
ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە ئادەملەرنى كونترول قىلىشىدىكى
مەڭگۈلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ؛ ئۇلار قەلب ئارقىلىق مۇۋەپ-
پەقىيەت شوتىسىنى ياسايدۇ ، تەسەۋۋۇر كۈچى دەل بارلىق ئۇلۇغ
شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئانا تەندۇر .

20 . پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۆزلىرى كۆرگەن بارلىق
نەرسىلەرنىڭ نەتىجە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ، شۇنداقلا بۇ نەتىجىلەرنى

شەكىللەندۇرگەن سەۋەبنى بىلىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر پەقەت تاشقى قاتلامنىلا كۆرىدۇ، بۇ ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولىدىغان تەۋرىنىش، خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

21. بىر غايەت زور پاراخوت، يەنى 21 قەۋەتلىك كۆككە تاقاشقان بىنادەك غەلىتە مەخلۇق تىنچ ئوكياندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندا، ئاددىي كۆز بىلەن ھېچقانداق ھاياتلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى، ھەممە نەرسە جىمجىت ئىدى. مۇزتاغقا ئوخشاش، ئۇنىڭ تەگ يېرىمى دېڭىز يۈزىنىڭ ئاستى قىسمىغا چۆكۈپ تۇراتتى.

22. بۇ پاراخوت قارىماققا ئىنتائەتچان، ياۋاش، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىسىمۇ، نەچچە مىڭ قاداق زەمبىرەك ئوقى ئېتىپ، نەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى دۈشمەنلەرنى ئېغىر چىقىمدار قىلالايدۇ. پاراخوتتا تولۇق قوراللانغان سەرخىل قوشۇن بار، پاراخوت گەۋدىسىنىڭ ھەربىر قىسمىنى قابىل، مەشىق ساپاسى يۇقىرى، ماھارىتى پىشىپ يېتىلگەن ئوفىتسېرلار باشقۇرىدۇ، ئۇلار بۇ غايەت زور پاراخوتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق ئىشلىتەلەيدۇ. ئۇ قارىماققا ھەممە شەيئى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتراپتىكى نەچچە ئىنگلىز مىلى دائىرىدىكى ھەربىر ئىشنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇلار بىز كۆزىتىش ئارقىلىق پەيدا قىلىدىغان باغلانما تەسەۋۋۇر ۋە ھۆكۈمدۇر.

23. پولات تاختاينى ئويلاپ باقايلى. قۇيمىچىلىق ماشىنىسازلىقى زاۋۇتىنىڭ نۇرغۇن ئىشچىلىرى كاندىن تۆمۈر رۇدىسىنى قېزىپ، ئۇلارنى يۈك ماشىنىسى ياكى باشقا ماشىنىلاردا توشۇپ، ئاندىن ئېرىتىپ نۇرغۇن پولات تاختايلارنى ياسايدۇ. بۇ پولات تاختايلار كېمە ياساشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز بۇ پاراخوتنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىلىۋالالايمىز.

24. لېكىن، بۇ جەڭ پاراخوتى قانداق قىلىپ ھازىرقى ئورنىغا كېلىپ قالدى، باشتا ئۇ قانداق پەيدا بولغانىدى؟ ئەگەر سىز

ئىنچىكە كۆزەتكۈچى بولسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىنى بىلگىڭىز كېلى-دۇ.

25 . نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق چوڭ پاراخوت ياسىلىدۇ؟ بەلكىم دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پەرمان چۈشۈرگەندۇ؛ ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدە جەڭ پاراخوتى تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، پارلامېنت خامچوت لايىھەسىنى تەستىقلىغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن؛ بەلكىم قار-شى بېلەت تاشلىغانلار، قوللىغانلار ياكى بۇ لايىھەنى ئىنكار قىلىپ نۇتۇق سۆزلىگەنلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئويلاپ باقساق، بارلىق ئىشلاردىنمۇ مۇھىم بولغان بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز، ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر ھېچكىم پولات ئۇستىخانىلىق بۇ غايەت زور مەخلۇقنى سۇدا ھەيدەپ ماڭغاندا چۆ-كۈپ كەتمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى بايقىمىغان بولسا، بۇ جەڭ پاراخوتى ھەرگىزمۇ پەيدا بولمايتتى.

26 . بىز ئىدىيەنى جەڭ پاراخوتىنىڭ شەكلى، تۇتقىلى بولمايدىغان ھالىتىگە قايتۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇ پەقەت ئىنژېنېر-نىڭ مېڭىسىدە مەۋجۇت بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن، ئىدىيە ئوربىتىد-مىز بۇ پاراخوتتىن باشلىنىپ، بىزنىڭ ئۆزىمىزدە تاماملىنىدۇ. ئەڭ ئاخىر بىز ئۆز ئىدىيەمىزنىڭ بۇ مەسىلە ياكى باشقا تېخىمۇ كۆپ مەسىلىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز، مانا بۇلارغا بىز دائىم سەل قارايمىز.

27 . ئىدىيەمىز شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى تولۇق كۆرۈپ يەتسە، ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىغا ئەسلا ئوخشاش بولمايدۇ، كىچىككىنە ئۆز-گىرىشمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، مەنىسىزلىك چەكسىز مەنىلەرگە ئىگە بولىدۇ؛ بىز ئىلگىرى قىلچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارىغان ئىشلار ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم مەۋجۇتلۇققا ئايلىنىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئىدراكى

ئىقتىدارى ۋە سەزگۈرلۈك دەرىجىسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن خالى-
غان بىر بۇيۇمنى ئېلىپ، مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپ، تەپسىلىي
تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ زادى نېمىلىكى، قانداق تەشكىل تاپقانلى-
قىنى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدۇ. بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يۈزەكى
كۆزىتىشكە تايىنىشىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى شەيئىنىڭ تاشقى قىيا-
پىتىدىن ئۆتۈپ، تەھلىل قىلىش پوزىتسىيەسىدە ئىنچىكە كۆزى-
تىش كېرەك. سىناپ بېقىڭ، بۇ ياخشى چارە.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. تەسەۋۋۇر كۈچى قانداق ئىزاھلىنىدۇ؟
تەسەۋۋۇر كۈچى بىزنىڭ ئىدىيە ۋە كەچۈرمىشلەرنىڭ يېڭى
ساھەلىرىنى كۆزىتىدىغان چىرىقىمىزدۇر.
2. تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئىشلەتكەندە قانداق نەتىجە كېلىپ
چىقىدۇ؟
تەسەۋۋۇر ئۇرۇقىنى چاچسىڭىز زور كۆلەملىك كارتىنىغا
ئېرىشىپ، كەلگۈسىگە ئۇل سالالايسىز.
3. تەسەۋۋۇر ئۇرۇقىنى قانداق چاچىمىز؟
تەسەۋۋۇر ئۇرۇقىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مەشىقتىن ئايرىلال-
مايدۇ.
4. تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن خام خىيال قانداق پەرقلەندۈرۈلى-
دۇ؟
تەسەۋۋۇر كۈچى قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەنىڭ بىر تۈرى
بولۇپ، ئۇ قۇرۇش خاراكتېرلىك ھەرىكەتكە ھەمراھ بولۇشى كې-
رەك، خام خىيال مەنىۋى چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ ئىپادىسىدۇر.
5. خاتالىق نېمىدىن پەيدا بولىدۇ؟
خاتالىق بىلمەسلىكنىڭ نەتىجىسى.
6. بىلىم دېگەن نېمە؟
بىلىم ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدۇر.

7 . مۇۋەپپەقىيەت قازانغان زاتلار ئىقتىدارىنى قانداق ئىشقا سېلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ؟

ئۇلار مەقسەتتىن پايدىلىنىدۇ، مەقسەت ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتنى كونترول قىلىپ، ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىڭ پېشىل خەرىتىسىنى تاماملاشقا ياردەم قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

8 . ئالدىنئالا بەلگىلىنىدىغان نەتىجە نېمە؟

غايە. قەلبىتىكى مۇستەھكەم غايە، غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

9 . سەزگۈرلۈك بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆزىتىش قانداق ئۈنۈم پەيدا قىلىدۇ؟

تەسەۋۋۇر كۈچىنى ئېچىپ، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدراك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ ۋە دانالىقنى ئاشۇرىدۇ.

10 . بۇ قانداق نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ؟

بايلىق ۋە ماسلىششچانلىق.

## 9 ـ ساۋاق : ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەيلى

جاھاندىكى ئىشلارنىڭ بىر ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن ، ئا-
دەملەرنىڭ ھەممىسىدە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بولىدۇ ، ئەمما
ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن قەدەمدە بىر توسالغۇغا ئۇچرايدىغان
گەپ . بىز جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆزىمىزگە ماسلاشتۇرالماي-
مىز ، پەقەت ئۆزىمىزنى جەمئىيەتكە لايىقلاشتۇرىمىز ، شۇڭا ، مۇ-
ھىتنى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەنمىز ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆز-
گەرتىشىمىز كېرەك . بىراق ، بۇ بىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزدىن
دېرەك بەرمەيدۇ ، بەلكى جەمئىيەت ۋە مۇھىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-
شىغا بويسۇنغانلىقىمىزدۇر . توسالغۇلارنى ياكى ئۇنداق ، ياكى مۇن-
داق ئۇسۇللار بىلەن يېڭىپ ، شېرىن ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى
بولىدۇ .

جاھاندا تۈرلۈك ئادەملەر بولىدۇ ، بەزىلىرى قورقۇنچاق ،
جۈرئەتسىز ، ئەزمە ، خىجىلچان ۋە ئىچ مىجەز بولسا ، بەزىلىرى
قەيسەر ھەم باتۇر ، ئۇلۇغۋار ئىرادىگە ئىگە ، قىزغىن ۋە ئوچۇق-
يورۇق كېلىدۇ ؛ بەزىلىرى قورقۇنچاق بولغانلىقتىن يېتىپ كەلمە-
گەن خېيىم- خەتەردىن ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ ، تەشۋىش-
لىنىپ بىئارام بولسا ، بەزىلىرى تۇغما رىقابەتچان بولغاچقا ، قە-
يىنچىلىقلار بىلەن بولغان جەڭلەردە غالىب كېلىدۇ . بۇ پەرقلەر-
نىڭ ھەممىسىنى خاراكتېر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

خاراكتېر تۇغما ئەمەس ، بەلكى داۋاملىق تىرىشىشنىڭ نەتى-
جىسىدۇر . داۋالاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ ،
ئىككىلىنىپ ۋە قورقۇنچاقلىق قىلىپ ، ھەر خىل چەكلىمىلەر

www.uyghurkitap.com

بىلەن بوغۇچلىنىپ قالغان خىياللارنىڭ ئورنىغا غەيرەت، ئىقتىدار، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنى دەسسىتىش كېرەك. خۇددى تاڭنىڭ ئېتىشى قاراڭغۇلۇقنى قوغلىۋەتكىنىدەك ئاكتىپ تەسەۋۋۇرمۇ پاسسىپ خىياللارنى بىتچىت قىلىۋېتەلەيدۇ، نەتىجىسىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ. چۈنكى، ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بىر جايدا، ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نەرسە بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. خۇددى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقارغاندەك، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى ئارزۇ — ئۈمىدلىرىمىزمۇ ئىپادىلىنىش شەكلىنى تامامەن تاپالايدۇ.

مۇستەھكەم ئىشەنچنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە پۇختىلاش ۋە كۈچەيتىش، تەكرارلاپ تۇرۇش كۆڭلىمىزدىكى ئارزۇ — ئىستەكلەرنى ۋۇجۇدىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ. ناۋادا مۇھىتىمىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولساق، ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىمىز؟ جاۋاب تولىمۇ ئاددىي: ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتسەكلا، ئۆزىمىزنى ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك ھالەتكە ئەكېلەلەيمىز.

ئۆزگەرتىش ئويى تۇغۇلغىنىكەن، ھەرىكەتلىنىش كېرەك، ھەرىكەت ئىدىيەنىڭ بەرق ئۇرغان گۈلى، كەچۈرمىش ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى. ئىدىيەنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا گۈزەل ئىستەكلەر ئوبرازلىنىپ، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلانغاندا ئاندىن ئۇلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

1. مۇھەببەت، ساغلاملىق ۋە بايلىق ئىنساننىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا ئىپادىلەيدۇ، ئەڭ تولۇق مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەم بۇ دۇنياغا تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھاياتى ئاخىرلاشقىچە بىر ئۆمۈر ھاردىم —

تالدىم دېمەي، مۇشۇ ئۈچ نەرسىنى قوغلىشىدۇ. بۇ، ئىنساننىڭ تۇغما بۇرچى. سالامەتلىك، بايلىق، مۇھەببەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ «بەخت رومكىسى» لىپمۇلىق بولىدۇ، ئۇنىڭغا باشقا نەرسىلەرنى قۇيغىلى بولمايدۇ.

2. ساغلام بەدەن خۇشاللىقنىڭ دەسمايىسى، جىسمانىي جەھەتتە ئازاب تارتقاندا خۇشاللىقتىن قانداق بەھرە ئالغىلى بولسۇن؟

3. بايلىق بولمىسا بولمايدۇ، گەرچە بۇ گەپنىڭ مىشچانلىق تۈسى سەل قويۇق بولۇپ، ئۇنى مەلۇم پىسخىكىدىكى كىشىلەر ئاسانلىقچە ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىسىمۇ، بۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن، باياشاتچىلىق، ھەشەمەت، نام ـ نەسەب قاتارلىقلاردىن بىر قەدەر تولۇق بەھرىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بار شارائىتتا ھېچكىم يوقسۇزلۇقنى تاللىمايدۇ ھەم پىخسىقلىق قىلىپ ئۆزىنى چەكلىمىگە ئۇچراتمايدۇ، چۈنكى، ياخشى نەرسىنى تاللاش ئىنساننىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. ئەگەر سىز «بايلىق» قا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز، ئۇنداقتا ئىچكىڭىزدىكى «ئۆزلۈك» ىڭىز بىلەن ئالەم روھىنى بىرلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك، ئالەم روھى بارلىق بايلىقلارنىڭ مۇجەسسىمىدۇر، ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ، مانا بۇنداق تونۇش، سىزنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىڭىز ۋە سىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلاپ بارىدىغان ئېنېرگىيەدە تەۋرىنىش ھاسىل قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىپ، سىزگە ئۆزىڭىز جاكارلىغان نىشان بىلەن بىردەك بولغان ئىقتىدار ۋە بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

4. مۇھەببەت بىر خىل سىرلىق نەرسە، ئۇنىڭغا ئۆلچەملىك تەبىر بېرىش قىيىن. مۇھەببەت قائىدە ـ مىزانلارغا بويسۇنۇپ كەتمەيدۇ، ئەگەر سىز مۇھەببەتكە موھتاج بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى مۇھەببەت ئاتا قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىڭ، ئاتا قىلغىنىڭىز قانچىكى كۆپ بولسا، ئېرىشىدىغىنىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ، سىزنىڭ ئاتا قىلىشتىكى بىر-

دىنىنىڭ ئۇسۇلىڭىز تاكى مۇھەببەتنىڭ مائىنىتى بولغانغا قەدەر ئۆزىڭىزنى مۇھەببەت بىلەن تويۇندۇرۇشتۇر. مۇھەببەت پۈتۈن دۇنيا ئورتاق ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ، ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. سالامەتلىك ۋە بايلىققا قارىغاندا، مۇھەببەت تېخىمۇ مۇھىم. پەقەت سالامەتلىك ۋە بايلىقلا بولۇپ، مۇھەببەت بولمىسا تۇرمۇش مۇكەممەل بولمايدۇ، بۇنداق بولۇپ قېلىش تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر.

5. كىشىلەر ھەمىشە «ئات ئايلىنىخانغا، يول سارىخانغا» دېگەندەك «تاشقى دۇنيا» دىن بۇ ئۈچ نەرسىنى ئىزدەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلار «ئىچكى دۇنيا» غا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۇلارنى تېپىشنىڭ سىرى تولىمۇ ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ مۇۋاپىق بىر «مېخانىزم» تېپىپ، ئۇنى ھەممىگە قادىر ئالەم كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئالەمدىكى ماددىلار «پۈتكۈل سالامەتلىك»، «پۈتكۈل بايلىق»، «پۈتكۈل مۇھەببەت» كە باراۋەر، بىز بۇ چەكسىزلىك بىلەن باغلاپ ئىشقا سالالايدىغان مېخانىزم دەل بىزنىڭ تەپەككۇر شەكلىمىزدۇر.

6. قەلب روھقا مەنسۇپ بولغانىكەن، ئۇ چوقۇم مۇكەممەل بولىدۇ. ئىدىيە روھنىڭ پائالىيىتى، بىراق روھ ئىجادچانلىققا ئىگە. بۇ نۇقتىنى ياخشى ئەستە ساقلىغاندىلا رېئاللىقتىكى ئىشلار ئىدىيەڭىز بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلىيالايدۇ. شۇڭا، «مەن مۇكەممەل، گۈزەل، قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، قىزغىن سۆيىمەن، ئىناق ھەم بەختلىك» دېگەن خىتابلار مۇتلەق ئىلمىي بايانلاردۇر.

7. ئىنساننىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك، توغرا تەپەككۇر ئەمەلىيەتتە سىرلىق ئالتۇن ئاچقۇچ، يەنى «سىم-سىم ئىشىكنى ئاچ» دەك سىرلىق ئەپسۇندۇر. توغرا تەپەككۇر بىزگە مۇھەببەت، سالامەتلىك ۋە بايلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى

ھېس قىلدۇرۇپ ، بىزنى «غالىبلارنىڭ مۇقەددەس قەسرى» گە باشلاپ كىرىدۇ .

8 . ھەقىقەت بارلىق ئىشلار ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەردىكى يوشۇرۇن مىزان ، شۇنداقلا ھەر قېتىملىق توغرا ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى . ئەگەر ھەقىقەت جاھاندىكى ھەممە ئادەم ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان خەزىنە دېيىلسە ، توغرا ۋە مۇۋاپىق بولغان تەپەككۇر بىزنى ئاشۇ بايلىقنى تېپىشتا زۆرۈر بولغان خەرىتىنى تېپىشقا يېتەكلەيدۇ ، توغرا تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ يول كۆرسەتكۈچ چىراغ بولغاندىلا ، بىز ھەقىقەت يوشۇرۇنغان جاينى تاپالايمىز .

9 . ئۆزىگە ئىشىنىپ ، مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھالدا ھەقىقەتنى بىلىش «چەكسىز» ۋە «ھەممىگە قادىر» كۈچ بىلەن ئورگانىك ماسلاشقانلىق بولۇپ ، ھەقىقىي قانائەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ . شۇڭا ، ھەقىقەتنى بىلگەندىلا ئۆزىمىزنى يېڭىلمەس كۈچ بىلەن باغلىيالايمىز ، بۇنى باشقا ھەرقانداق ئىش بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . گۇمان ، توقۇنۇش ۋە خېيىم ـ خەتەرلەرگە تولغان بۇ دۇنيادا ئۇ بىردىنبىر مۇستەھكەم يەر يۈزىدۇر . چۈنكى ، ھەقىقەت كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ، ئۇ تۇرلۇك ـ تۇمەن خىل شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، بارلىق گۇمان ۋە خاتا چۈشىنىشلەردىن غالىب كېلەلەيدۇ .

10 . بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقەت بىلەن ماس قەدەمدە ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ ، مەيلى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق ئادەم بولسۇن ياكى ئىنتايىن بىلىملىك ، قىلنى قىرىققا يارىدىغان ئادەم بولسۇن ، ئارزۇسى خاتا چۈشىنىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئۈستىگە قويۇلىدىغان بولسا ، خاتا چۈشىنىش جاڭگىلىدا ئېزىپ قالىدۇ ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجە ھېچقانداق بىر ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ؛ ئەكسىچە ، ئەڭ پاراسەتسىز ئادەممۇ بىۋاسىتە سىزىمىگە

www.uyghurkitap.com

تايىنىپ، ھەقىقەت ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ.

11. ھەقىقەت ئالەم روھىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم پىرىنسىپى بولۇپ، ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ، ھەقىقەتكە مۇخالىپ ھەرقانداق ھەرىكەت مەيلى ئەتەي ياكى بىلمەستىن ئېلىپ بېرىلغان بولسۇن، ئاقىۋەتتە قالايمىقانچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى، ھەقىقەت ھەرقانداق ئادەم ۋە ئىشنىڭ ئۆز ھوقۇقىغا خىرىس قىلىشىغا يول قويمايدۇ، شۇنداقلا ئانچىكى ئاسىيلىققىمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

12. قەلبىمىزدىكى «ئۆزلۈك» روھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، بارلىق روھلار بىرلىشىشچان كېلىدۇ؛ ئۇلۇغ روھىي ھەقىقەت بىلەن ھاياتىمىزنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىرلەشتۈرسەك، بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مەخپىيىتىنى تېپىۋالغان بولىمىز. مۇشۇنداق قىلالىساق، ۋۇجۇدىمىزدىكى ھەربىر ھۈجەيرە بىزگە تونۇش ھەقىقەت ساداسىنى ياڭرىتىدۇ. سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز يېتەرسىزلىك بولسا، ئۇلارنىڭ يارىتىدىغىنىمۇ يېتەرسىزلىك بولىدۇ؛ سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز مۇكەممەللىك بولسا، ئۇلارنىڭ يارىتىدىغىنىمۇ مۇكەممەللىك بولىدۇ. سىز يۈرەكلىك ھالدا «مەن مۇكەممەل، گۈزەل، قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، قىزغىن سۆيىمەن، ئىناق ھەم بەختلىك» دەپ خىتاب قىلسىڭىز، بۇ سىزگە ئىناقلىق مۇھىتى ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق خىتاب قىلىش ھەقىقەت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغاچقا، ھەقىقەتنىڭ ئايان بولۇشى بىلەن بارلىق تۆھمەت ۋە قالايمىقانچىلىقلار يوقىلىدۇ.

13. «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار» دېگەندەك، ئادەم ۋە ئىشلار بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر ئادەم ئۇلۇغ ئىدىيە، ئۇلۇغ ئىشلار، ئۇلۇغ تەبىئىي شەيئىلەر، ئۇلۇغ كىشىلەر بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇر-

سا ، ئۇ تەدرىجىي تەسىرلىنىش نەتىجىسىدە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ - دە ، ئىدىيەسىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ .

14 . كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە مۇكەممەللەشكەن مېخانىزم . كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا سۇبيېكتىپ دۇنيا ، يەنى «قەلب دۇنياسى» نىڭ مەھسۇلى .

15 . كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش بىر خىل ئەمەلىي قوللىنىشچان مېخانىزم ، ئۇ بىزنىڭ ئىدىيەمىزگە بىر جۈپ كۆز ئاتا قىلىپ ، ماددىي دۇنيادا ئاشكارىلانمايدىغان روھنى بىۋاسىتە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ، نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىدىيەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۆھپىسىدىندۇر .

16 . بىز بىر قېتىملىق كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش مەشقى قىلىپ كۆرەيلى . مەيلى گۈل ئۇرۇقى ياكى چۆپ ئۇرۇقى بولسۇن ، ئىشقىلىپ بىر تال ئۇرۇقنى تۇپىغا كۆمۈپ قويايلى . ئاندىن ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ ، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلايلى . ئۇنى قۇياش نۇرى بىۋاسىتە چۈشىدىغان يەرگە يۆتكەپ تۇرايلى . شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىپ ، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باشلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز .

17 . سىز كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش مېخانىزمى ئارقىلىق ئاشۇ ھاياتلىق ھۈجەيرىلىرىنى كۆرەلەيسىز ، ئۇلار ئۇزلۇكسىز پارچىلىنىدۇ ، ئۆزۈن ئۆتمەي كۆپىيىپ ، يەنە نەچچە مىليونغا يېتىدۇ . ھەربىر ھۈجەيرە تولىمۇ پاراسەتلىك بولۇپ ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى ، شۇنداقلا كېرەكلىك نەرسىگە قانداق ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇنىڭ يىلتىزى تۇپا ئىچىدە تەرەپ -

تەرەپكە سوزۇلۇشقا باشلايدۇ؛ ئۇنىڭ بىخلىرى يۇقىرى ـ تۆۋەنگە قاراپ يېپىلغىلى تۇرىدۇ؛ ئاندىن يېشىل يوپۇرماق چىقىرىپ، يۇقىرىغا ۋە ئالدىغا قاراپ ئۆسۈشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى شۇنداق مۇكەممەل ۋە تەكشى بولۇپ، يوپۇرمىقى بارا ـ بارا يېتىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىنچىكە غولى ھاسىل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇياتچان كىچىك گۈللەر سىزگە قاراپ تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەشكە باشلايدۇ.

18. سىز كۆرۈشنى خالايدىغان نەرسىنى چوقۇم كۆرەلەيسىز، چۈنكى سىز كۆرۈش سەزگۈسىگە ئىگە. نەزىرىڭىزنى ئېنىق ھەم روشەنلىككە ئىگە قىلالىسىڭىز، شەيئىلەرنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىغا بۆسۈپ كىرەلەيسىز. دىققىتىڭىزنى مەقسەتلىك مەركەزلەشتۈرسىڭىز، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان گۈللەر ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ ـ دە، خۇش پۇراقلارنى ھىدلىيالايسىز. مانا بۇ، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش سىزگە ئاتا قىلغان خۇشبۇي ھىددۇر.

19. سىزنىڭ خىيالىڭىز سالامەتلىك، غايە، بىر تال گۈل ياكى قول تۇتىدىغان بىرەر سودا پىلانىغا ۋە ياكى كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەن بولسا، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش روھىي دۇنيانى ئادەتتىن تاشقىرى چىنلىق بىلەن كۆز ئالدىڭىزدا نامايان قىلىدۇ، سىز زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىۋالىسىز.

20. بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىشەنچنى ئۇزۇنغىچە كۆرگىلى بولىدىغان نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

21. ئىشەنچنىڭ قۇدرىتى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، فىرىدرىخ ئاندىرسون ئەسلىدە ئاجىز، پاكار، تۇرقى غەلىتە، ئاقساق، قولى ۋە تىزىغا تايىنىپلا ئۆمىلىيەلەيدىغان بالا ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ قاۋۇل، تېتىك، ساغلام ئادەم بولۇپ يېتىلگەنلىكى بۇ كۆز قاراشنى تەسىرلىك ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

22 . ـــ ياق ، پۇرسەت قالمىدى ، ئاندىرسون خانىم . مەنمۇ كىچىك ئوغلۇمدىن مۇشۇنداق ئايرىلىپ قالغان ، مەن ئۇنىڭ ئۇ- چۇن قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە كۇچىگەن . مەن بۇ خىل كېسەللىكنى ئالاھىدە تەتقىق قىلغانمەن ، ئۇنىڭ ساقىيىشىدىن ئۇمىد يوق ئىكەن- لىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن .

ـــ دوختۇر ، ئەگەر ئۇ سىزنىڭ بالىڭىز بولغان بولسا قانداق قىلاتتىڭىز ؟

ـــ مەن ئىزچىل توختىماي كۆرەش قىلغان بولاتتىم ، بالىنىڭ تىنىقىنىلا بولىدىكەن ، كۆرەشنى داۋاملاشتۇراتتىم .

فرىدرىخ ئاندىرسوننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىر مەيدان ئۆزۈنغا سوزۇلغان خورىتىش جېڭى ، شۇنداقلا ئىشەنچ بىلەن ئۇ- مىدسىزلىكنىڭ تىركىشىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇمىد بىلەن ئۇمىدسىزلىك ئوتتۇرىسىدا توختىماي تېڭىرقايدۇ . بىراق ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبە قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشەنچكە ئىگە ئادەمگە مەنسۇپ بولىدۇ .

23 . ئىشەنچ ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى بىلەن بارلىق دوخ- تۇرلار داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس ، دەپ قارىغان مېيىپ بالىغا مۆجىزە كەبى ھاياتلىق ئېلىپ كېلىدۇ . بىراق ، ئىشەنچمۇ رىغبەتلەندۇرۇش ، تەسەللى بېرىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج . چۈنكى ، كىشىلەر ئۆزۈن مەزگىللىك ئۇمىدسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ .

24 . ناۋادا سىز «مەن مۇكەممەل ، گۈزەل ، قۇدرەتلىك ، كۈچلۈك ، قىزغىن ، ماسلىشىشچان ھەم بەختلىك» دەيدىغان ئى- شەنچىڭىزنى ساقلاپ ، تۇرلۇك داۋالغۇشلاردا ھەرگىز تەۋرەنمەيمەن دېسىڭىز ، ئۇ ھالدا ھەركۈنى سەھەر ئويغانغاندا دەيدىغان تۇنجى گېپىڭىز ، شۇنداقلا ھەركۈنى كەچ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى دەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى گېپىڭىز «مەن مۇكەممەل ، گۈزەل ، قۇدرەتلىك ،

كۆچلۈك، قىزغىن، ماسلىششچان ھەم بەختلىك» دېيىش بولسۇن. ئۆزىڭىزگە بۇ گەپنى تەكرار دەۋەرسىڭىز، ئۇ چاغدا راستىنلا «مۇكەممەل، گۈزەل، قۇدرەتلىك، كۆچلۈك، قىزغىن، ماسلىششچان ۋە بەختلىك» بولغان مەنزىلگە يېتەلەيسىز.

25 . بىز دائىم تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر ئەينەك دەيمىز. چۈنكى، سىز كۈلسىڭىز ئۇمۇ كۈلىدۇ، سىز يىغلىسىڭىز ئۇمۇ يىغلايدۇ. بىز مۇھەببەت ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ئويلىرىمىز بويىچە ئەجىر قىلساق، شۇنىڭغا يارىشا جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز؛ ئەجرىمىز ۋەھىمە، خاپىلىق، ھەسەت، غەزەپلىنىش، ئۆچمەنلىكتەك ئويلار بىلەن توشقان بولسا، ئۇ چاغدا تۇرمۇشتىن ئېرىشىدىغىنىمىز چوقۇم يامان نەتىجە بولىدۇ.

26 . ئەگەر سىز ئېنىق تاپىنىغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئويىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاكارلاشتىن قورقماڭ، پوزىتسىيەڭىز ۋە ئويىڭىزنى گەۋدىلەندۈرۈش سىزنى نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزنىڭ قولىڭىزغا كېلىپ بولغانلىقىنى بايقايسىز. بىرەر نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى بۇ خىتابنامىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولۇڭ. بۇ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى مۇكەممەل بىر ئېغىز گەپ.

27 . بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقات يەكۈنلىرىگە ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەقەت 11 ئايلىقلا يېشى بولىدىكەن، چۈنكى، ئىنساننىڭ جىسمى ھەر 11 ئايدا بىر قېتىم يېڭىلىنىدىكەن، يەنى 11 ئاي بىر دەۋرلىنىش ۋاقتى ئىكەن. يېتەرسىزلىكنى ۋۇجۇدىمىزغا يىلمۇيىل كىرگۈزۈۋەرسەك، ئۇ ھالدا باشقىلاردىن ئاغرىنماي، سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىسەك بولىدۇ.

28 . ئەگەر بىزنىڭ روھىيىتىمىز ئاجىزلىق، ھەسەتخورلۇق، بۇزغۇنچىلىق، ۋەيران قىلىشلارغا مايىل بولسا، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ تەبىئىي ھالدىلا ئىدىيەمىز بىلەن ماس كەلمەيدىغان

هالەتكە ئۆزگىرىپ ، قەلب ھالىتىمىزنىڭ روشەن سايىسىغا ئايلى-نىپ قالغانلىقىنى بايقايمىز . ئەكسىچە ، روھىيىتىمىزدىكى ئاساس-لىق خاھىش كۈچ - قۇدرەت ، غەيرەت - شىجائەت ، ئەپۇچانلىق ۋە ھېسداشلىق بولسا ، مۇھىتمۇ ئۇنى چوقۇم ئۆز پېتىچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

29 . سەۋەب - نەتىجە مىزانىنى تارتىش كۈچى مىزانى دېيىش-كە بولىدۇ . بۇ مىزاننى بىلىش ۋە ئىشلىتىش ، بارلىق باشلىنىش ۋە ئاقىۋەتلەرنى بەلگىلەيدۇ . ئىدىيە — سەۋەب ، كەچۈرمىش — نەتىجە . ئىدىيە ئىجادچان بولىدۇ ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئوبيېكتقا باغلى-نىدۇ . مانا بۇ روھنىڭ ئەۋزەل يېرى ، روھ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ ، ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدۇ . بۇنىڭدا قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىش ، ئۇنىڭ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بىلىش ، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت

## قەلبنى تاۋلاش

قانداق قىلغاندا بارلىق ئورۇنسىز خىياللارنى چۆرۈپ تاشلاپ ، ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ياخشى ئوي - پىكىرلەردە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ ؟ ئادەم ئۆز ئىدىيەسىنىڭ مۇجەسسىمى ، دەسلەپتە بىز يامان خىياللارنىڭ بۆسۈپ كىرىشىنى توسۇيالماسلىقىمىز مۇم-كىن ، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىساق بولۇۋېرىدۇ . ئۇنى رەت قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇنتۇپ كېتىش — بەزى نەرسىلەر-نى تېپىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش . يۇقىرىدا دېيىلگەن ھېلىقى خىتابنامە ئەمدى ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ . مەيلى ئىشخانىدىكى ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە بولسۇن ، ئۇنى خالىغانچە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى يېڭەلەيدۇ، ئىللىقلىق قەھرىتان سوغۇق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ، ياخشىلىق يامانلىقنى مەغلۇپ قىلالايدۇ. يورۇق، گۈزەل شەيئىلەر ھامان رەزىللىكنى ئۆزىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىدىن خىجىل بولۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا مۆكۈشكە مەجبۇرلايدۇ. غەزەپ، ھەسەت، ۋەھىمە، تەشۋىشلىنىش قاتارلىق ئىدىيە مىكروبلىرى كاللىڭىزغا ئوغرىلىقچە كىرىۋالغاندا، خىتابنامىڭىزنى ئىشلىتىشكە باشلاڭ ۋە شۇ بويىچە قىلىڭ، ئۇنى جىمجىت روھىيىتىڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا ئېلىپ كىرىپ، ئاڭسىزلىقىڭىزنى ئۇنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىشنى ئۆزىڭىزنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىڭ.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. بەختىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى قايسىلار؟

ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش.

2. توغرا ھەرىكەتنى نېمە پەيدا قىلىدۇ؟

توغرا تەپەككۇر.

3. سودا پائالىيىتى ياكى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئالدىنقى شەرت نېمە؟

ھەقىقەتنى تونۇش.

4. ھەقىقەت بىزگە نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟

ئەگەر ھەرىكەت توغرا ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلسا، بىز ناھايىتى ئاسانلا بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلالايمىز.

5. ھەرىكەت خاتا ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلسا قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ؟

بىز ئۇنىڭ كېيىن قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى-

نى پەرەز قىلالمايمىز .
6 . ھەقىقەتنى ئاددىي بايان قىلىشنىڭ ئىنىقلىمىسى نېمە ؟
بىز چوقۇم مۇنداق بىر رېئاللىقنى تونۇشىمىز كېرەك ، ھەقىقەت ئالەمدىكى ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپ ، شۇڭا ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت .
7 . تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ سىرى نېمىدە ؟
مەنىۋىيەت ھەقىقەتلىرىنى قوللىنىشتا .
8 . مەنىۋىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىك قايسى تەرەپتە نامايان بولىدۇ ؟
ئۇلار ھەمىشە ئاسانلا قولغا كېلىدۇ .
9 . ھەقىقەتنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى قايسىلار ؟
مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ساۋابلىق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىش .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 10 - ساۋاق : سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتى

خالىغانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئادەم بولمايدۇ ، تۇرمۇش ھېچكىمگە ئالاھىدە ئامراقلىق قىلمايدۇ . ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدە ئېنىق بىر سەۋەب بولىدۇ ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاققۇزغان تەرى ۋە جاپاسىنىمۇ ئويلاش كېرەك . ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىڭىزمۇ نېمە ئۈچۈن غەلىبە قىلغانلىقىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭىز كېرەك .

سەۋەب بىلەن نەتىجە قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئۇلار ئەزەلدىن ئايرىلمايدۇ . قانداق سەۋەب بولسا شۇنداق نەتىجە مەيدانغا چىقىدۇ . ئىشنىڭ سەۋەب - نەتىجە باغلىنىشىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسى دائىم ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى ۋە كەيپىياتى تەرىپىدىن يېتىلىنىپ ، خاتا ھۆكۈم چىقىرىدۇ . بىر تەشتەك گۈل ئالدىغا قويۇلسا ، ئۇلار گۈل پەقەت گۈلدىنلا ئىبارەت ، ئۇنىڭ چىرايلىق ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن خازان بولۇشىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ، گۈلگە ئوزۇقلۇق ۋە سۇنىڭ كېرىكى يوق ، دەپ قارايدۇ . مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇلار سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەي ، باشقىلاردىن ئاغرىنىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۈمۈلۈپ ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەيدۇ ، مەغلۇپ بولسا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە كېلىۋاتقان ئامەتنى تارتىۋالغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ . دوستلىرى بولمىسا ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ سەزگۈر كۆڭلىدىن بەھرىلىنىشنى بىلمەيدۇ . بۇنداق ئادەملەر مەسىلىلەرنى ئەزەلدىن ئەتراپلىق ئويلانمايدۇ . قىسقىسى ، ئۇلار بارلىق نەتىجىلەرنىڭ مەلۇم ئالاھىدە سەۋەبتىن بولىدىغانلىقىنى

بىلمەي، نۇرغۇن باھانىلەر ۋە سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ.

مەسىلىلەرنى يۈزەكى تەپەككۇر قىلماي، «نەتىجە بار يەردە مۇقەررەر سەۋەب بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى يۈزىكىڭىزگە چوڭقۇر ئورنىتىشنى، توغرا ئەمەلىيەت بويىچە پىلان بېكىتىشنى ئۆگىنىپ قويىسىڭىز، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئىدىگىلەش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايسىز. بۇنداق بولغاندا، سودىدا زىيان تارتسىڭىز تەقدىرنىڭ شۇملۇقىدىن ئاغرىنماي سىز، بەلكى سودىدىكى يوچۇقلارنى تېپىپ، ئوقىتىڭىزنى تېز سۈرئەتتە گۈللەندۈرەلەيسىز. ئانچە نامى چىقمىغان ئىشخانا خادىمى بولسىڭىزمۇ كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىغا ئوخشاش ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋەس قىلىش ئوبيېكتى بولالايسىز.

ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندە ئەركىن ـ ئازادە ھالدا ھەقىقەتكە ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئىشنى كۆزەتكەندە ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى تولۇق قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ دۇنيانىڭ شەخسىيەتسىز جاۋابىغا ئېرىشىپ، مەيلى دوستلۇق، مۇھەببەت ياكى شان ـ شەرەپ، مەذھىيەلەر بولسۇن ھەممىسىنى ئۆز قەلبىڭىزگە كىرگۈزەلەيسىز.

1. تەبىئەت ئىنتايىن سېخىي بولۇپ، دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ باغرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن. ئالەمنىڭ تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى باياشاتچىلىقتۇر. مىلياردلىغان دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھ، ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە قايتا تۇغۇلۇشى مەڭگۈلۈك داۋام قىلماقتا. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئىنسانىيەتكە مول نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى، تەبىئەتنىڭ موللۇقىنىڭ كۆللى شەيئىلەردە نامايان بولىدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

2. تەبىئەت بارلىق ياراتمىشلارغا خەسىسلىك قىلمايدۇ، ھېچ- قاچان چوڭچىلىق، بەتخەجلىك، ھەشەمەتچىلىك قىلمايدۇ. ئەي-

www.uyghurkitap.com

سۇسلىنارلىق يېرى ، ئاز ساندىكى كىشىلەر كىرىش ئېغىزىنى تاپالماي ، بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ . ئۇلار يەنە بارلىق بايلىقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇش خاراكتېرىنى تونۇمايدۇ ، مەنىۋىيەتنىڭ بىز بىلەن ئارزۇيىمىزنى تۇتاشتۇرىدىغان ھەرىكەت پىرىنسىپى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ .

3 . بارلىق ئېنېرگىيەلەرنىڭ ھەممىسى ماددىي ئېنېرگىيە بولۇۋەرمەيدۇ ، مەنىۋى ئېنېرگىيەمۇ مەۋجۇت ، قەلب بىلەن روھتىكى ئېنېرگىيەمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت .

4 . خېنرى دروموند : «ھەممىمىزگە ئايان بولغاندەك ، ماددىي دۇنيا ئورگانىك ۋە ئانئورگانىك دۇنيا دەپ بۆلۈنىدۇ . مىنېرال دۇنيا ئانئورگانىك دۇنيادۇر ، ئۇ جانلىقلار دۇنياسىدىن تەلتۆكۈس ئايرىلغان ؛ ماڭغان يوللىرىنىڭ ھەممىسىگە تامغا باسقان بولىدۇ . بۇ توسالغۇلاردىن ھالقىپ كەتكىلى بولمايدۇ . ماددا ئۆزگەرمىسە ، مۇھىتمۇ ئۆزگەرمىسە خىمىيە بولمايدۇ ، توكمۇ بولمايدۇ ، ھېچقانداق شەكىلدىكى ئېنېرگىيە بولمىسا ھېچقانداق شەكىلدىكى ئۆزگىرىش مىنېرال دۇنيادىكى ئۇششاق ئاتوملارنىڭ ئۈستىگە ھاياتلىق تامغىسىنى باسالمايدۇ» دېگەنىدى .

5 . ھاياتلىق بۇ دۇنياغا جان بېرىدۇ ، ھاياتلىق بولمىسا يەر شارىنى زېرىكىش قاپلايدۇ ، ھەممە نەرسە ھاياتلىق بىلەن باغلانغاندا ئاندىن ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ . دىندۇر : «مەن شۇنى ئېتىراپ قىلىمەنكى ، بىز بۈگۈن كۆرۈۋاتقان ھاياتلىق بىلەن تېخىمۇ بۇرۇنقى ھاياياتلىقنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرەرمۇ ئېنىق پاكىت يوق» دېگەنىدى . ھېكسلىيمۇ بۇ كۆز قاراشنى مەدھىيىلەپ ، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ، ھاياتلىق ـ ھاياتلىق ئۇچۇرلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە چېچىلىشىدىن پەيدا بولغان ، دېدى . ئەگەر ھاياتلىق گۇمرانلىققا يېقىنلاشمىسا ، بۇ فىزىيولوگىيەلىك ئاتوملارنىڭ بولماسلىقى ھاياتلىققا خۇسۇسىيەت بەرمەيدۇ ، مىنېرال دۇنيا مەڭگۈ ئانئورگانىك قاتلامدا توختاپ قالىدۇ .

6 . پەۋقۇلئاددىلىك ئۆسۈپ يېتىلگەن جايدا چوقۇم ھاياتلىق بولىدۇ ؛ پەۋقۇلئاددىلىك ئۆسۈپ يېتىلگەن جايدا چوقۇم ماسلىشىشچانلىق بولىدۇ . شۇڭا ، بارلىق ھاياتلىق ماددىلىرى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئۆزى ئۈچۈن يېتەرلىك تەمىنات ۋە مۇۋاپىق مۇھىتقا ئېرىشسە ئۆزىنى مۇكەممەل ئىپادىلىيەلىشى مۇمكىن . تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىدە ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ .

7 . ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھاڭ ئورگانىك دۇنيا بىلەن ئانئورگانىك دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتسە ، بۇ چاغدا ئىككىسى ئۆز ئارا ئوخشاش بولمىغان يەككە گەۋدىلەر بولۇپ ، تۇتىشالمايدۇ . ھاياتلىق بىر كۆۋرۈككە ئوخشاش ئىككى دۇنيانى تۇتاشتۇرىدۇ . ھاياتلىق ماددىلارنىڭ خەزىنىسىنى ئاچىدۇ ، ئەگەر ئاچمىسا ، ئورگانىك گەۋدىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ ، مەنىۋى ئېنېرگىيە بولمايدۇ ، ئىنسانىيەتنى مەنىۋىيەت ساھەسىگە ئېچكىرىلەپ كىرگۈزىدىغان ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمايدۇ .

8 . خۇددى ئۆسۈملۈكلەر ھاياتلىق دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ ، ھاياتلىق سىرلىرى بىلەن بۇ دۇنيانى سىيلاپ ، ئالەم روھىنىمۇ كىشىلەر ئارىسىغا مۇشۇنداق باشلاپ كىرىپ ئىنسانلارغا يېڭى ، ناتونۇش ، گۈزەل ، ھەتتا سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەت بېغىشلىغاندەك ، ھاياتلىق بىلەن غەيرىي ھاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشمۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن مەنىۋىيەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا ئوخشايدۇ ، دۇنيادىكى كۆللى شەيئىلەر مۇشۇ خىل باغلىنىش ئارقىلىق مەغرۇرلانغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ .

9 . ئىدىيە بىر ئالاقە بەلبېغى ، ئۇ چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلىتىدۇ ، يەككە تەن بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلىتىدۇ .

10 . بارلىق مۇھىت ۋە كەچۈرمىشلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىدىيەمىزنىڭ ئوبيېكتىپ شەكلى ، ئىدىيە مەنىۋىيەتنىڭ ئىللىق كارىۋىتىدىلا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . بىر تال ئىدىيە ئۇرۇقى ئالەم

روھىغا سىڭىپ كىرىپ كۈللى شەيئىلەرنىڭ بايلىق خەزىنىسىدە كۆزگە كۆرۈنمەي ئۆسۈپ، يىلتىز تارتىپ بىخلانسا، ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ئۈنۈم بېرىشكە باشلايدۇ.

11. «سەن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالساڭ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسەن.» ئەمەلىيەتتە بارلىق كۆرگىلى بولىدىغان ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرگىلى بولمايدىغان ئېنېرگىيەلەرنىڭ يارىتىشىدىن كەلگەن بولىدۇ. ئىدىيە ھالەت ئېنېرگىيەسىنىڭ مۇھىم پائالىيەت شەكلى، ئۇ ئوبيېكتىپ بىلەن باغلىنىپ، ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرىدۇ، بارلىق شەيئىلەر مۇشۇ قانۇنىيەتتە نامايان بولىدۇ. ئىدىيەنىڭ رولى ئاۋازسىز ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن روشەن بولىدۇ.

12. ئالەم سان ـ ساناقسىز يەككە گەۋدىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ، بۇ يەككە روھلار بىر يەرگە كېلىپ ئالەمنى تەشكىل قىلىدۇ. يەككىلەشكەن ئالەم روھى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان شەكىللەر ئارقىلىق بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتىمىزنى يارىتىۋاتىدۇ.

13. ئالەم روھى ئىجادىي كۈچكە ئىگە، بۇ ئىجادچان ئېنېرگىيە يوشۇرۇن مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت ياكى قەلب كۈچ ـ قۇدرىتىغا بولغان تونۇشقا باغلىق. ئىجادىيەت كۈچى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەممە شەيئىدە بولىدۇ.

14. ئالەم روھى ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدە نامايان بولىدۇ، ئالەم روھى ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ، ئۇ بارلىق ئېھتىياجىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى تاپالايدۇ. بىز ھېچ ئىش قىلماي مۇشۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ قويساقلا، ھەممە نەرسە يۈز بېرىپ. كۈللى شەيئىلەرنىڭ روھى تۇغۇلىدۇ، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت مەنىۋىيەتتىن كېلىدۇ.

15. يەككە گەۋدە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ بىردىنبىر بۇرچىمىز مۇكەممەل، كەم ـ كۈتىسىز غايىنى يارىتىشتۇر.

16 . مەنئۇيەت توكقا ئوخشايدۇ ، ئۇ پايدىلىق ، شۇنداقلا خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ . ئەگەر سىز بۇ كۆرۈنمەس كۈچ ـ قۇدرەتنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ ئىشلىتەلىسىڭىز ، ئۇ تۇرلۇك شەكىللەر- دە بىزنىڭ بەختىمىز ۋە ئازادلىكىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ، پۈتكۈل دۇنيايىمىزنى يورۇتىدۇ . بىراق ، ئەگەر سىز ئۇنى چۈشەن- مىسىڭىز ، باشقۇرالمىسىڭىز بىلىپ ـ بىلمەي توك قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ قالىسىز ، ئىزولياتسىيەلەنمىگەن ئەھۋالدا ئوت سىمغا تېگىشىپ كېتىش ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەت يوقىتىش خاراكتېرلىك بولۇشى مۇمكىن . نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ .

17 . ھەرقاچان ئۆزىنى ماددىي دۇنيا قانۇنىيىتى بىلەن بىر- دەكلىكنى ساقلاشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى چوقۇم بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئېمىلىكىنى چۈشىنىشتۇر ، بولمىسا ، بۇ قانۇنىيەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغىلى بولمايدۇ .

18 . ئەگەر بىز ئامال بار ئۆز ئىدىيەمىز بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىجادچانلىق پىرىنسىپىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى ساقلاپ قالالى- ساق ، «چەكسىز مەنئۇيەت» بىلەن ماس قەدەمدە بولالايمىز ـ دە ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولىدا ماڭالايمىز ، ئىشلىرىمىز- نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش سۈرئىتى تېزلىشىدۇ . بىراق ، بەزى كۆز قاراشلىرىڭىز «چەكسىز ئېنېرگىيە» بىلەن ماسلىشىشچان بولماسلىقى مۇمكىن ، بۇنداق بولغاندا بىزدە ئىچكى خوراش پەيدا بولىدۇ ، شۇڭا ، بۇنداق ماسلىشىشچانسىزلىق ئامىللىرىنى چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا سۈپۈرۈپ تاشلاش كېرەك .

19 . ماسلىشىشچانلىق ئۇنۇمدارلىقنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئورتاق ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، ئىچكى خوراشنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارشى تۇرىدۇ ، بۇ ئىنتايىن روشەن قائىدە . شۇنىڭدەك ، ماسلىشىشچان شادلىق كۆيى ئادەمنىڭ كەيپىنى كۆتۈرسە ، ماسلى- شىشچانسىز ئاۋازلار ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ . قورۇشچان ئى-

ـدىيە مۇقەررەر ھالدا ئىجادچان بولسا ، ماسلىشىشچانلىق بۇزۇشچان ياكى رىقابەتچان ئىدىيەنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ .

20 . ئەقىل ـ پاراسەت ، غەيرەت ـ شىجائەت بارلىق ماسلى-شىشچان ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نەتىجىسى ، بىز بارلىق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىچىمىزدە پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلى-مىز . شۇنىڭدەك ، بارلىق ئاجىزلىق ، يوقسۇزلۇق ، چەكلىمە ۋە تۈرلۈك پايدىسىز شارائىتلارمۇ ئاجىزلىقنىڭ نەتىجىسى ، ئاجىزلىق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ كەملىكىدىن پەيدا بولىدۇ .

21 . ئاسماندىن قۇيماق ياغىدىغان ئىش يوق ، شۇنداقلا بۇ دۇنيادا ھەقسىز تاماقمۇ يوق . چوقۇم بىر كونكرېت نىشان ئېنىق ھەم نىشاننى يۇرگۈزىدىغان ئىرادە بولغاندا ئاندىن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ . بۇ پرىنسىپ توسالغۇسىز يۇرۇشسە ئۆزىڭىز ئىزدەۋاتقان نەرسىنىڭ ئىشىكىڭىز ئالدىغا ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى بايقايسىز .

## قەلبىنى تاۋلاش

ئاپپاق تامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، ئويىڭىزدا تەخمىنەن ئالتە ئىنگلىز سۇڭى قارا رەڭلىك گورىزونتال سىزىق سىزىپ ، بۇ سىزىقنىڭ ئېنىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ ، مەسى-لەن ، ئۇ تامغا تەكشى سىزىلدىمۇ ـ يوق . ئاندىن ، ئېڭىڭىزدا يەنە ئىككى ۋېرتىكال سىزىق سىزىپ ، ئالدىنقى گورىزونتال سىزىققا تۇتاشتۇرۇڭ . ئاندىن يەنە بىر گورىزونتال سىزىق سىزىپ ، بۇ ئىككى ۋېرتىكال سىزىققا تۇتاشتۇرۇڭ . بۇنىڭ بىلەن تۆت تەرەپلىك شەكىللىنىدۇ . بۇ تۆت تەرەپلىكنىڭ شەكلىگە ئېنىق قاراپ بېقىڭ ؛ ئېنىق قاراپ بولغاندىن كېيىن ، تۆت تەرەپلىكنىڭ ئىچىگە بىر چەمبەر سىزىڭ ؛ چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چېكىت قويۇپ ، ئاندىن چەمبەر مەركىزىدىكى چېكىتنى ئۆزىڭىز تەرەپكە 10 ئىنگلىز سۇڭى سۇرۇڭ . ئەمدى سىز تۆت تەرەپلىكنىڭ ئاستىغا بىر كونۇس

ياساڭ ؛ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، بۇ كونۇس قارا رەڭلىك بولسۇن ؛ ئاندىن ئۇنىڭ رەڭگىنى قىزىل ، ئاق سىرتقا ئۆزگەرتىڭ . ئەگەر سىز شۇنداق قىلالىسىڭىز قالتىس ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكەن بولىسىز .

ئەمەلىيەتتە ، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز ئۆزىمىزنىڭ دىققەت كۈچىنى تاۋلاش ، شۇنداق بولغاندا ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي كۆڭلىڭىزدە تەسەۋۋۇر قىلغان ھەرقانداق ئىشنى پۈتۈن دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ قىلالايسىز . ئەگەر بىرەر نىشان ياكى ئىش ئىدىيەڭىزدە ئىنتايىن ئېنىق شەكىللەنگەن بولسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىشقا ئاشىدىغان كۈنلىرى يېقىنلاپ قالدى دېگەن گەپ .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . بايلىق دېگەن نېمە ؟

بايلىق كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەھسۇلى .

2 . بايلىق قانداق قىممەتكە ئىگە ؟

بايلىق كۈچ - قۇدرەت بېرەلىگەن چاغدىلا ئۇنىڭ قىممىتى بولىدۇ .

3 . «سەۋەب - نەتىجە» قائىدىسىنى بىلىشنىڭ قانداق پايدىسى بار ؟

ئۇ ئادەمنى دادىل ، قورقۇمسىز ھالدا پىلان تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشقا ئۈندەيدۇ .

4 . ھاياتلىق ئائىورگانىك دۇنيادا قانداق پەيدا بولىدۇ ؟

مەلۇم ھاياتلىق فورماتسىيەسىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغاندا . ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولى بولمايدۇ .

5 . چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىنى نېمە تۇتاشتۇرىدۇ ؟

ئىككىسى ئىدىيە ئارقىلىق تۇتىشىدۇ .

6 . نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ ؟

چۈنكى ، ئالەم يەككە ئادەم ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ .

7 . سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ ئاساسى نېمە؟

مەنپىي ـ مۇسبەت ئىككى قۇتۇپنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ ، ئۇنى يىپىق توك يولىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ ، ئالەمنىڭ ھاياتلىق ساقلاش باتارىيەسى مۇسبەت قۇتۇپ ، شەخس مەنپىي قۇتۇپ ، ئىدىيە قايتىش يولىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

8 . نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەملەر تۇرمۇشىدا شارائىتنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ ؟

ئۇلار بۇ قانۇنىيەتنى بىلمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا مۇسبەت ـ مەنپىي قۇتۇپ يوق ، توك يولىمۇ يىپىق ئەمەس .

9 . ماسلىشىشچانلىققا قانداق يەتكىلى بولىدۇ ؟

تارتىش كۈچى قانۇنىنى تولۇق تونۇپ ، مەلۇم ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نىشاندا ئۇنى ئاڭلىق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك .

10 . نەتىجىسى قانداق بولىدۇ ؟

ئىدىيە ئۆز نىشانى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، نىشاننى ئېنىقلاشتۇرىدۇ ، چۈنكى ئىدىيە ئادەم روھىنىڭ مەھسۇلى ، روھ پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى .

# 11 ـ ساۋاق : كۆللى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى بار

ئادەمنىڭ ھاياتى ئۆزۈندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر قاتار سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت . مەيلى قانداق «نەتىجە» بولسۇن ھامان مۇناسىپ «سەۋەب» ى بولىدۇ . ئەسلىدىكى «نەتىجە» يەنە «سەۋەب» كە ئايلىنىپ باشقا «نەتىجە» لەرنى پەيدا قىلىدۇ ، بۇ نەتىجە يەنە باشقا بىر «سەۋەب» كە ئايلىنىدۇ .

تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر ئوتتۇ- رىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك باغلىنىش بولىدۇ ، سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنى- شى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك باغلىنىشنىڭ ئىپادى- لىرىدىن بىرى . سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە مۇقەررەر باغلىنىش بولۇپ ، مۇئەييەن سەۋەبسىز بىرەرمۇ ھادىسە بولمايدۇ ؛ سەۋەب ۋە بارلىق مۇقەررەر شەرتلەر مەۋجۇت بولغاندا نەتىجە مۇقەررەر ھالدا مەيدانغا چىقىدۇ . سەۋەب دېگىنىمىز يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ ئالدىدىكى مەلۇم بىر ھادىسىنى ، نەتىجە دېگىنىمىز سەۋەب كۆرسەتكەن تەسىرنىڭ ئاقىۋىتىنى9كۆ كۆرسىتىدۇ . سەۋەب بىلەن نەتىجە ۋاقىت جەھەتتە ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولسىمۇ ، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋىتى بولغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىدە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بولۇۋەرمەيدۇ ، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن- لىك مۇناسىۋىتىدىن باشقا ، سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشى يەنە بىر زۆرۈر شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك ، يەنى نەتىجە سەۋەبنىڭ رول ئوينىشىدىن پەيدا بولغان بولۇشى كېرەك .

سەۋەب ـ نەتىجە زەنجىرىنىڭ تۈتىشىدىغان جايىدىكى ھالقىسى-

نىڭ مەلۇم بىرىدىن مەسىلە چىقسا ، پۈتكۈل زەنجىر ئۈزۈلۈپ ، يۈرگۈزۈلەلمەيدۇ . سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئېگىلەپ ئۇنى توغرا قوللانغاندىلا ئاندىن زور مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيسىز ، ئەكسىچە بولسا چوقۇم زىيان تارتىسىز .

«هازىرقى تۇرمۇشۇم ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بولۇۋاتىدۇ ، بۇ مەن ئويلىغان نەتىجە ئەمەس ئىدى ، مەن ئەزەلدىن بۇنداق نەتىجىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم .» مانا بۇ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەت زەنجىرى ئاجراپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھەسرىتى ، ئۇلار بۇنى تونۇپ يەتمىگەچكە كۆڭلىدىكى ئويلىرى مەلۇم بىر دوستانىلىك ياكى مۇناسىۋەت ئېلىپ كەلمەي ، شارائىت ۋە مۇھىتنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىچە تۇرمۇشىمىزدىكى هازىرقى ئەھۋالىمىزغا بولغان ئاغرىنىشنى پەيدا قىلىدۇ .

1 . ئىندۇكسىيە (يىغىنچاقلاش ) ئۇسۇلى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى ، ئۇ پاكىتلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خۇلاسە چىقىرىدۇ . بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا تۈرغۇن مۇستەقىل پاكىتلار سېلىشتۇرۇلۇپ ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورتاق نۇقتىلىرى تېپىپ چىقىلىپ ، ئىنسانلار تەبىئەتتىكى نۇرغۇن قانۇنىيەتلەرنى بايقايدۇ ، مانا مۇشۇ بايقاشلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىلگىرىلەشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن : قىسقىسى ، ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە بىر خىل ئوبيېكتىپ تەپەككۇر جەريانىدۇر .

2 . ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسىنىڭ ئىككى مۇھىم نۇقتىسى بولىدۇ ، بىرى ، سېلىشتۇرۇش ، يەنە بىرى ، ئورتاق نۇقتىلىرىنى تېپىش ، بۇ ئىككى نۇقتىنى ئىگىلىگەندە بۇ ئۇسۇلنى بىمالال قوللانغىلى بولىدۇ .

3 . ئىندۇكسىيەلىك ئۇسۇل قانۇنىيەت ، ئەقلىيلىك ، بەلگىلەشچانلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىپ ، ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بىتايىن تەركىبلەرنى يوقىتىپ ، بىزنى خۇراپاتلىق چەمبىرىكىدىن ئازاد

قىلىپ، ئەقىل - پاراسەت زېمىنىدا ماڭدۇردى.

4. ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى سادىق قاراۋۇلدەك ساختا، قالايمىقان ئوبرازلارنى ئىدىيەمىزگە كىرگۈزمەيدۇ، كۆز بويامچىلىق قىلمايدۇ.

5. ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ، ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى ئىقتىدارىمىزنى يىغىپ ۋە كۈچەيتىپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ؛ مەنىۋىيەتنىڭ ئەڭ ساپ شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق شەخس بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ جاۋاب تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

6. يەر شارىدىكى ھەربىر مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە كىشىلەر مەلۇم جەريانلار ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، ئۇلار ئۇنى ئانچە بەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا، دائىم بۇ نەتىجىلەر ئەپسانىۋى تۈس ئېلىپ قالىدۇ. بىزنىڭ سەۋەب ئىزدەشتىكى مەقسىتىمىز نەتىجىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان قانۇنىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر.

7. بەزىلەر خۇدا زۇۋۇلىسىنى ياخشى ئۆزگەندەك تەلەيلىك بولىدۇ، بەزىلەر تېگىشلىك جاپالارنى تارتىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن چاغدىمۇ ئۇلار ھېچ كۈچىمەيلا كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىدۇ. ئۇلاردا ئەزەلدىن ۋىجدان كۈرىشى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ، سەۋەب، ئۇلار ھەمىشە توغرا يولدا ماڭىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ھەمىشە مۇۋاپىق گەۋدىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ؛ ئۇلار مەيلى نېمە ئۆگەنسۇن ئاسان بىلىۋالالايدۇ؛ ئۇلار مەيلى نېمە ئىشنى باشلىسۇن، تېگىگە يېتىپ ياخشى قىلالايدۇ؛ ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بولغان مەڭگۈلۈك ماسلىشىشچانلىقنى قوغدايدۇ، ئۆزىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ ھەم قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە تەقدىر دېگەن نەرسە يوق، بۇ ئۇلارنىڭ ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسىدىن ئىبارەت بۇ ئۇسۇلنىڭ جەۋھىرىنى ئىگىلىگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر.

8 . ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى يېڭىلمەستۇر، ئۇ ئالدىراپ تەسلىم بولمايدۇ . ئادەمنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى مۇۋاپىق شەرت ئاستىدا بۇ خىل تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇ ئىشقا سېلىنىپ ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ياردەم بېرىدۇ ، بۇنداق كۈچنى تونۇش ، بۇنداق ئەمەلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

9 . مەۋجۇتلۇق مۇھىتىمىز بىز پىششىق بىلىدىغان قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن سىستېمىلىق ھەرىكەت قىلىدۇ : قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتىدۇ ؛ يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ ؛ ئەتىيازدا گۈللەر ئېچىلىپ ، يازدا مېۋە - چېۋىلەر پىشىپ ، كۈزدە يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ ، قىشتا قار ياغىدۇ ؛ سۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرا ئاستىدا قاتتىق ، سۇيۇق ۋە گاز ھالەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى بولىدۇ . . . بىپايان ئالەمدىكى ھەربىر بۆلۈك - پۇچقاق كۈچ - قۇدرەتكە ، ھاياتلىققا تولغان بولۇپ ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىشى، تەرتىپ قانۇنىيىتى ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدۇ .

10 . ئوخشاشلىقلار تېپىشىدۇ ، قارىمۇقارشىلىقلار تارتىشىدۇ ، كىسلاتا بىلەن ئىشقار بىرلەشسە نېيتراللىشىدۇ ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى . ئىنسانلارمۇ مۇشۇنىڭدىن ئۆرنەك ئالسا بولىدۇ ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ، كۈچ بىلەن كۈچ ئوتتۇرىسىدا ھامان بەلگىلىك ئارىلىق ساقلانسا ، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغان ئادەملەرمۇ بىر - بىرىنى جەلپ قىلىپ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشالايدۇ .

11 . تەلەپ ، ئىنتىلىش ۋە ئارزۇ - ئىستەك ئادەمنىڭ كۆرۈش سېزىمىغا يېتەكچىلىك قىلسا ، ئادەمنىڭ كۆزى ئىزدەپ رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە بولىدۇ . كىشىلەرنىڭ كانلاردىن ئالتۇن تاپالىشى ، بىپايان دېڭىزدىن ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى قازالىشى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىدۇ .

12. ئارخېئولوگلار بىر پارچە ساپال قالدۇقىغا ئاساسەن پۇتكۇل قاچا - قۇچىلارنىڭ مودېلىنى چىقىرىدۇ، قىسمەنلىك بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ھەر تەرەپلىمە ماس كېلىشى، ئۆزئارا باغلىنىشى كېرەك، بىردەكلىككە ئىگە بولغاندا بىر پۈتۈنلۈكنىڭ خۇسۇسىيىتى قىسمەنلىكتە نامايان بولىدۇ. بىزنىڭ بۇلارنى تونۇشىمىز ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن زور بەختتۇر. دۇنيا بىپايان، بىزنىڭ كۆزىتىشىمىز چەكلىك بولغاچقا، كۆزقارىشىمىز يېتەرلىك بولماي يەككىلىك ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى كۆزىتىمىز.

13. ئۇراننىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسىدا قېيىش يۈز بەرسە، قۇياش سىستېمىسىنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، ئەمما، نېپتۇن ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە ئورۇندا نامايان بولىدۇ، بۇنىڭدا ئىلاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى باردەك بىلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىلاھ دەل قانۇنىيەتتۇر. شۇڭا، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى بولىدۇ.

14. ھايۋانلارنىڭ پايدىغا ئۆزىنى ئېتىپ، زىياندىن قېچىش تۇغما تەبىئىتى بولىدۇ، ئىنساننىڭ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇرى ئەقلىيلىكنى چىقىش قىلىدۇ. قەيەردە «مەۋجۇتلۇق» خىيالى بولسا، شۇ يەردە «مەۋجۇتلۇق» رېئاللىقى بولىدۇ.

15. ئارخىمىد: «ماڭا بىر تايىنىش نۇقتىسى بىلەن بىر پىشاڭ بېرىلسە يەر شارىنى ئورنىدىن قوزغىۋېتەلەيمەن» دېگەندى. بۇگۈنكىدەك ئۆزگىرىشچان دەۋردە، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم - پەننىڭ ياردىمىدە بىز يەر شارىنى مىدىرلىتىدىغان پىشاڭغا ئېرىشتۇق، بىزنىڭ ئېڭىمىز تاشقى دۇنيا بىلەن مۇشۇنداق زىچ، ئۆزگىرىشچان، چوڭقۇر باغلىنىشقا ئىگە بولدى، مەقسىتىمىز، ئارزۇيىمىزمۇ پۇتكۇل بىپايان ئالەم قۇرۇلمىسى بىلەن باغلاشتى. بىز ئالەمدىكى يەككىلىك، بىز ئالەم بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

16. بىز ھەممىمىز تەبىئەت جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى، بىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرىمىزنىڭ يىغىندىسى دەل بۇ دۆلەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي مەنپەئەتىدۇر . شەخسىي مەنپەئەت دۆلەت قۇراللىرى تەردپىدىن قوغدىلىدۇ . شەخسىي ئېھتىياجنىڭ تەمىنلىنىشى مەلۇم مەنىدىن بۇ ئېھتىياجنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ، قانۇنىيەتلىك ھالدا ھېس قىلىنىش - قىلىنماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ . تەبىئەت ئادەم بىلەن تاشقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رول ئېھتىياجلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، تەقسىملەپ ، ياراتقۇچىنىڭ مەقسىتىنى ئەڭ ياخشى ئىشقا ئاشۇرىدۇ . بۇ يەردە ماسلىشىشچانلىق بىلەن بىرلىكنى تەكىتلەيمىز ، يەككىلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ قارشىلىشىشىنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر .

18 . غايە قارىماققا ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ ، ئۇ ئىزچىل ھالدا تۇرلۇك ساخاۋەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئايلىنىدۇ ، بۇ ساخاۋەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەددىدىن زىيادە ساداقەتمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ، كەلگۈسىگە زور ئىلھاملارنى ئاتا قىلىدۇ . بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئويىمىزنىڭ جانلىق بولۇش ، مەنىۋى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق تاماملىنىشقا ئېھتىياجلىق ؛ بارلىق تەمىنلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئېھتىياجدىن پەيدا بولىدۇ ، سىزنىڭ ئارزۇ - ئىستىكىڭىز ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىشى تېزلىشىدۇ .

19 . قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەر قۇشلارنىڭ قانىتىغا ھەۋەس قىلىپ ، ھەمىشە ئۆزىنى كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلغان ، بۇ ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ خام خىيالى ئىدى . بىراق ، بىرنەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ غايە ئىشقا ئاشتى . يىراقتىكى غايىنى ھەرگىزمۇ غەيرىي خىيال دەپ ۋاز كەچمەسلىك كېرەك ، چۈنكى ، چۈشەنچە غايىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ . ئۆزىڭىز ئىزدەۋاتقان نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ نەرسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغانلىقىڭىزغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك .

20 . غايە بىر خىل قارارغا ، بىر خىل پوزىتسىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . قەلبىڭىزدە مەلۇم غايە پەيدا بولغاندا ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغىنى سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىز ، بېغىشلاش ، جاپا چېكىش قارارىڭىز ۋە پوزىتسىيەڭىزدۇر .

21 . غايە سۇدىكى ئاي ، ئەينەكتىكى گۈل ئەمەس ، ئۇ ئەمەلىي بولۇپ ، تىرىشچانلىق ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ . بىر تال ئۇرۇق تۇپراققا تىرىلسا ، ئۇ توسالغۇغا ئۇچرىمىسىلا بىخلىنىپ چوڭ بولۇپ ، كۆتۈلمىگەن مېۋىلەرنى بېرىدۇ . بىز ئارزۇ قىلىدىغان ھەربىر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن شەيئى ئاللىقاچان مەۋجۇت زېمىنلىق سۈپىتىدە ئالەمدىكى سۈبيېكتىپ روھ ئۈستىگە ئىز قالدۇرغان بولىدۇ . بىز ئالدى بىلەن شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى ، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئىشقا ئېشىپ بولغاندا ئاندىن مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى كۆرگىلى بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بىز مۇتلەقلىق قاتلىمىدا تەپەككۇر يۈزگۈزۈپ ، نۇرغۇن نىسپىي شەرت ۋە چەكلىمىلەرنى يوقىتىمىز .

22 . مەيلى ئامېرىكىلىقلارنى چىقىش قىلىپ ئېيتايلى ، مەيلى ياپونىيەلىكلەرنى چىقىش قىلىپ ئېيتايلى ، مەيلى كىتابقا يازايلى ياكى ئېغىزىمىزدا بايان قىلايلى ، ھەقىقەتنىڭ مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ ، ماھىيىتى ئوپمۇ ئوخشاش بولىدۇ . بۇ بايانلارنى تېخىمۇ تەھلىل قىلساق ئۇنىڭ ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بايقايمىز . بىردىنبىر پەرق ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدۇر .

23 . ھەقىقەتنىڭ ھەربىر قاتلىمىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ھېچقانداق بىر ئىنسان فورمۇلاسى يوق ، ھەقىقەت يېڭى ، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل شەكىل ئارقىلىق ھەربىر دەۋردىكى ھەربىر ئادەمگە دېيىلىشى كېرەك . ھەقىقەت بىلەن ئىنساننىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىغا يېڭى مۇناسىۋەت قۇرۇلۇۋاتىدۇ ، بۇ مۇناسىۋەت پەيدىنپەي چۈشىنىلىپ ، ئومۇميۈزلۈك تونۇشقا ئىگە قىلىنىدۇ .

24 . ھازىرقىسى تېز رىتىملىق جەمئىيەت ، يېڭى شەيئىلەر تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ، كونا شەيئىلەرمۇ يوقالماقتا ، بىز يېڭى بىلەن كونا ئالمىشىۋاتقان دوقمۇشتا تۇرۇۋاتىمىز . يېڭى تېپتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپ يولى يېپىلىپ ، ھەممە نەرسە يېڭى

تەرتىپ ئۈچۈن يوللارنى تازىلاۋاتىدۇ . جەمئىيەتنىڭ يېڭى مېتابو-
لىزمى بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان بارلىق ئىشلارنى
تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى .

25 . يېڭى جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ غايەت زور ئېنېرگىيەسى
ئەنئەنىدىكى كونا ، چىرىك تەركىبلەرنى يوقىتىپ ، جەۋھەرلەرنى
ساقلاپ قالدى . ھەربىر يېڭى ئېتىقادنىڭ تۇغۇلۇشى يېڭى ئىپادى-
لەش شەكىللىرىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ ، بۇنداق يېڭى ئېتىقاد ئې-
نېرگىيەنىڭ ئىپادىلىنىشىنى چوڭقۇر تونۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
ھەرقايسى قاتلاملاردىكى مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ .

26 . ئالەم روھى زور ھەم شەكىلسىز بولۇپ ، بارلىق شەيئى-
لەر ئىچىدە ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى بار . ئۇ مىنېرال ماددىلاردا ئۆچەككە
كىرىپ ، ئۆسۈملۈكلەردە ئوزۇقلىنىپ ، ھايۋانلاردا ھەرىكەتلى-
نىپ ، ئىنسانلاردا قەلب يۈكسەكلىكىگە يېتىدۇ . ئۇ جاھاندىكى
كۈللى شەيئىلەرنى باغلايدۇ ، ئۇ بىزنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت-
نىڭ ھاڭلىرىدىن ھالقىتىپ ، ھەرىكەت بىلەن نىشاننىڭ تەبىئىي
توسۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ھۆكۈمرانلىق ئىقتىدارىمىزنى مۇستەھ-
كەملەپ ، بىزنى ئۆزىمىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ .

27 . ئىدىيەنىڭ قۇدرىتى مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك ، ئۇ كۆمۈ-
لۈپ قېلىش ۋە سەل قاراشقا پىسەنت قىلمايدۇ ، ئۇ تۇرمۇشىمىزدى-
كى باش رولچى . ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مۇھىملىقى
ھەربىر تەتقىقات ساھەسىدىمۇ گەۋدىلىك نامايان بولىدۇ ، بىز بۇنى
بايقىساق زور نەپكە ئېرىشىمىز .

28 . ئىدىيە قوزغىلىش ھالىتىدە تۇرغان بولىدۇ ، ئۇ ئۆزلۈك-
سىز ئۆزگىرىپ ، توختىماي يارىتىدۇ ، ئۇ مول ئەقىل - پاراسەتكە
ئىگە ئىجادىي كۈچتۇر . ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچى ئىجادچانلىق
چۈشەنچىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ . بۇ چۈشەنچىلەر كەشپىيات ، كۆ-
زىتىش ، قوللىنىش ، پەرقلەندۈرۈش ، بايقاش ، تەھلىل قىلىش ،
كونترول قىلىش ، باشقۇرۇش ، ئۇنىۋېرساللىق قاتارلىق ۋاستىلەر
ئارقىلىق ماددا ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆزىنى ئوب-

يېكتلاشتۇرىدۇ .

29 . ئىدىيەنىڭ يادروسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئىدىيەنىڭ ئىدسىقلىق ئېنېرگىيەسىمۇ كۈچىيىدۇ ؛ ئىدىيە ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ ، ھەقىقەتنىڭ تۈرلۈك كەسكىن سىناقلىرى ئارقىلىق ئۆتمۈش ، ھازىر ، كەلگۈسىنى يۇغۇرۇپ ھەيۋەتلىك ماسلىشىشچان ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ، مەڭگۈلۈك يورۇقلۇق ئىچىگە كىرىدۇ ، مانا بۇ ئەقىل - پاراسەتتۇر .

30 . ئەقىل - پاراسەت ئىدىيەنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ، ئەقىل- پاراسەت ئەقلىيلىكنىڭ تېگى يورۇغاندا تۇغۇلىدۇ ، بۇ ئۆز-ئۆزىنى چوڭقۇر قېدىرىش جەريانىدا تۇغۇلىدىغىنى دەل ئەقىل - پاراسەت ئىجادچانلىقىنىڭ ئىلھامى بولۇپ ، بۇ ئىلھام بارلىق ئامىللار ، كۈچ - قۇدرەت ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتلەردىن يۈكسەك بولىدۇ . ئەقىل - پاراسەت شەرھىلەنگەن ئەقلىيلىك ، ئەقىل - پاراسەت ئادەمنى كىچىك پېئىللىققا ئۈندەيدۇ ، كىچىك پېئىللىق ئەقىل - پاراسەتنىڭ يۈكسەك شەكلى . ئەقىل - پاراسەت ھېس قىلىپ ، ئۆزگەرتىپ ، ئىدارە قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چەكتىكى نىشانىغا ئاساسەن ھەممىنى ئىشقا سېلىپ ، ھەممىگە خوجايىنلىق قىلىدۇ ، چۈنكى ئەقىل - پاراسەت تۇغما رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە .

31 . تۇرمۇشتا بىزگە سىرلىق تۇيۇلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ، نۇرغۇن يېمىرىلمەس كۈچ - قۇدرەتلەر بىزنى تاڭ قالدۇرىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر قارىماققا مۇمكىن بولمايدىغاندەك بىلىنىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەلپۈنۈشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىدۇ . بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىرلىق ئەمەس ، بەلكى تەبىئىي قانۇنىيەتتىن ئىبارەت ، ئەگەر ئۇ مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۈرۈلسە ، بىزمۇ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرالىغۇدەك ئوبيېكت بولالايمىز .

## قەلبنى تاۋلاش

بىز ئىشەنچنى ، مۇستەھكەم ئىشەنچنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيمىز . «سىلەر دۇئا قىلىڭلار ، مەيلى نېمە بولسۇن ئىشەنچ بولسىلا ئېرىشەلەيسىلەر .» بىزنى چەكلەپ تۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ، بارلىق سورۇن ، بارلىق ئەھۋاللارغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ، شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى ، ئىشەنچ گىرىمسەن سايە ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقتۇر . ئۇيلىغاننى قىلغىلى بولىدۇ ؛ بۇ بىزنىڭ شوئارىمىز ، شۇنداقلا بىزنىڭ خىتابنامىمىز .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە قانداق ئىزاھلىنىدۇ ؟

ئىندۇكسىيەلىك خۇلاسە بىر خىل ئوبيېكتىپ تەپەككۇر جەريانى بولۇپ ، نۇرغۇن مۇستەقىل پاكىتلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ .

2 . ئىندۇكسىيەلەش قانداق نەتىجە پەيدا قىلىدى ؟

ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ھۆكۈمرانلىق پىرىنسىپىنى بايقىدى .

3 . ئىنساننىڭ ھەرىكىتىنى نېمە بەلگىلەپ ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ ؟

ئېھتىياج ، ئۈمىد ۋە ئىنتىلىش ؛ بۇلار ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئەڭ زور دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ، ئىلگىرى سۈرۈپ ، بەلگىلەيدۇ .

4 . بارلىق شەخسلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ فورمۇلاسى نېمە ؟

بىز ئىنتىلىشىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىپ بولغانلىقىغا ئىشىنىشى-

مىز كىرەك ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىشقا ئاشقىنىنى كۆرەلەيمىز .

5 . قايسى ئۇلۇغ دىن تارقاتقۇچىلار ئېتىقاد نۇقتىئىنەزىرىنى قوللىدى ؟

ئىسا ، پىلاتو (ئەپلاتون) ، سىۋېدىنبورگ .

6 . ئېتىقاد نېمىنى پەيدا قىلىدۇ ؟

بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز يەرگە ئۇرۇق سېلىشقا ئوخشايدۇ ، ئەگەر ئۇرۇق خاتىرجەم ئۆسۈپ يېتىلسە ئۇ چوقۇم بىخلىنىپ ، چېچەكلەپ ، مېۋە بېرىدۇ .

7 . نېمە ئۈچۈن ئىلمىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا توغرا دەيمىز ؟

چۈنكى ، ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى .

8 . ئىشەنچ دېگەن نېمە ؟

«ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ، كۆرمىگەن شەيئىلەرگە چىنپۇتۇش .» .

9 . تارتىش كۈچى قائىدىسى نېمىدىن ئىبارەت ؟

تارتىش كۈچى قائىدىسى ئېتىقادنى چىنپۇتىدىغان قانۇنىيەتكە ئايلاندۇرۇشتۇر .

10 . سىز بۇ پرىنسىپنى قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم دەپ قارايسىز ؟

ئۇ ئىنسانلارنىڭ هاياتىدىكى تايىنىسىز ، ئەهمىيەتسىز تەركىبلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ، قانۇنىيەت ، ئەقلىيلىك ۋە ئېنىقلىقنى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى .

www.uyghurkitap.com

# 12 ـ ساۋاق : ئېنېرگىيەڭىزنى يىغىپ ، نەپەككۇرىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ

بىلىم ئۆلۈك ، ھاياتىي كۈچى يوق نەرسە بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئىشقا سالالمايدۇ . ھېچكىم ئىشتىراك قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىلىم قاقاس تۇپراقتا ئوخشاش ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ ، ھېچقانداق قىممەت يارىتالمايدۇ . ئىنسانلارنىڭ يەككە ھالدا ئۇنى ئىشلىتىشى ئاندىن بىلىمنى نۇرلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ياشلىق باھار ئاتا قىلىدۇ . ئۇنى قوللىنىش تولۇپ ـ تاشقان ياشاش ئىقتىدارى بىلەن ئىدىيە گۈللىرىنى سۇغىرىپ باراقسانلاشتۇرۇشتۇر . شۇڭا ، ئىدىيەسى بار ئادەم سۇبيېكت ، بىلىم بولسا قورالدۇر ، خالاس .

نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ ئالدىراپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشىماي ، جىسمى ۋە روھى چارچاپ كەتسىمۇ ، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايدۇ . ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى كارغا كەلمەيدۇ ، نۇرغۇن ۋاقتى ، زېھنىي كۈچى ، ئويى ئىسراپ بولىدۇ ، قىلغانلىرى بىكارغا كېتىدۇ . بىراق ، ئەگەر ئۇلار ئارزۇسىدىكى مەلۇم ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ، نەتىجىسى پەرقلىق بولۇپ ، مۆجىزە يارىتالىشى مۇمكىن . مانا بۇ كۆڭۈل قويۇشنىڭ رولىدۇر .

كۆڭۈل قويۇش بىر خىل يۇكسەك مەنزىل بولۇپ ، بىرەر ئىشنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىلىشتۇر . بۇ نۇقتىغا يېتىش ئۈچۈن سىز زېھنىي ئېنېرگىيەڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، مەلۇم بىر ئالاھىدە ئوينىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ ، بارلىق قالايمىقان ئويلارنىڭ توسالغۇسىنى چىقىرىپ تاشلىشىڭىز كېرەك . ئەگەر سىز رەسىم

ئاپپاراتىنىڭ نۇر قايتۇرۇش ئەينىكىنى كۆرۈپ باققان بولسىڭىز ، ئاپپارات كۆزى ئۇدۇل كەلمىسە جىسىم پەيدا قىلىدىغان سۈرەتنىڭ تۇتۇق بولىدىغانلىقى ، فوكۇس ئارىلىقنى تەڭشىسىڭىز سۈرەتنىڭ ئېنىقلىشىدىغانلىقىنى بىلىسىز . بۇ مەنىۋىيەتنىڭ بارلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەگەر سىز زېھنىڭىز-نى ئارزۇ قىلغان نىشانغا مەركەزلەشتۈرەلمىسىڭىز ، تۇتۇق ، ئېنىقسىز بىر ئومۇمىي كۆرۈنۈشكە ئىگە بولىسىز ، ئۇنىڭ نەتىجىسى سىزنىڭ مەنىۋى كارتىنىڭىز بىلەن بىردەك بولىدۇ .

ئەگەر سىز بۇ تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىپ ، دىققەت كۈچە-ڭىزنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا قاراتسىڭىز ، بۇ سىزنىڭ ئۇلار بىلەن ماسلىشىدىغان باشقا بىر ئويلىرىڭىزنى پەيدا قىلىپ ، سىزگە ناھا-يىتى تېزلىكتە ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئىدىيەنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ . كۆڭۈل قويۇش ئۇنۇمدارلىقنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ؛ كۆڭۈل قويۇش نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ ؛ كۆ-ڭۈل قويۇش پەۋقۇلئاددە نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ .

1 . ئالەم چەكسىز ، ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى چەك-سىز ، ئىجادچانلىقىمۇ چەكسىز بولىدۇ . ئىدىيەنىڭ ئىجادچان كۈچ- قۇدرىتى ئىلمىي ئىگىلەنسە تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق نىشاننى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

2 . قورقۇنچ ، جىددىيلىشىش ، تەشۋىش قاتارلىق پاسسىپ كەيپىياتلار كۈچلۈك ئىدىيە ئېنېرگىيەسىگە ئىگە ، ئۇلار ھەمىشە بىزگە تاجاۋۇز قىلىپ ، بىزنى ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىمىزدىن بارا- بارا يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ، دائىم بىزنى بىر قەدەم ئالغا بېس-تۇرۇپ ، ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىندۈرىدۇ . بۇنداق لىكتاسما ، پاسسىپ ، سەلبىي ئىدىيەنىڭ ئاقىۋىتى ئادەتتە ماددىي بايلىقنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدا ئىپادىلىنىدۇ . بىزنى چېكىنىشتىن ساقلىيالاي-دىغان بىردىنبىر ئۇسۇل ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشتۇر .

3 . تەپەككۇر قۇدرىتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ ، بۇ بىزنىڭ مېڭىمىزدىكى تۇغما ئىقتىدار . ئىدىيە ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىدىن تۇغۇلۇپ ، ئەڭ ئاخىر ئوبيېكت بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزنى يېقىنلاشتۇرىدۇ .

4 . غايىنىڭ غايە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب ، ئۇنىڭ مۇقىملىق ۋە ئېنىقلىقتا ئىگە بولغانلىقىدۇر . غايە بۇگۈنى بىرنى ، ئەتىسى بىرنى ، ئۆگۈنى بىرنى ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەك ئەمەس . بۇنداق قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش كۈچىڭىزنى خورىتىپ ، ھەممىنى قالايمىقان ، مەنىسىز قىلىدۇ ـ دە ، ئاقىۋەتتە ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز .

5 . ھەيكەلتىراش بىر ياخشى مەرمەر تاشقا ئېرىشىپ ، زىۋىسىنىڭ ئىلاھىي ھەيكىلىنى ياسىماقچى بولۇپ ، ئاندىن ھەيكەلنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئويلىماي تورۇپلا بىر ساھىبجامالنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇشنى ئويلىسا ، ئاندىن يەنە ئۈسۈملۈكلەرنىڭ ھەيكىلىنى ئويلىسا ، مۇشۇنداق توختىماي ئۆزگەرتسە ، بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ ؟ ئۇ ھېچنېمىنى ئويالمىغاننى ئاز دەپ ، ياخشى ماتېرىيالنىمۇ ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ .

6 . سىز پۇل ۋە بايلىق دۇنيادىكى ئەڭ مۇستەھكەم نەرسە ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلىق مۇقىملىققا ئىگە بولغانلىق ، دەپ قارايدىغانسىز بەلكىم . لېكىن ، پۇل كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يوقىلىدۇ ، بايلىقمۇ بىر كېچىدىلا كۆككە سورۇلۇپ كېتىدۇ . دۇنيادىكى بىردىنبىر تايىنىشقا بولىدىغان نەرسە ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئەمەلىي قوللىنىشتۇر ، ئىدىيەنى كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولمىسىمۇ ، ئۇ ھەقىقەتەن تايىنىشقا ئەرزىيدۇ .

7 . بىز «چەكسىز» مەۋجۇتلۇقنى ئۆزگەرتەلمەيمىز ، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تەڭشەش ئارقىلىق ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدىغان ئالەم ئىدىيەسىگە ماسلىشىمىز . بىز ئىگە بولالايدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي كۈچ ـ قۇدرەت دەل ئۆزىمىزنى تەڭ-

شەپ ، مۇقەددەس مەڭگۈلۈك پىرىنسىپ بىلەن ماسلاشتۇرۇشتۇر . بۇ خىل ھەممىگە قادىر كۈچ - قۇدرەت تەڭشەپ ھەمكارلاشتۇرغان ئىقتىدار سىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىڭىزدىن بېشارەت بېرىدۇ .

8 . بۇ نۇقتىنى بىلسىڭىزلا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئۆتىدۇ . جاۋاب سۇپىتىدە ئۆزىڭىزنىڭ بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە بولغىنىنى ئېنىق تونۇپ يېتىسىز .

9 . بىز دائىم بىر مەزگىللىك ھاياجان ، جاھىللىق ، ساددىلىق قاتارلىقلارنى خاتا ھالدا ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتى دەپ قارىۋالىمىز . ئەمەلىيەتتە ، بۇ ساختا نەرسىنى ھەقىقىي نەرسە قىلىپ كۆرسىتىش بولۇپ ، ئۇلار ئازدۇر - كۆپتۇر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ساختا ھالىتىنى پەيدا قىلىپ بىر مەزگىل قايمۇقتۇرسىمۇ ، ئۇلار ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەت ئىنتايىن پايدىسىز بولۇپ ، ئەكسىچە زىيان يەتكۈزىدۇ ، ھەتتا ئادەمنى نىشاندىن ئاداشتۇرۇۋېتىدۇ .

10 . قورقۇش ، جىددىيلىشىش قاتارلىق سەلبىي كۆزقاراشلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىلگىرىلەش ئىشەنچىسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويالمايمىز ، چۈنكى ئۇلارنىڭ پەيدا قىلىدىغان نەتىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ ؛ پاسسىپ ، چۈشكۈن كۆزقاراشلارغا پېتىپ قالغان كىشىلەر ئەڭ ئاخىر تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرگە پاتسا ، ئۈمىدۋار كىشىلەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ھېساب كىتاب قىلىشقاندا خۇشاللىققا چۆمىدۇ .

11 . خۇراپىيلىق بىلەن جىن - ئەرۋاھلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر كۆپ بويى زىيانكەشلىك رولى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان مەنتۇيەت دۇنياسىنىڭ دولقۇنلىرىدا مەست يۈرىدۇ . ئۇلار بۇنىڭ ئۆزلىرىنى پاسسىپ ، قاتمال ، بويسۇنغۇچى ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى ، بۇ كۈچنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ خىل ئىدىيە شەكلىگە غەرق قىلىپ ، ئەڭ ئاخىر روھىنى ئۇپرىتىپ ، ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . ئۇلار تاكى ئۆلگۈچە ئېتىقادى-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

12 . يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بار ، ئۇلار ھەقىقەتەن تىر-شىپ ئىلگىرىلەپ ، بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسىنى كۆر-دۇ . بىراق ، ئۇلار قەتئىيلىك بىلەن چىڭ تۇرالماي ، مەدىبىسلا كەينىگە چېكىنىدۇ ، ئۇنىڭ شەكلىنى يوقىلىپ ، ئېنېرگىيەسى خوراپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىدۇ . قىسقىسى ، ئۇلار قەتئىيلىكنى يوقىتىپ قويىدۇ .

13 . ئۇيىنىڭ تەسىرچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ ، ئەگەر مۇددىئا ئېنىق بولسا ، بۇ خىل ئۇي تارقالسا ئەتراپتىكىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە قوزغىتىپ ، بىر خىل كۈچلۈك ئىتتىپاقلىقنى شە-كىللەندۈرىدۇ ، ئۇ چاغ بىر ئادەمنىڭ يالغۇز جەڭ قىلىدىغان چېغى بولمايدۇ ، نىشانغا قاراپ چېپىش سۈرئىتىمۇ تېزلىشىدۇ .

14 . پەقەت ئەخمەق تالانت ئىگىلىرىلا باشقىلارنىڭ ئىرادىسى-نى كونترول قىلىشنى ئويلايدۇ ، شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تەرغىباتىنىڭ ساختىلىقىغا ئىشىنىشتە ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك . بۇ خۇددى گىپنوز تېخنىكىسىنىڭ گىپنوزلانغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئورا كولىغۇچىدەك رول ئوينىغانلىقىغا ئوخشايدۇ ، بار-لىق بۇرمىلاپ چۈشىنىش قىسقا ۋاقىتلىق قانائەتكە ئىگە بولىدۇ ، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ئازدۇرۇش كۈچى بولىدۇ ، ئورا كولىغۇچىلار ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى يوقىتىپ ؛ ئۆزى كولى-غان ئورىغا سەكرەيدۇ .

15 . مەڭگۈ كۈچ ـ قۇدرەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ ، ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ، ئاسانلىقچە كۆزدىن يىتىدىغان نەرسە ئەمەس . ئۇ ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجادچان كۈچ ـ قۇدرەت بولۇپ ، چەكسىز سېھرىي كۈچنى يوشۇرغان ، بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ياردىمىدە ئۆزىمىز ئۈچۈن يېڭى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتالايمىز . ئۇ تۇزىتىش ئۇنۇمىگە ئىگە بولۇپلا قال-ماي ، خاتا ئىدىيەلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى تولۇقلاپ ، ئالدىن مۇداپىئە-

لىنىش رولىنى ئويناپ، بىزنى تۇرلۇك ئەھۋالدىكى، تۈرلۈك شەكىلدىكى خېيىم ـ خەتەرلەردىن زىيان ـ زەخمەتلىرىدىن ساقلايدۇ. مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتكە بولغان ھەقىقىي تونۇش ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ بولىدۇ، چۈنكى، مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ سېھرىي كۈچى ئادەمنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ.

16. روھ ماددا بىلەن باغلىنىشلىق، ئىدىيە ئوبيېكت بىلەن باغلىنىشلىق، مەنىۋى دۇنيادىكى تەپەككۇر ياكى پەيدا بولغان نەرسىلەر ماددىي دۇنيادا بىر ـ بىرلەپ ئىشقا ئاشىدۇ. مەنىۋىيەت چىنلىق، ھەربىر ئىدىيەنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن تەڭ مەيدانغا كېلىدىغان «چىنلىق» بەخلىرى بولىدۇ، شۇڭا، ماددىي دۇنيادا ئۇنىڭ مەقسىتى بولىدۇ.

17. مۇھەببەت بىر مەڭگۈلۈك ئاساسىي پرىنسىپ، كۆللى شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە، بارلىق پەلسەپە سىستېمىلىرى، بارلىق دىن، بارلىق پەنلەردە ئۇ تۇغما بولىدۇ. ھەممە نەرسە مۇھەببەت پرىنسىپىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ ئىدىيەگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان بىر خىل ھېسسىيات. ھېسسىيات ئارزۇ ـ ئىستەك، ئارزۇ ئىستەك بولسا ھېسسىياتتۇر. مۇھەببەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدىيە، ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى «ئىزگۈلۈك» نى تاشقى قىسمىغا كىرگۈزۈپ نامايان قىلىدۇ، چۈنكى، پەقەت ئىزگۈلۈك بولغاندىلا مەڭگۈلۈك كۈچ ـ قۇدرەت بولىدۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مۇھەببەت پرىنسىپى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ كەينىدىكى ئىجادچان ئېنېرگىيە بولۇپ، پۈتكۈل دۇنيا، پۈتكۈل ئالەمنى ئىجاد قىلىدۇ ھەم تەسەۋۋۇر كۈچى كۆللى شەيئىلەرگە فورماتسىيە ۋە كۆزقاراش بېرىدۇ.

18. مۇھەببەت پرىنسىپى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنى — كىچىككى بىر تال ئاتوم، مولېكۇلادىن تارتىپ چوڭى پۈتكۈل دۇنيا ھەتتا پۈتكۈل ئالەمگىچە

ئۆزىگە تارتىدۇ .

19 . بىز كائىنات روھىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت بولۇپلا قالماي
ماددا ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق ، بۇ ماددا بىر خىل تارتىش كۈچىگە
ئىگە بولۇپ ، مانا مۇشۇ سىرلىق تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ئارقى-
لىق ھەرىكەت قىلىپ ئىدىيەگە دىنامىكىلىق كۈچ بېرىپ ، ئوبيېك-
تىپ بىلەن باغلاپ ، دۇنيادىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنى قانداقتۇر
ئادەملەشكەن مەۋجۇتلۇقنىڭ بارلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ . كىشىلەرنىڭ
تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى قوزغاپ ، چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى كونت-
رول قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ .

20 . ئىدىيە مۇھەببەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ تۇغۇلىدۇ ،
ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى مۇھەببەت پىرىنسىپىنى كۈچەيتىدۇ .
ئىدىيە ۋە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈچتۈڭگۈر بىرلىشىۋال-
سا ھېچقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمەيدىغان تەڭداشسىز بىر كۈچنى
شەكىللەندۈرىدۇ ، بۇ خىل كۈچ دەل تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىد-
دۇر . بىز بۇ قانۇنىيەتكە بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ يەنىلا كەمتۈك
ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ، ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەردە ھە-
مىشە تېز سۈرئەتتە ، ئىنتايىن ئاسان توغرا جاۋابقا ئېرىشەلمىسەك-
مۇ ۋاز كەچمىگەندەك ، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كې-
رەك .

21 . دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئاۋۋال «روھى» ، ئان-
دىن «شەكلى» بولىدۇ ، شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال مەنىۋىيەت
دۇنياسى ياكى قەلب دۇنياسىدا پەيدا بولىدۇ ، ئاندىن تاشقى دۇنيا-
دىكى ھەرىكەت ياكى ئىشلاردا نامايان بولىدۇ ، روھ بىلەن شەكىل
ھازىرلانغاندىلا مۇكەممەللىك بولىدۇ .

22 . نېمە ئۈچۈن بىز پۈتۈنلەي يېڭى چۈشەنچىلەرنى تەستە
قوبۇل قىلىمىز ياكى تەستە ئېتىراپ قىلىمىز ؟ بىزنىڭ گۇمانلىنى-
شىمىز ، رەت قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى چوڭ مېڭىمىزدە ، ئەگەر
چوڭ مېڭە ھۆجەيرىسى بىر خىل پۈتۈنلەي يېڭى چۈشەنچە بىلەن

رېزونانس ھاسىل قىلمىسا ، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى بۇ خىل چۈشەنچە-نى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ . بۇنىڭدىكى سەۋەب چوڭ مېڭىمىزدە بۇنداق سىگنالنى قوبۇل قىلغۇچى ھۈجەيرىلەرنىڭ يوقلۇقىدۇر .

23 . بەلكىم ، سىز تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ھەممىگە قادىر كۈچ - قۇدرىتىنى چۈشەنمىگەن ، ئۇنى قانداق يەرگوزۇشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى بىلمىگەن بولۇشىڭىز ياكى چەكسىز مۇمكىن-چىلىكنىڭ ئىشكىنى ئېچىشنى بىلمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن ، ئەمىسە ھازىردىن باشلاپ كېرەكلىك مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى يارى-تىپ ، ئۆزىڭىزگە بۇ خىل چەكسىز كۈچنى ھېس قىلدۇرۇڭ . سىز تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلاشسىڭىزلا بۇ كۈچ - قۇدرەت سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ . تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك ، بۇنى قىلىشتا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ياكى ئۇيىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كې-رەك .

24 . مۇددىئا دىققەت كۈچىنى كونترول قىلىدۇ . ئىدىيەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كونترول قىلىدىغان ئاددىي جەريان بىزگە ياردەم قىلىپ كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى يارىتىدۇ . ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىدىيەگە ۋە ئەقىل - ئىدراكقا چوڭقۇرلىغىلى ، شۇنداقلا ئەڭ يۈكسەك يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەل-تۆكۈس جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

25 . ئەگەر سىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدىكى ھەممىگە قادىر كۈچ- قۇدرەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتسىڭىز ، بارلىق كۈچ-قۇدرەت مۇشۇ يەردىن تەرەققىي قىلىپ چىقىپ ، سىزگە چەكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بېغىشلايدۇ .

26 . بىپەرۋا كىشىلەر «جىمجىتلىق» بەك ئاددىي ، بەك ئاسان ئىشقا ئاشىدۇ ، دەپ قارىشى مۇمكىن . ھالبۇكى ، جىمجىتلىق تاشقى مۇھىتنىلا كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى ئادەمنىڭ ئىچىدۇر . ئە-قىل- پاراسەت ، كۈچ- قۇدرەت ياكى قالتىس نەتىجىلەرنى ئۈمىد

قىلىدىغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇ نەرسىلەرنى تاپالايدۇ. ئىچكى دۇنيا ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە سىز ئۈچۈن تۈرلۈك سىرلارنى ئاچىدۇ. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، پەقەت مۇتلەق جىمجىت ھالەتتىلا ئىلاھىي ماھىيەتكە يېقىنلىشىپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

يەنىلا ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ھالەتنى ساقلايلى. چوقۇم ئازادىلىشىپ، قەلب ۋە تەنىنىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ، بېسىم ئاستىدىكى ھەرقانداق بىر مەنىۋى ئەمگەكنى قىلماي، نېرۋا ۋە مۇسكۇللىرىمىزنىڭ ئازادە ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆزىمىزگە ھوزۇر ھېس قىلدۇرايلى. ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق كۈچ - قۇدرىتىڭىز بىلەن ماسلىشىشچان ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپ، ئالەم ئىقتىدارىنىڭ سىزنىڭ بارلىق تەلەپلىرىڭىزنى قاندۇرىدىغانلىقىنى تونۇڭ؛ ئۆزىڭىز بىلەن باشقا ھەرقانداق كىشىدە بولىدىغان ياكى بار يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكى، چۈنكى ھەرقانداق يەككە گەۋدىنىڭ ئالەمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ نايان بولۇشى ياكى ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى، ھەممىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى، تۈرى ۋە خاراكتېرىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقى، پەرق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى تونۇڭ. بىر يىل زېھنىڭىزنى يىغىپ ۋە قەتئىي بوشاشماي مەشىق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇكەممەللىككە بارىدىغان دەرۋازىنى ئاچالايسىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. تۈرمۇشتىكى نىشان قانداق قىلغاندا مۇكەممەل ئىشقا

رېزونانس هاسىل قىلمىسا ، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى بۇ خىل چۈشەنچىدىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ . بۇنىڭدىكى سەۋەب چوڭ مېڭىمىزدە بۇنداق سىگنالنى قوبۇل قىلغۇچى ھۈجەيرىلەرنىڭ يوقلۇقىدۇر .

23 . بەلكىم ، سىز تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ھەممىگە قادىر كۈچ ـ قۇدرىتىنى چۈشەنمىگەن ، ئۇنى قانداق يۇرگۈزۈشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى بىلمىگەن بولۇشىڭىز ياكى چەكسىز مۇمكىنچىلىكنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشنى بىلمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن ، ئەمىسە ھازىردىن باشلاپ كېرەكلىك مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى يارىتىپ ، ئۆزىڭىزگە بۇ خىل چەكسىز كۈچنى ھېس قىلدۇرۇڭ . سىز تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلاشسىڭىزلا بۇ كۈچ ـ قۇدرەت سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ . تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك ، بۇنى قىلىشتا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئەھمىيەت بېرىشىڭىز ياكى ئۆيىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك .

24 . مۇددىئا دىققەت كۈچىنى كونترول قىلىدۇ . ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كونترول قىلىدىغان ئاددىي جەريان بىزگە ياردەم قىلىپ كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى يارىتىدۇ . ئۆينى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىدىيەگە ۋە ئەقىل ـ ئىدراكقا چوڭقۇرلىغىلى ، شۇنداقلا ئەڭ يۇكسەك يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تەلتۆكۈس جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

25 . ئەگەر سىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدىكى ھەممىگە قادىر كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتسىڭىز ، بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت مۇشۇ يەردىن تەرەققىي قىلىپ چىقىپ ، سىزگە چەكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بېغىشلايدۇ .

26 . بىپەرۋا كىشىلەر «جىمجىتلىق» بەك ئاددىي ، بەك ئاسان ئىشقا ئاشىدۇ ، دەپ قارىشى مۇمكىن . ھالبۇكى ، جىمجىتلىق تاشقى مۇھىتنىلا كۆرسەتمەيدۇ ، بەلكى ئادەمنىڭ ئىچىدۇر . ئەقىل ـ پاراسەت ، كۈچ ـ قۇدرەت ياكى قالتىس نەتىجىلەرنى ئۈمىد

قىلىدىغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇ نەرسىلەرنى تاپالايدۇ. ئىچكى دۇنيا ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە سىز ئۈچۈن تۈرلۈك سىرلارنى ئاچىدۇ. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، پەقەت مۇتلەق جىمجىت ھالەتتىلا ئىلاھىي ماھىيەتكە يېقىنلىشىپ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

يەنىلا ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئاۋۋالقىغا ئوخشاش ھالەتنى ساقلايلى. چوقۇم ئازادىلىشىپ، قەلب ۋە تەننىڭ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلاپ، بېسىم ئاستىدىكى ھەرقانداق بىر مەنەۋى ئەمگەكنى قىلماي، نېرۋا ۋە مۇسكۇللىرىمىزنىڭ ئازادە ھالىتىنى ساقلاپ، ئۆزىمىزگە ھۇزۇر ھېس قىلدۇرايلى. ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق كۈچ - قۇدرىتىڭىز بىلەن ماسلىشىشچان ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىپ، ئالەم ئىقتىدارىنىڭ سىزنىڭ بارلىق تەلەپلىرىڭىزنى قاندۇرىدىغانلىقىنى تونۇڭ؛ ئۆزىڭىز بىلەن باشقا ھەرقانداق كىشىدە بولىدىغان ياكى بار يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكى، چۈنكى ھەرقانداق يەككە گەۋدىنىڭ ئالەمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ نايان بولۇشى ياكى ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى، ھەممىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى، تۈرى ۋە خاراكتېرىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقى، پەرق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى تونۇڭ. بىر يىل زېھنىڭىزنى يىغىپ ۋە قەتئىي بوشاشماي مەشىق قىلسىڭىز، ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇكەممەللىككە بارىدىغان دەرۋازىنى ئاچالايسىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . تۈرمۇشتىكى نىشان قانداق قىلغاندا مۇكەممەل ئىشقا

ئاشىدۇ؟
ئىدىيەنىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ئارقىلىق.
2. مۇتلەق زورلۇر ئۇچ قەدەم نېمە؟
بىرىنچىسى، ئۆزىگىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى چۈشىنىش؛ ئىككىنچىسى، جەڭ ئىلان قىلغۇدەك جاسارەت بولۇش، ئۈچىنچىسى، قىلغۇدەك ئىشەنچ بولۇش.
3. قانداق قىلغاندا ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟
تەبىئەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش ئارقىلىق.
4. بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەندە قانداق جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ؟
بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىنى چۈشەنگەندە ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ئاڭلىق ھېس قىلىپ، قولايلىق پۇرسەتتە ئۆزىمىزنى تەڭشىيەلەيمىز.
5. بىزنىڭ ئېرىشكىنىمىز ياكى مۇۋەپپەقىيىتىمىزنىڭ دەرىجىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟
مۇنۇ قائىدىنى تونۇپ يەتكەن - يەتمىگەنلىكىمىزگە قارايمىز: بىز «چەكسىزلىك» نى ئۆزگەرتەلمەيمىز، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىمىز.
6. ئىدىيەگە دىنامىكىلىق كۈچ بېغىشلاش قانۇنىيىتى نېمە؟
تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى، تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى مۇھەببەت پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. مۇھەببەت ئىچىدە يېتىلىپ تۇغۇلغان ئىدىيە يېڭىلمەستۇر.
7. نېمە ئۈچۈن بۇ قانۇنىيەت يىمىرىلمەس دەيمىز؟
چۈنكى، ئۇ دېگەن تەبىئەت قانۇنىيىتى. بارلىق تەبىئەت قانۇنىيىتى يىمىرىلمەس، ئۆزگەرمەس بولىدۇ.
8. نېمە ئۈچۈن بەزىدە بىز تۇرمۇشتا قول تۇتىدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قالىمىز؟

www.uyghurkitap.com

بۇ ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئىشلىگەندە قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانغا ئوخ-
شايدۇ. سوئالنى ئىشلىگەن ئادەمنىڭ تەجرىبىسى بولمايدۇ ياكى بۇ
جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگەنمىگەن بولىدۇ.

9 . نېمە ئۇچۇن بىزنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكىمىز بىر خىل يېڭى
كۆزقاراشنى ئۆزلەشتۈرەلمەيدۇ؟

چۈنكى، بىزنىڭ كاللىمىزدا رېئونانسلىق مېڭە ھۈجەيرىلىرى
قوبۇل قىلىدىغان مۇناسىپ ئۇچۇرلار بولمايدۇ.

10 . قانداق قىلغاندا ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

مەنىۋىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق؛ مەنىۋىيەتنى مەر-
كەزلەشتۈرسىڭىز ئەقىل ـ پاراسەت ئىشىكىنى ئاچالايسىز،
ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەنبەسى ئىچىڭىزدە.

# 13 ـ ساۋاق : پايدىلىق روھىي بەدەل تۆلەش

ياسىلىشى ئۆزگىچە سىدنىي تىياتىرخانىسى ، قەدىمىي ، نەپىس پارىژ بۈۋىمەرىيەم چىركاۋى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەقىللىق ، ئىجادچانلىقتا باي ئارخىتېكتورلار بىنا قىلغان . ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كېيىنكىلەرگە تارقىلىپ ، ئۇلارنىڭ نامىنى سالنامىلەرگە كىرگۈزگەن . ئارزۇمۇ ئۇلۇغ ئارخىتېكتور ، ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ ئارخىتېكتور . ئارزۇ كىشىلەرنىڭ روھىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ ، ئۇلار گۈمانلارنىڭ شالاڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ۋە پەردىلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ ، كەلگۈسى ۋاقىتنىڭ تاملىرىنى تېشىپ ئۆتىدۇ . ئۇلار ئىمپېرىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرى ، ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى پادىشاھلىق تاجىدىنمۇ قىممەتلىك ، تەختتىنمۇ يۈكسەك .

گۈزەل ئارزۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنىدا تاملارغا ئارزۇپەرەسلەرنىڭ قەلبىدىكى سۈرەتلەر سىزىلغان . برونىلانغان ھارۋا چاقى ، پولات چىۋىقلىق قاپقاق ئىزى ، ئۈششاق بۇرما مىخلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇ ئارقىلىق ئاسما گىلەم توقۇشنىڭ يىپلىرى بولۇپ ، ھەممىسى ئارزۇ ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان . ئارزۇ بىر خىل مەنىۋى رول ، ئۇ ھەمىشە ھەرىكەت ۋە ئىشتىن بۇرۇن بولىدۇ . تام يىقىلسا ئىمپېرىيە ۋەيران بولىدۇ ، دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلسە مۇستەھكەم قىيا تاشلار پارچىلىنىدۇ . ۋاقىت دەرىخىدىكى ئۈزلۈكسىز چىرىگەن پادىشاھلىق شاخلىرى قۇرۇپ سولىشىدۇ ، پەقەت ئارزۇپەرەسلەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بارلىق نەرسىلىرىلا ساقلىنىپ قالىدۇ .

فىزىكا بىزنى كەشپىيات يارىتىشنىڭ سىرلىق دەۋرىگە ئېلىپ

كىردى ، روھىيەت ئىلمىنىڭ نەزىرىدە كېمىلەر يەلكەن يېيىشقا باشلىدى ، ئارزۇپەرەسلەرنىڭ ئاشكارا مەيدانغا چىقىدىغان دەۋرى يېتىپ كەلدى ، ئۇلار بارلىق ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ ، دۇنيانى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، مەنىۋىيەتتە شەكىللەنگەن مۇددىئالارنى ئەڭ ئاخىر بىز ئىگە بولغان رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ ، بىزنى چۈش كەبى رېئاللىق ئىچىدە ياشىنىتىدۇ .

1 . كەم كۆرۈلىدىغان ، ئالاھىدە ئىشلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى شەرھىلەش ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىپى . ئۇ خۇددى ماگنىت ئىستىرېلكىسى بار كومپاسقا ئوخشاش ئىلىم ـ پەننىڭ پۈتكۈل بايقاشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ .

2 . يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنىڭ ھەرىكىتى يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، چاقماق ئادەتتە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئائىئورگانىك دۇنيادىكى ئۇششاق ئېنېرگىيەلەرنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ . بۇ تاسادىپىي ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز : يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنىڭ ھەرىكىتى يەر شارىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ھازىرقىدەك قىيापەتكە كەلتۈردى ، چاقماق توكنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كىردى .

3 . ئارخېئولوگلار سىبىرىيەدىن غايەت زور چىشنى بايقىدى ، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئۆزگىرىشى خاتىرىلەنگەنىدى ; گېئولوگلار يەر شارىنىڭ چوڭقۇرىدىن بايقىغان بىر پارچە تاشقاتمىسى ، بىزگە بۈگۈنكى تۇرالغۇمىزدىكى تاغ ، دەريالارنىڭ مەنبەسىنى دەپ بەردى .

4 . ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى ئەقلىي خۇلاسە بىلەن تەجرىبە ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىلمىي مېتودولوگىيە ، ئۇ خۇراپاتلىق ، قائىدە ـ

يوسۇن ۋە ئۆرنەكلەرنى بۇزۇۋەتتى . ئىندۇكسىيە ئۇسۇلى ئوپېراتسىيە پىچىقىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى تار بىر تەرەپلىمە قاراشلار ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قاتمال نەزەرىيەلەرنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ، ئەڭ ئۆتكۈر كىنايە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ بەكرەك ئۈنۈم بېرىدۇ .

5 . پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كۆپ ھاللاردا ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى مەۋھۇم ئالەمدىن رېئال دۇنياغا ئېلىپ كىرىپ ، زوراۋانلىق ئارقىلىق كىشىلەرنى بىلىمسىزلىككە مەجبۇرلىماستىن ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزگەنلىكىگە ؛ بىزنىڭ كاللىمىزدىكى قاتمال چۈشەنچىلەرنى مۇبالىغە قىلماستىن ، ئەڭ يېڭى كېرەكلىك بايقاشلارنى ئاممىغا جاكارلىغانلىقىغا مەنسۇپ . 300 نەچچە يىل بۇرۇن باكون كىشىلەرگە بۇنداق ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تونۇشتۇرغاندى ، چۈنكى بۇ خىل كۈچ ئۇنىڭ كەشپىيات ئىقتىدارىنى ياراتقاندى .

6 . مەيلى بىپايان ئەدەبىيات بوشلۇقى ياكى كەسكىن ماتېماتىكا دۆلىتى بولسۇن ، مەيلى مەزمۇنى كەڭ ئىجتىمائىي پەن ياكى مىكرو دۇنياغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ھۈجەيرە ئىلمى بولسۇن ، بارلىق پەن ساھەلىرىدە ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنىڭ ئىزنالىرى بار ، يېڭى دەۋر بەخش ئەتكەن يېڭى كۆزىتىش ۋاستىلىرى ئاستىدا بۇ خىل ئۇسۇل يەنە سەل قارالماي ، زور ئۈنۈملەرنى يارىتىۋاتىدۇ . مانا بۇ ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە دائىرىسىدۇر .

7 . تومۇرنىڭ سوقۇشى مىنۇتىغا 70 قېتىمدىن تۆۋەن بولىدۇ ، بۇ قانۇنىيەت ئىندۇكسىيە ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق يەكۈنلەپ چىقىرىلغان . ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىنى بۇزىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن بولىدۇ ؛ يەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشى

كىشىلەرنىڭ جانلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى بىلگەنلىكىدىن بولىدۇ؛ سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىشنىڭ قولايلىق بولۇشى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئىلغارلىقىدىن بولىدۇ. قەدىمكى دەۋردىكى كىشىلەر ئۆتۈشكە ئامال بولمايدۇ دەپ قارىغان دەريالارنىڭ ئىككى قىرغىقى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولدى، نەزىرىنى قاراڭغۇلۇققا تىككەن ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى، كىشىلەر خاتىرجەم ھالدا دادىللىق بىلەن دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى يەر شارىنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە شۇڭغۇيالايدۇ، ئەركىن ھالدا ئېگىز ئاسماندا ئۇچالايدۇ، ھازىر بىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق توسالغۇ يوق.

8. بارلىق ۋاستىلىك ۋە بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ يەككە گەۋدىنىڭ ئىشلىرىنى ئىنچىكە، سەۋرچان، توغرا كۆزىتىش ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىنسانلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى زور، بىز بۇ پاكىتلار ۋە تەلىملەرنى يۈرىكىمىزنىڭ چوڭقۇرلىرىدىن تونۇپ، بۇ ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتنى خۇلاسىلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

9. فرانكلىن چاقماقنىڭ پرىنسىپى ۋە ئېلېكتروماتوردىن چىقىدىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدەپ باتۇرلۇق بىلەن گۈلدۈرمامىلىق قاتتىق يامغۇردا تۇرغان؛ نيۇتون ئالمىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن قايتا تەجرىبە ئىشلىگەن ۋە ئىزدەنگەن. ئۇلار بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىزدۇر.

10. بىز ئۆزىمىز كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىشقا دىققەت قىلالمىساق، ئۆزىمىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرگە سەل قارايمىز. ئىلىم - پەننىڭ بۇ قاتلامدىكى قورۇلۇشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك، ئۇ كەڭ، مۇستەھكەم ئاساسقا يىلتىزلاشقا موھتاج. بىز ئومۇمىيۈزلۈك، مۇستەھكەم ئىلگىرىلەش ئۈمىدىمىز ئاساسىدا، ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتنىڭ قىممىتى ئاساسىدا بىتەرەپلىمە قاراشلارنىڭ بىزگە سەل قاراش ياكى ھالاكەت ئېلىپ كېلـ

شىدەك خەيرىيەتسىز ئىشلارغا يول قويمايمىز . چۈنكى ، ئاشۇ مۇ-ھىملىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان پاكىتلار دەل كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆزىتىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھادىسىلەردۇر .

11 . بۇ كۆپ مەنبەلەشكەن جەمئىيەت كۆپ مىقداردىكى مۇرەككەپ ئۇچۇرلار بىلەن توشۇپ كەتكەن . بۇنىڭغا قەتئىي ئالدىنىپ قالماسلىق ياكى بىزار بولماسلىق كېرەك ، نۇرغۇن پاكىتلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئەھمىيىتىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ . كۆزىتىش ئارقىلىق بىز تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى يىغىپ ، ئىندۇكسىيە ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ھەربىر پاكىتقا نىسبەتەن تاللاش ، تاسقاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك .

12 . بىز ياشاۋاتقان سەييارە شۇقەدەر كەڭكى ، دائىم بەزى غەلىتە ، ئادەمنىڭ چۈشىنىشكە قۇربى يەتمەيدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ . ئەگەر بىز كەينىگە چېكىندۈرۈلۈپ ، تەبىئەتتىن ھالقىغان بۇ ھادىسىلەرنىڭ مۇداخىلىسىنىڭ نەتىجىسىنى تىلغا ئالساق ، بۇ ھادىسىلەر بىزگە نىسبەتەن مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدۇ . ئەگەر بىز ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقىدىن پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بارساق ، ئەمەلىيەتتە بارلىق ئادەتتىن تاشقىرى ھادىسىلەرنى ئىلىم - پەن ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز . تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بولغان ئىلمىي چۈشەندۈرۈش بىزگە تەبىئەتتىن ھالقىغان ھادىسە ھېسابلىنىدىغان ھېچقانداق ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

13 . سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى قائىدىسى ھەرقانداق ئەھۋالدا ، ھەرقانداق جايدا ئىشلىتىلىدۇ ، بارلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدە ئۆزلىرىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ ، بۇنداق سەۋەب چوقۇم مەلۇم مۇھىم قانۇنىيەت ياكى پىرىنسىپ بولۇپ ، مەيلى بىز ئېتىراپ قىلايلى ياكى ئىنكار قىلايلى ، ئۇ مۇقەررەر توغرا ، باشتىن - ئاخىر بىردەك بولىدۇ .

14 . شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدىكى ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنى تېخىمۇ ئاسان بايقاش ئۈچۈن بىز دىققىتىمىزنى تارتىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئىنچىكە تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىز مەيلى ماددا بولسۇن ، روھ بولسۇن ياكى قەلب بولسۇن ، ئىدىيەنىڭ ئىجادچان كۈچى بارلىق كەچۈرمىش ۋە كەچمىشلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز .

15 . ئىلىم ـ پەننىڭ كەڭ زېمىنىدا بىز خالىغانچە ئېكسپېدىتسىيە قىلالىساق بولىدۇ ، كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان «چەكلەنگەن رايون» يوق ، بىزنىڭ بىلمەسلىكىمىز بىھاجەت بولغان ھېچقانداق نەرسىمۇ يوق . يېڭى چۈشەنچىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسا قارشىلىققا ئۇچرىسىمۇ ، بۇ قارشىلىق سادالىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ . كولومبۇ ، دارۋىن ، گالىلېي ، بىرونولار مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىنىشلار ، ھەتتا ئېچىنىشلىق قىيىن ـ قىستاقلارنى باشتىن كەچۈردى ، بىراق ئۇلارنىڭ تەلىماتى ۋە كۆزقارىشى ئاخىر يەنىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ھەقىقەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى .

16 . ئىدىيە مەنىۋى ھالەتنىڭ رەھبىرى ، قانداق ئىدىيە بولسا شۇنىڭغا لايىق مەنىۋى ھالەت پەيدا بولىدۇ . ئەگەر بىز كېسەللىكتىن ئەنسىرىسەك ، كېسەللىكتىن ئىبارەت بۇ خىل ئوي مۇقەررەر نەتىجىگە ئايلىنىدۇ . بۇنداق ئىدىيە شەكلى كۆپ يىللار جاپالىق تىرىشىشنى يوققا چىقىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ساغلاملىق بىزدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ .

17 . كونىلاردا ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق دېگەن گەپ بار ، ئويىنى ئېھتىياجلىق ئەھۋالغا مەركەزلەشتۈرۈپ ، بۇ خىل ئەھۋالنى قوزغىتىپ ، ماس تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە بۇ خىل ئەھۋالغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ . ئەڭ ئاخىر ، بىزنىڭ ئۆز ئارزۇيىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان كەچمىش بار بولىدۇ . ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر بايغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ ، مۇشۇنى نىشان قىلسىڭىز ، چوقۇم ھەقىقىي بايغا ئايلىنالايسىز .

18 . بەخت ـ سائادەت ۋە ماسلىشىشچانلىق بارلىق كىشىلەر-نىڭ ئارزۇسى ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇسى ، شۇنداقلا ھەربىر ئادەمنىڭ ئىنتىلىشى . ئورتاق ئارزۇ بىزنى باغلايدۇ . ئەگەر بىز باشقىلارنى بەخت شادلىقىغا چۆمدۈرەلىسەك ، ئۆزىمىزمۇ ھەقىقىي بەختنى ھېس قىلالايمىز .

19 . ساغلاملىق ، كۈچ ـ قۇدرەت ، دوستلۇق ، ئادەمنى خۇ-شال قىلىدىغان كەچمىشلەر دۇنيانىڭ بىزگە بەرگەن سوۋغىسى ، دۇنيا بىزگە بېرىدىغان بارچە نەرسىلەرنى ئىگىلىيەلىسەك ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىمىز .

20 . ئالەم روھى ئەڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچى بولۇپ ، ئۇ بارلىق ماددىلارنىڭ مەنبەسىدۇر . بىز كۆللى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلى-رىغا ئىگە قىلىنغان ، خالىساق ، ئىنتىلىشىمىز بولسىلا بارلىق ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز .

21 . ھەممە نەرسىنىڭ رېئاللىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەنبە قىلىدۇ . ئەگەر بىر بالا شىرغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەر بايان قىلىنغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ، ئەمما ھەقىقىي شىرغا يېقىنلىشىپ باقمىغان بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ بىر كۈنى شىر بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ قالغاندا ، ئۇچراتقان نەرسىنىڭ كىتابتا سۆزلەنگەن ئادەم يەيدىغان ياۋايى مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ .

22 . ئىدىيە سەۋەب ، شارائىت نەتىجە . شۇڭا ، تۇرلۇك پايدى-لىق ئىدىيەلەرنى ، مەسىلەن ، جەسۇرلۇق ، ھاياجان ، ساغلاملىقنى سەرپ قىلغاندا مۇناسىپ نەتىجە چوقۇم بولىدۇ . تەبىئەت قانۇنىيى-تى ئىنتايىن ئادىل بولۇپ ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغىنى پۈتۈن-لەي ئۇنىڭ سەۋەب قىلغىنىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ .

23 . ئىدىيە مەنىۋىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ جانلىق ، ئەڭ ئى-جادچان تەركىب ، بىراق ، ئاڭلىقلىق ، سىستېمىلىشىش ، قۇرۇش-چانلىقنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا ، ھېچقانداق نەرسىنى يارىتقىلى بولمايدۇ . مانا بۇ خام خىيال بىلەن قۇرۇشچان ئىدىيەنىڭ پەرقى ،

خام خىيال ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈپ ، زېھنىي كۈچنى خورىتىدۇ ، قۇرۇشچان ئىدىيە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادىيەتنى ، مۇۋەپپەقىيەتنى دېرەك بېرىدۇ .

24 . ۋۇجۇدىمىز دۇچ كېلىدىغان بارلىق كەچمىشلەر تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ، شاد ـ خۇرام ئاڭلا بىر ـ بىرىنى جەلپ قىلىپ ، ناخۇش ئويلارنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن چىقىرىپ تاشلايدۇ . شۇڭا ، يېڭى ئەھۋال ئاستىدىكى يېڭى تەلەپكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاڭدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى كېرەك ، ئاڭدا ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە بارلىق ئەھۋاللار ئۆزگەرگەن ئاڭغا لايىقلىشىپ پەيدىنپەي ئۆزگىرىدۇ .

25 . ئالەمدىكى ماددىلار ھەممە يەردە مەۋجۇت ، ھەممىگە قادىر ، ھەممىنى بىلىدۇ . كائىنات روھىنىڭ چەكسىز ئېنېرگىيەسى ۋە چەكسىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ ياخشى قوغدىيالايمىز . بۇ خىل شەكىل ئارقىلىق بىز چەكسىز كائىنات روھىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز .

## قەلبنى تاۋلاش

بىز بۇ ساۋاق ئارقىلىق يەككىلىكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ، ماھىيەت ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكى ، ئۆزلۈكنىڭ ئۇلۇغ بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق . ماھىيەت ، تۈر ۋە خاراكتېر جەھەتتە پەرۋەردىگارنىڭ سىز ۋە باشقىلارغا ئاتا قىلىدىغىنى پەرقسىز بولىدۇ ، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان بىردىنبىر پەرق سەۋىيە جەھەتتىكى پەرقتۇر .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . تەبىئەت پەيلاسوپلىرىنىڭ بىلىم ، قوللىنىشچان بىلىمگە ئېرىشىشتىكى ئۇسۇلى نېمە؟

يەككە پاكىتلارنى ئىنچىكە ، سەۋرچان ، توغرا ھالدا كۆزىتىپ ، يېتىدىكى بارلىق ماتېرىياللار ۋە تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ، مۇشۇ ئاساستا دادىللىق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەت شەرھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر .

2 . بىز بۇنداق ئۇسۇلنىڭ توغرىلىقىغا قانداق ئىشىنىمىز؟

ئىچكى دۇنيايىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا سەل قارىماسلىقىمىز ، ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان پاكىتلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم .

3 . قايسى ئىشلار تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئېھتىياجلىق؟

كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆزىتىش ئارقىلىق چۈشەندۇرۇپ بەرگىلى بولمايدىغان پاكىتلار .

4 . بۇ نەزەرىيەنىڭ ئاساسى نېمە؟

تەجرىبە ۋە ئەقلىي خۇلاسە .

5 . بۇنداق مېتودولوگىيە نېمىنى ئاغدۇرىدۇ؟

ئۇ خۇراپاتلىقنى ، ئۆلگىنى ۋە ئەنئەننى ئاغدۇرىدۇ .

6 . بۇ قانۇنىيەت قانداق بايقالغان؟

ئاز كۆرۈلىدىغان ، ناتونۇش ، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلەش ئارقىلىق .

7 . بىز غەلىتە ، بۇگۇنگىچە چۈشىنىشكە ئامال بولمىغان ھادىسىلەرنىڭ شەرھىسىنى قانداق ئىزدەيمىز؟

ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچى ئارقىلىق .

8 . نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟

بىز بىر پاكىتنى چۈشەنگەندە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز ،

www.uyghurkitap.com

ئۇ مەلۇم ئىنىق سەۋەبنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ سەۋەب چوقۇم ئىنتايىن توغرا يۇرگۇزۇلگەن بولىدۇ.

9 . بۇنداق تونۇشنىڭ نەتىجىسى نېمە؟

يۇز بېرىشى مۇمكىن بولغان بارلىق ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبىنى مەيلى ماددىي، روھىي ياكى قەلبىي بولسۇن، چۇشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

10 . بىز قانداق قىلغاندا ئەڭ زور مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيمىز؟

بىز مۇنداق پاكىتنى تونۇشىمىز كېرەك: ئىدىيەنىڭ ئىجادچان ماھىيىتىگە بولغان تونۇش بىزنى «چەكسىز» كۇچ - قۇدرەت بىلەن باغلايدۇ.

# 14 ـ ساۋاق : ئىدىيە تېررىتورىيە-
# يىڭىزنى قوغداڭ

بۈگۈنگىچە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش جەريانىدا بىز پەيدىنپەي
ئىدىيەنىڭ ماھىيەتتە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مەنىۋى پائالىيەت
ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ئىنسانلاردا تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان ئىجادىيەت
ئىقتىدارىنى ھازىرلىتىدىغانلىقى ، ھەتتا بۇنداق ئىجادىيەت ئىقتىدا-
رىنىڭ قىسمەن ئىدىيەلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي ، پۈتكۈل ئىدى-
يەلەرنىڭ ئورتاق نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق . شۇڭا ، بۇ
قانۇنىيەت «رەت قىلىش ، ئىنكار قىلىش» پىسخىكىسى جەريانىغا
ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ، بىزگە تېخىمۇ پاسسىپ ئامىللارنىڭ يېتەكچى-
لىكى ۋە تەسىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ .

ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مەنىۋىيىتىنىڭ باغلىنىشى ئىككى
باسقۇچ — ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق بولىدۇ .
ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتى بىز ئادەتتە كۆ-
رۈپ تۇرىدىغان شامال كۆرسەتكۈچ بىلەن ھاۋا رايىنىڭ مۇناسىۋە-
تىگە ئوخشايدۇ . شامال كۆرسەتكۈچ ئاتموسفېرادا مەلۇم ۋاقىت ،
مەلۇم مەزگىلدە يۈز بېرىدىغان ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى ئاددىي ،
توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ . شۇنىڭدەك ، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى
بىلەن ئاشكارا ئېڭىنىڭ ھەرىكىتىمۇ مۇشۇ خىلدىكى مۇناسىۋەتتۇر .
ئاشكارا ئاڭدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغاندا ، يوشۇرۇن ئاڭمۇ ۋەزىيەت-
نىڭ تەرەققىياتى ، ئۆزگىرىشىگە باقىدۇ . ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ پىس-
خىك تۈيغۇسىدا پەيدا قىلىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولىدۇ ، تەسىر-
نىڭ چوڭقۇرلۇق ياكى كۈچلۈكلۈك دەرىجىسىدىن ئېيتقاندىمۇ شۇن-
داق بولىدۇ .

شۇڭا ، بىز ئادەمنى تىت ـ تىتلىق ، ئىچى سىقىلىش ، ئۈمىد-

سىزلىك قاتارلىقلارغا باشلايدىغان سەلبىي ھېسسىياتلارغا دۇچ كەلگەندە ، مۇشۇ سەۋەبتىن قارشى تۇرساق ياكى ئىنكار قىلساق ، بۇ چاغدا بىز ئىدىيەدىكى ئىجادىي كۈچنى تۇيماستىن ئاجرىتىپ چىققان بولىمىز ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ ئىدىيەمىزدىن يوقىلىدۇ ، ھەتتا ئىجادچانلىقمۇ قايتا قوزغىتىلالمايدۇ ياكى يېڭىسىغا ئالمىشالمايدۇ .

بىز شۇنىڭغا ئىشەنسەك بولىدۇ ، ئىنساننىڭ تەپەككۇرى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدۇ . شۇڭا ، بىز ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان ، ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئەھۋالغا يولۇققاندا ، باشتىن ـ ئاخىر شۇنىڭغا غەرق بولۇپ كېتىشىمىزمۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدۇ . ئالايلۇق ، بىر تۈپ دەرەخ يىلتىزى ئېلىۋېتىلگەندە بىر مەزگىل ياپيېشىل ھالىتىنى ساقلاپ قالالىسىمۇ ، ئۇزاق ئۆتمەي ئاستا ـ ئاستا قۇرۇپ ئۆلىدۇ . دېمەك ، ئادەمنىڭ ئىدىيەسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ ، بىز پاسسىپ ياكى سەلبىي كەيپىياتلاردىن ئۆزىمىزنى ھەقىقىي قۇتقۇزۇپ چىقساق ، ئەلۋەتتە ئاستا ـ ئاستا بۇ خىل ئىدىيەۋى كەيپىيات بىلەن خوشلىشىمىز .

بۇ بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆنۈپ قالغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ ، پەيدا قىلىدىغان نەتىجىسىمۇ زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . ئارىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ دىققىتىنى داۋاملىق ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزى قانائەت قىلمىغان ئەھۋاللار ياكى ئىشلارغا قارىتىدۇ ، ھالبۇكى ، بۇ خىل زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشتە ناچار ، پاسسىپ كەيپىيات ئىدىيەمىزدە زور دەرىجىدە جارى بولىدۇ ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ ، مۇشۇ تۈپەيلى ئۇلار ھاياتىي كۈچىمىز ۋە ئېنېرگىيەمىزنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ .

1 . كۈللى شەيئىلەرنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسى بولىدۇ ، ئالەم چەكسىزدۇر . ئالەمنىڭ ئۆزى بارلىق ھەرىكەت ، نۇر ، ئىسسىق-

لىق ، رەڭنىڭ مەنبەسى ، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە بارلىق ئىشلار پەيدا قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنىڭ سەۋەبكارى ، بىز ئالەمدىكى ماددىلار ئىچىدىن بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قابىلىيەتنى تاپالايمىز .

2 . بىز ئاستا ـ ئاستا بۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيىتىنى پىششىق تونۇپ ئىگىلەيمىز ھەم ئاستا ـ ئاستا ئىنساننىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى تونۇيمىز ، ئۇ بىزگە كۆللى شەيئىلەر ، يەنى ئالەمنى تونۇتۇش بىلەن بىللە ، ئىستىخىيەلىك ھالدا ئۆزىمۇ بۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ماسلىشىپ ، ماسلىششچانلىق ، بىر دەكلىككە يېتىدۇ .

3 . ئەقىل ـ پاراسەت ئادەمنىڭ مېڭىسىدىلا مەۋجۇت بولماي-دۇ ، ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئىنساننىڭ ھەربىكىتىگە مۇرا-جىئەت قىلغاندا ، بىز ئىنسان ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە ماددىغا ئوخشاش ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنە-لەيمىز .

4 . نۇرغۇن ئادەملەر — سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — مۇنداق سورىشى مۇمكىن : بۇ ئاساسىي پىرىنسىپنىڭ توغرىلىقىنى قانداق قىلغاندا ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز رېئال تۇرمۇشتا بۇ خىل كۆزقاراش ياكى تەپەككۇرغا تايىنىپ ئۆزىمىز ئۈمىد قىل-غان ئىلەككە ياكى نەتىجىگە يېتەلمەيمىز ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن ئاددىي . بىز ئېرىشمەكچى بولغان بارلىق نەتىجىلەر بىزنىڭ بۇ كۆزقاراشنى ھېس قىلىش ۋە مەشغۇلات قىلىش دەرىجىمىز بىلەن باغلىنىشلىق . بىزنىڭ بۇنى تونۇپ ، ئىگىلىشىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ، چوڭقۇر بولسا ، ئۆزىمىز يەتمەكچى بولغان غايىنىڭ نەتىجىسىگە بارغانسېرى يېقىنلايمىز .

5 . بۇ بىر يۈرۈش تەرتىپلىك قانۇنىيەتلەر قەلبىمىزنىڭ ئۆزد-نى پىششىق تونۇش دەرىجىسىگە بېقىپ ئۈزلۈكسىز يېلتىز تار-تىپ ، بىخلىنىدۇ . ئۇ بىزگە تۇيدۇرماي تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، بىز ئۈچۈن ئىلگىرى ھېچكىم مې-

كىپ باقمىغان كەلگۈسىنىڭ يولنى ئېچىپ بېرىدۇ ، بۇ يول بىزنى يېڭى قەلب ھالىتىگە باشلاپ كىرىپ ، يېڭى ئىچكى ـ تاشقى ئۆزئارا مۇناسىۋەت قۇرۇشىمىزغا ھەمدەمدە بولىدۇ .

6 . مەنىۋىيەت ئادەتتىن تاشقىرى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىققا ئىگە . مەنىۋىيەتنىڭ يەۋقۇلئاددە ئىجادىيەت كۈچى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە مەنسۇپ بولۇپ ، بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادىي كۈچنىڭ مەنبەسى بارلىق ئېنېرگىيە ۋە ماددىلارنىڭ ئىپتىداسى ۋە بۆلىقى بولغان ئالەمدۇر ، بىز يەككىلىك بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئالەم ئېنېرگىيەسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى ھېسابلىنىمىز . ئالەم بىز ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ ، بىزمۇ ھەربىر تارماق ئېقىنلار ئارقىلىق بىرىكىپ ئۆزىمىزنى ئىپادىلەيمىز . يەككىلىك ئالەمنىڭ ئىچكى كۈچى مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىمۋولى .

7 . ئالەملار ماددىلارنىڭ تەركىبى سان ـ ساناقسىز مولېكۇلا-غا بۆلىدى ؛ مولېكولا يەنە ئاتومغا ، ئاتوم يەنە ئېلېكترونغا بۆلۈن-دى . ئېرىتىلگەن قاتتىق مېتاللار بىۋاستە ۋاكۇم ھالەتتىكى پىرو-بىركىغا قويۇلۇپ ، ئېلېكترون كۆزىتىلىش ئارقىلىق ، ئېلېكتى-رونىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىز ياشاۋاتقان پۈتكۈل بوشلۇقتا تارقالغانلىقى ئىسپاتلاندى . ئۇلار كۆللى شەيئىلەردە مەۋجۇت ، كۆللى شەيئىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئېلېكترون بولۇپ ، بىزنى ۋاكۇئوم بەلبېغىغا ئېلىپ كىرىدۇ ، بىز ئېلېكترونىنى كۆللى شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى بولغان ئالەم ماددىسى دېيەلەيمىز .

8 . بىز ئېلېكترونىنىڭ «بۇيرۇق» قا بىنائەن خىزمەت قى-لىپ ئاتوم ياكى مولېكۇلانى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز . بۇ خىل بۇيرۇق قىلغۇچى دەل بىز دەۋاتقان «ئالەم روھى» دۇر . ئېلېكترونىنىڭ ئېنېرگىيە يادروسى مەركىزىي ئوقنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ ئاتومنى تەشكىل قىلىدۇ ؛ ئاتوم مۇئەييەن نىسبەت بويىچە بىرىكىپ مولېكۇلانى شەكىللەندۈرىدۇ ، بۇ مولېكۇلا ئۆزئارا بىرى-كىپ نۇرغۇن خىمىيەۋى بىرىكمىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ ، بۇ خى-مىيەۋى بىرىكمىلەر يەنە پۈتكۈل ئالەمنى تەشكىل قىلىدۇ .

9 . ھىدروگېن ئاتومى بىز ھازىر بىلىدىغان ئەڭ كىچىك ئاتوم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېلېكترونىنىڭ 1700 ھەسسىسىگە تەڭ . بىر سىماب ئاتومىنىڭ ئېغىرلىقىمۇ ئېلېكترونىنىڭ 300 مىڭ ھەسسىسىگە تەڭ . ئېلېكترون ساپ مەنپىي زەرەت بولۇپ ، ئۇ ئالەمنىڭ ئېنېرگىيەسى سۈپىتىدە يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ، ئىدىيە (سېكۇنتىغا 189380 ئىنگلىز چاقىرىمى ) بىلەن ئوخشاش سۈرئەتكە ئىگە ، شۇڭا ، ئېلېكترون بارلىق ماكان - زاماندا ھەرىكەت قىلىش ، كېسىپ ئۆتۈشكە قەتئىي قادىر .

10 . دانىيەلىك ئاسترونوم رومۇ 1676 - يىلى يۇپىتېرنىڭ ئايىنى توسۇۋېلىش ھادىسىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق يورۇقلۇق تېز-لىكىنى ئۆلچىگەن . يەر شارىنىڭ يۇپىتېر بىلەن بولغان ئارىلىقى-نىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ ، يۇپىتېرنىڭ ئايىنى توسۇۋېلىشى-نىڭ يۈز بېرىشى ئالدىنئالا مۆلچەرلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن ياكى سەككىز يېرىم مىنۇت كېچىكىپ بولغان ؛ رۇمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسە چىقارغان : يۇپىتېردىن چىققان يورۇقلۇق 17 مىنۇتتا يەر شارى ئوربىتىسىنىڭ رادىئۇسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ، بۇ يەر شارى بىلەن يۇپىتېرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى شەكىللەندۈر-گەن . بۇ خۇلاسە كېيىن دەلىللىنىپ ، نۇرنىڭ سۈرئىتىنىڭ سې-كۇنتىغا 186000 ئىنگلىز چاقىرىمى كېلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان .

11 . ئېلېكترون ئادەم تېنىدىكى ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قى-لىدىغان ھۇجەيرىلەرگە ئوخشايدۇ ، ئۇلار ئادەم تېنىدە چەكسىز رول پەيدا قىلىدۇ . بۇ مۇكەممەل روھىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھۇجەيرىلەرنى پۈتۈنلەي ئەركىن ، مۇستەقىل خىزمەت قىلدۇرغى-نىغا ئوخشايدۇ . ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە يىغىلىپ ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ ، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولىدۇ . بەزى ھۇجەيرى-لەر ئادەم تېنىنى تەشكىل قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتسە ، بەزىلىرى ئادەم ئېھتىياجلىق تۈرلۈك ئاجرالمىلارنى چىقىرىش بى-لەن ئاۋارە بولىدۇ . بەزىلىرى ماددا يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولسا ،

www.uyghurkitap.com

بەزىلىرى كۆكۈل قويۇپ يارىلارنى داۋالايدۇ ؛ بەزىلىرى قان تومۇر- لارنى تازىلاپ ، ئەخلەتلەرنى يوقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ ؛ تېخىمۇ مۇھىمى بەزى ھۈجەيرىلەر ئالدىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ ، بەدەن ئىچىگە كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىنى تو- سىدۇ .

12 . ھۈجەيرىلەر ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ ، ھەتتا خىزمەت نىشانى ئوخشاش بولىدۇ . ھەربىر ھۈجەيرە ئۆزىنىڭ خىز- مىتىگە كېتەرلىك ئىقتىدار ۋە ئەقىل - پاراسەت ھازىرلىغان بولى- دۇ . بۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى سان ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا تاماملىتىش بىلەن بىللە ، ئېنېرگىيەسىنى ساقلىتىپ ، ئۆمرىنى ئۇزارتقۇزىدۇ . ئۇلار ئۆزىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تەڭشەش ، ئېنېرگىيە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق يېتەرلىك ئوزۇق- لۇقتا ئېرىشىدۇ ، ھەتتا بارلىق ئوزۇقلۇقلارنى كەسكىن تالاپ ، ئەڭ ئاخىرىدا كېرەكلىكلىرىنى زاپاس ساقلىۋالىدۇ .

13 . جانلىقلارنىڭ ئۆز ھاياتلىقى ۋە ساغلاملىقىنى قوغداش ئاساسى مانا مۇشۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ مېتابولىزمىدۇر . بارلىق جان- لىقلارنىڭ ھۈجەيرىسى تۇغۇلۇش ، كۆپىيىش ، ئۆلۈش ، تەقسىملى- نىشتىن ئىبارەت زۆرۈر باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ .

14 . ئارىمىزدىكى بەزىلەر تەجرىبە ئۇسۇلىنى چۈشەنسە كې- رەك ، ئۇ ماھىيەتتە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدىغان ئاساس ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىچكى مەنىۋىيەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىشى ۋە تەڭشەشچانلىقىدۇر . بەدەنىنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئا- تومدا بىر خىل روھ بولىدۇ ؛ ئۇ مەنپىي قۇتۇپ ، ئادەم ئۆزى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۇنى ئۆزگەرتىپ مۇسبەت قۇتۇپقا ئايلاندۇرالايدۇ . بۇ خىل ئايلىنىشمۇ ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ- نىڭغا ئوخشاش مەنپىي قۇتۇپ ئامىللىرى ياكى مەنپىي قۇتۇپ رو- ھىدىن قانداق غالىب كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىنتايىن ئېنىق جاۋاب بېرىدۇ .

15 . يوشۇرۇنچانلىققا ئىگە مەنپىي قۇتۇپ روھى بەدەنىنىڭ

ھەربىر ھۆجەيرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئۇ يوشۇرۇن ئالىق روھى دەپ ئاتىلىدۇ . مەنپىي قۇتۇپ روھىنىڭ بارلىق ھەرىكەت خاھىشى ئاشكارا ئاڭدا نامايان بولمايدۇ ، ئۇ پەقەت ئاشكارا ئاڭ ھالىتىگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ ياكى جاۋاب قايتۇرىدۇ .

16 . ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ئادەمنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ ، ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك كارتىنىسى ئادەم ئىدىيەسىنىڭ ھاياتلىق جەريانىدىكى نۇرلىنىشىدۇر . خۇددى تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى تەجرىبىلەرگە ئوخشاش مەنىۋىيەت ساھەسىدىكى تەجرىبىلەرمۇ ئەزەلدىن توختاپ قالمايدۇ ، تەجرىبىنىڭ ھەربىر يەكۈنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىقتىدارنى تونۇش جەھەتتە يېڭى بىر پەللىگە چىقىشىدۇر . ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ، شەكلى ، خاراكتېرى ھەتتا كەچمىش ، تەقدىرىنى تۈيدۇرماستىن ئۆزگەرتىدۇ ۋە يارىتىدۇ .

17 . نۇرغۇن پاكىتلار «سەۋەب» ، «نەتىجە» نىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشىنىڭ مەنبەسى ئىجادىيەت پىرىنسىپىغا پايدىلىق . قانداق «سەۋەب» بولسا شۇنداق «نەتىجە» مەيدانغا چىقىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق يەكۈن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدى ھەم ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ .

18 . ئوبيېكتىپ دۇنيانى بۈگۈنگىچە تېخى شەرھىلىنىپ بولۇنمىغان بىرمۇنچە ئېنېرگىيە كونترول قىلىپ تۇرماقتا ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تونۇش ئىقتىدارىغا ئاساسەن بۇ خىل تەبىئەتتىن ھالقىغان ئېنېرگىيەنى ئۆزاققىچە خۇداغا ياكى ئىلاھقا مەنسۇپ قىلدى . ھازىر روھنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدىكى تونۇش ۋە چۈشەنچە ئارقىلىق مۇشۇ تۇردىكى كۈچ ـ قۇدرەتلەرنى ئاددىي ھالدا ئىخچام قىلىپ چەكسىز ياكى ئومۇميۈزلۈك ئالەم روھى دەپ ئىزاھلايمىز .

19 . ئالەم روھى چەكسىز ، ھەممىگە قادىر بولۇپ ، تۈگىمەس ئېنېرگىيەگە ئىگە . ھەممىگە قادىرلىقى ئۇنى ھەممىلا يەردە مەۋ-

جۇت قىلىدۇ. شۇڭا، بىز مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىمىزدىن سورىماي تۇرالمايمىز: بىز ئۆزىمىز كائىنات روھىنىڭ ئىپادىسى ياكى ناما- ياندىسىمۇ ـ ئەمەس؟ جاۋاب شۇكى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

20. شۇڭا، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى پائالىيەت- چانلىق روھى كائىنات روھىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە يېقىن كېلى- دۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان بىردىنبىر پەرق دەرد- جىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ تۇرلىرى ۋە خۇسۇ- سىيىتى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ، بىردىنبىر پەرق دەرىجىسىدى- كى پەرق بولۇپ، خۇددى سۇ تامچىسى دېڭىزغا تەۋە بولغانغا ئوخشايدۇ.

21. بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى ھېس قىلىش ھەم ئۇنىڭ تۇرمۇ- شىمىزغا چاچىدىغان ئازدۇرغۇچ نۇرلىرى گويا ھەممىگە قادىر ئىق- تىدار ئىگىسىنىڭ ھامىيسىگە ئوخشايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئالەمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ بۇنداق چەكسىز بىرىكىشى چەكسىز ھاياتىي كۈچ ئىقتىدارى يارىتالايدۇ. ئالەم روھى يوشۇرۇن ئاڭ ۋە ئاشكارا ئاڭ ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ ۋە باغلىنىدۇ، ئاشكارا ئاڭ ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، يوشۇرۇن ئاڭ ئىدىيەنىڭ ھەرىكەتكە بولغان كونتروللۇقىنى چۆرد- دەيدۇ.

22. بىز ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە چوڭقۇر نەزەر بىلەن بۇ پىرىنسىپنى چۈشەنگەندە تۇرمۇشتىكى بىز دائىم ئىشلىتىدىغان ئىنسانلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاددىي، توغرا شەرھىلەپ بېرەلەيمىز. بىز قەلبىمىزدە خۇداغا دۇئا قىلغان ۋە ئىنتىلگەندە، كۆڭلىمىزدە ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەقد- قىي شاپائەتچى تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ مۇكەممەل ھەرىكىتى بىزنى خۇدانىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇيەسسەر قىلغاندەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ماھىيەتتە دىن

ياكى باشقا سىرى يېشىلمىگەن ئىشلارغا ھەقىقىي تايانمايدۇ .
23 . كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئايان ، خاتا تەپەككۇر بىزگە خاتالىق ياكى مەغلۇبىيەت ئېلىپ كەلسىمۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر توغرا شەكىل ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئۇلىنى يارىتىپ ، ئېخىمۇ ئۇنۇملۇك ، مۇۋاپىق مەشىق قىلىشنى خالىمايدۇ .
24 . بىز شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سەلبىي ئىدىيەلەر شەكىللىنىۋالسا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقىغا ، سەلبىي مۇھىت ۋە ئىدىيەنىڭ بىزگە بىر ئۆمۈر ناچار تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك . شۇڭا ، بىزنىڭ ئىدىيەمىز جەزمەن ئېنىق ، توغرا ، قەتئىي ، ئەمەلىي بېكىتىلگەندىن كېيىن ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدىغان بولۇشى كېرەك .
25 . بىز بۇ خىل تەپەككۇرنىڭ غايەت زور رولىنى چۈشەنسەك ، شۇنداقلا ئۇنۇملۇك مەشىق ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتىمىزدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى ئۈمىد قىلساق ، قالايمىقان ئويلار ۋە باشقا ھەرقانداق ناچار توسالغۇلارنى تاشلىشىمىز ، مەقسىتىمىز ئېنىق ، نىشانىمىز بىردەك ، بۇ قارارنى قايتا - قايتا ئەستايىدىل ئويلايدىغان بولۇشىمىز كېرەك .

## قەلبنى تاۋلاش

بىز بۇ خىل ئىستىخىيەلىك مەشىق ئارقىلىق ئىدىيەۋى بۇرۇلۇشقا ئىگە بولۇپ ، ئاستا - ئاستا ئۆزىمىزنىڭ بۇ بۇرۇلۇش ئىچىدە پەيدا كەيپىياتتىن تۇرمۇشقىچە ئومۇميۈزلۈك يېڭىلانغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز ، ئۇ بىزنى ماددىي بايلىققا ئېرىشتۈرۈپلا قالماي ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىزنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ . كەيپىيات تىنچلانغاندىن كېيىن تۇرمۇش ، خىزمەتلەر تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ .
قەلبنىڭ تىنچىشى ۋە ماسلىشىشچانلىقى ئادەمنىڭ شارائىتىنىمۇ ئوڭۇشلۇق قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ .

تۇرمۇشتا نامايان بولغان ئوبيېكتىپ دۇنيا بىزنىڭ قەلب دۇنيايىمىزنىڭ ئىنكاسىدۇر .

«ماسلىشىشچانلىق» قا ئەھمىيەت بېرىش بارلىق قالايمىقان ئويلارنى تولۇق ، تەلتۆكۈس چىقىرىپ تاشلاپ ئەھمىيەت بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ . يەنى «ماسلىشىشچانلىق» دىن ئىبارەت بۇ تېمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزدا ھەرقانداق باشقا مەسـئۇلىيەت ۋە تېمىلار كۆپەيمەسلىكى كېرەك . سەمىمىي ، قايىل بولۇش پوزىتسىيەسىدە «ماسلىشىشچانلىق» نىڭ ئىچكى روھىنى ھېس قىلىش كېرەك . ھەقىقىي كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىش سىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئەمەلىيىتىڭىزگە ، ئۆگىنىش ئىچىدە تاۋلىنىشقا ، تاۋلىنىش ئىچىدە ئۆگىنىشكە تەۋە بولىدۇ ، پەقەت بۇ نەزەرىيەلەرنى چۈشىنىش ۋە ئوقۇپ قويۇش تۇرمۇشىڭىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى يارىتىشىڭىزغا ياردەم قىلالمايدۇ .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . بارلىق ئەقىل ـ ئىدراك ، كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەت قەيەردىن كېلىدۇ ؟

كائىنات روھىدىن .

2 . بارلىق ھەرىكەت ، يورۇقلۇق ، ئىسسىقلىق ، رەڭنىڭ مەنـبەسى قەيەردە ؟

كائىنات روھىنىڭ كائىنات ئېنېرگىيەسىدە نامايان بولىدۇ .

3 . ئىدىيەنىڭ جېنى ــ ئىجادىي ئىقتىدار قەيەردىن كېلىدۇ ؟

كائىنات روھىنى مەنبە قىلىدۇ .

4 . ئالەم شەكىل جەھەتتە قانداق بۆلۈنىدۇ ؟

ئالەم يەككىلىك ئارقىلىق چەكسىز قېتىم ئىمكانىيەتلىك بىـرىكىدۇ ، بۇ بىرىكىش يەنە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان تۇرلۇك

هادىسىلەرگە ئايلىنىدۇ .
5 . بۇنداق چەكسىز بىرىكىش ئېلىپ كېلىدىغان پۇتۇنلەي ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەر قانداق ئىشقا ئاشىدۇ ؟
يەككىلىك ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۇنى كائىنات روھىغا رول ئوينىتىپ ، كائىنات روھىنى نامايان قىلىدۇ .
6 . ئىلىم ـ پەننىڭ كۆزىتىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، نېمە ئالەمنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي فورماتسىيەسى ؟
ئالەمنىڭ ھەربىر جايىنى توشقۇزۇپ تۇرغان ئاتوم .
7 . تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى نېمە ئېلىپ كېلىدۇ ؟
پۈتكۈل كىشىلىك ھايات ھالىتى ۋە شارائىتىنى ئۆزگەرتىدۇ .
8 . ماسلىشىشچان ھالەت بىزگە نېمە ئېلىپ كېلىدۇ ؟
ماسلىشىشچان ھالەت تۇرمۇشقا تېخىمۇ ماسلىشىشچان مۇكەممەللىك ئېلىپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

## 15 ـ ساۋاق : يېتەرلىك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئادەم بولۇڭ

تەبىئەت ئەڭ قۇدرەتلىك خوجايىن ، بارلىق ھاياتلىق ئۇنىڭ تەقسىماتىنى قوبۇل قىلىدۇ . تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشالىغاندا مەۋجۇت بولۇپ ئىلگىرىلەپ ، تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ ؛ ناۋادا ئاسىيلىق قىلىپ ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچرىغاندا ، جان تالىشىشقا ئۇلگۇرمەيلا ھالاك بولىدىغان گەپ .

مەيلى ئەقلىيلىك ياكى تۇغما تەبىئەتنى چىقىش قىلسۇن ، پايدىغا ئىنتىلىپ ، زىياندىن قېچىش بارلىق جانلىقلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تەبىئىي قانۇنىيەت . ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارمۇ بۇ خىل قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدۇ .

تاشتەكتە ئۆسكەن ئۆسۈملۈك ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىپ ، ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئېتىلىشتىن بۇرۇن ئۆسۈملۈكتە نۇرغۇن قاناتسىز قۇرتلار بولىدۇ . ئەگەر بۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ سولىشىپ قالسا بۇ ئۇششاق جاندارلار ئۆزلىرى تايىنىپ جان باقىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يېمەكلىك ۋە ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بايقايدۇ . ئۆزگەرگەن مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ، قاناتسىز قۇرتلار قاناتلىق ھاشاراتقا ئايلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاچلىقتىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى ۋاقىتلىق قانات يېتىلدۈرۈپ ئۇچۇش بولۇپ ، ئۇلار مۇشۇنداق قىلىدۇ . ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئۇلار بۇ ئۆسۈملۈكلەردىن ئايرىلىپ ، دېرىزىگە قاراپ ئۇچۇپ ، ئەينەكنى بويلاپ يۇقىرىغا يامىشىپ ، بىرەر يېرىق تېپىپ جېنىنى ئېلىپ قاچىدۇ .

بىز باشتىن كەچۈرىدىغان بارلىق كەچۈرمىشلەر ۋە شارائىت ـ

لارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنى يارىتىش ئۈچۈن ، بىز قانچە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك شۇنچە زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئېرىشىمىز . تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەممە يەردە مەۋجۇت ، ئۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرىنى يېتەكلەيدۇ ، ئەگەر بىز ئاڭلىق ھالدا تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلاشساق ، ئىنتايىن زور بەخت ۋە خۇشاللىققا مۇيەسسەر بولىمىز . ئەڭ كىچىك ھاياتلىقلارمۇ جىددىي پەيتلەردە بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەتتىن پايدىلىنىدۇ .

1 . تۇرلۇك قانۇنىيەت ھەممە يەرگە تور يايغان بولۇپ ، ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ رولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ .

2 . بارلىق ئۇلۇغ ، مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتلەردە بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز لايىھەلەپ چىقىلغان بولۇپ ، ھەممىسى ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ . بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ئۆزىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچان بىردەكلىكىنى ساقلاپ ، تەبىئەتنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىشتۇر .

3 . ھەربىرىمىز بىر مۇكەممەل ئىدىيە سۇبستانسىيەسى ، بۇ خىل مۇكەممەللىك بىزدىن ئاۋۋال بېغىشلاپ ئاندىن ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بارلىق قىيىنچىلىق ، قالايمىقانچىلىق ، توسالغۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقىمىزدىن ياكى بولمىسا ئۆزىمىز ئېخىمۇ كۆپ نەرسىنى باشقىلارغا بېرىشنى خالىمىغانلىقىمىزدىن ۋە ياكى ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىراپ قىلمىغانلىقىمىزدىن بولىدۇ .

4 . ئۆسۈپ يېتىلىش يېڭى مېتابولىزم جەريانى . ئۆسۈپ يېتىلىش شەرتلىك ھالدىكى ئۆز ئار مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەرىكىتى بولۇپ ، يىلتىزلار ئۆزئارا چىرمىشىپ ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ ، بۇ ئىقتىدار بىزنىڭ ماسلىشىشچان بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەرىجىمىزنى بەلگىلەپ ، مۇناسىپ بەختىيار ، شاد ـ خۇرام ھاياتنى ئىپادىلەيدۇ .

5 . نەزىرىمىزنى ئىگە بولۇپ بولغانلىرىمىزغىلا تىكىۋالىساق ، ئۆزىمىزدىكى كەمتۈك تەرەپلەرنى كۆرەلمەيمىز . پەقەت كۆزىمىزنى ئېچىپ ، نىشانىمىزنىڭ ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق كەمتۈكلۈك ئىكەنلىكىنى بىلسەك ، ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنى ئاڭلىق هالدا كونترول قىلىپ ، هەربىر قېتىملىق كەچۈرمىشلىرىمىزدىن قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ، ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇقلارغا ئېرىشەلەيمىز .

6 . بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئېھتىياجلىق ئىقتىدارلارغا ئېرىششىمىز ، شارائىتىمىزنىڭ يۇكسىلىشى ۋە نەزەر دائىرىمىزنىڭ كېڭىيىشى بىلەن تەدرىجىي كۈچىيىدۇ . بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بارلىق ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ۋە پەرقلەندۈرۈپ ، ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايمىز .

7 . بارلىق شارائىت ۋە كەچۈرمىشلەرنىڭ هەممىسىنى تەبىئەت بىزگە مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ، بىزگە نىسبەتەن هەممىسى پايدىلىق . مەيلى تەلەي ياكى ئەۋزەللىك ، مەيلى قىيىنچىلىق ياكى توسالغۇ بولسۇن ، هەممىسى بىزگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ .

8 . بېغىشلاش بىلەن ئېرىشىش مەڭگۈ ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ ، بىز قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن مەڭگۈلۈك كۈچ - قۇدرەتكە ئېرىشىمىز . ئىشلىمەي چىشلەيدىغان ۋە ئىشلەپ هېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

9 . هاياتلىقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ تەۋرەنمەس ئېھتىياجى بىزدىن ئامال بار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز بىلەن بىردەك بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىمىزگە تارتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ . تەبىئەت قانۇنىيىتىنى تونۇش ئارقىلىق ئاڭلىق هالدا هەمكارلاشساق ئاندىن ئەڭ زور دەرىجىدىكى بەختكە ئېرىشەلەيمىز .

10 . مۇھەببەتنىڭ جانلىق بولۇشى ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى ، مۇھەببەت ئىچىدە تۇغۇلغان ئىدىيەلا ھاياتنى ھاياتىي كۈچكە توشقۇزالايدۇ . مۇھەببەت ئىدىيەگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ ، مۇھەببەت ئىدىيەنى بىخلاندۇرۇپ ، ئۆسۈپ يېتىلدۇرىدۇ ، ئىدىيەنىڭ پىشىپ مېۋە بېرىشىگە زۆرۈر ئوزۇقلۇقلارنى ئاتا قىلىدۇ .

11 . ئىدىيە تىل ئارقىلىق نامايان بولىدۇ ، تىل ئىدىيەنى خۇددى دېڭىز پاراخوتنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . سۇ قولۋاقنى چۆكۈرەلەيدۇ ھەم لەيلىتەلەيدۇ ، تىل ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ، بىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىمىز ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك . بىزنىڭ روھىمىز بىر فوتو ئاپپاراتىغا ئوخشايدۇ ، ئۇ تىل ئارقىلىق شادلىق ئىشىكىنى تېخىمۇ ياخشى چېكىدۇ . بىز ياخشى ئويلانمايلا زاتورنى باسساق ، يەنى گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولماي بەختىمىزگە قارشى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلساق ، ئۇ خىل خاتا ئۇقۇملارنىڭ تەسىرى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇرلىرىغا ئورناپ كېتىپ ، يوقىتىش تەسكە چۈشىدۇ .

12 . تىل ئادەمنى سەگىتىپ ، پۈتكۈل بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ . بىز بۈگۈن ئىگە بولغان يېزىقلار ئالەم ئىدىيەسى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىلىشلەرنى ئىپادىلەش ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ئۇنىۋېرسال خاتىرە . تىلدىن ئۆتمۈشتىكى تارىخنى تاپىمىز ، شۇنداقلا كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدىگە ئېرىشىمىز . ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆتكەنكى ئەسىرلەرنى ئەسلەپ ، تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلار ۋە مۇتەپەككۇرلار بىلەن سۆھبەتلىشەلەيدۇ ؛ ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان كارتىنىلارغا قايتىپ ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە ھەممىگە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىدۇ . تىل ھاياتىي كۈچكە تولغان ئالاقىچى ، ئىنسانلار ۋە ئىنسانلاردىن ھالقىغان بارلىق ھەرىكەتلەر ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ .

13 . ئىدىيە شەكىلسىز بولۇپ ، چوقۇم تىل بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك . ئەگەر بىز تېخىمۇ يۈكسەك قاتلامدىكى ھەقىقەتنى ئىشقا سالالىساق ، ئۇنداقتا سۆزلىگەن چاغدىمۇ مۇشۇ نىشانغا ئاسا-

سەن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاقىلانە ھالدا مۇۋاپىق گەپ ـ سۆزلەرنى ئىشلىتەلەيمىز . بىزنىڭ ئىدىيەمىز بارغانسېرى روشەنلىشىپ ، دەرىجىسى ئۆسكەنسېرى بىز قوللىنىدىغان تىلنىڭ تەسۋىرلىرىمۇ روشەنلىشىپ ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئىدىيەگە تەئەللۇق خاتالىقلار تەدرىجىي تاشلىنىپ ، بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئاشكارىلىق بارغانسېرى زورىيىدۇ . تىل شەكىللىرى ئىدىيەنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەشكىل قىلىپ ، ئادەم بىلەن ھايۋاننى ئايرىيدىغان مۇھىم چەكتۇر .

14 . مەيلى قانداق ھەرىكەت بولسۇن ، ھەممىسى ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىدۇ . مۇۋاپىق شارائىتقا ئېرىشمەن دېسەك ئالدى بىلەن مۇۋاپىق كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك . تۇرمۇشتا باياشاتلىقنى ئۈمىد قىلساق ، ئالدى بىلەن باياشات تۇرمۇشنى ئويلىشىمىز كېرەك . ئالدى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە باياشاتلاشقاندا ئاندىن تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھاللىق سەۋىيەگە ماڭىدۇ .

15 . تىل بىر خىل ئىدىيە شەكلى ، بىر جۈملە بىر تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى . غايە ئەڭ ئاخىر گەپ ـ سۆزنىڭ تۈرتكىسىدە رېئاللىققا ئايلىنىدۇ ، گەپ ـ سۆز يىمىرىلمەس مەنىۋى قەسىرگە ئايلىنىشى مۇمكىن ، شۇنداقلا شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئەسكى كەپىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن . سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ تاۋلىنىشىدىكى دەللىك بارلىق مەدەنىيەت ، ئېگىز ئىمارەت شەكىللىرى ، شۇنداقلا بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولخېتى .

16 . گەپ سۆزنىڭ ئادەمگە تەسىر قىلىدىغان يېرى ئىدىيەنىڭ گۈزەللىكىدۇر . گەپ ـ سۆزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدە ، ئىدىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئىدىيەنىڭ ھاياتلىقىدا . تىل ئىدىيە ، شۇڭا ئۇ بىر خىل شەكىلسىز ، ھەممە نەرسە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتتۇر . ئۇلارغا قانداق شەكىل بېرىلسە ئەڭ ئاخىرقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتە شۇنداق ئىشقا ئاشىدۇ . ئەگەر غايىمىزنىڭ گۈزەل ، قۇدرەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلساق ، جەزمەن تىلىمىزنى تاۋلاپ ، يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش كېرەكلىكىنى تونۇشىمىز كېرەك .

17 . ھەقىقەتنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى مەڭگۈ مەۋجۇت ، ئەمما خاتالىقنىڭ ھېسابلاش پىرىنسىپى يوق . راست گەپ قىلىش پىرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىدۇ ، يالغان گەپ چەللىدە ئات چاپقۇزىدۇ . يورۇقلۇق تۈز سىزىق شەكلىدە ماڭىدۇ ، قاراڭغۇلۇق قائىدىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ . ئۇنداقتا ، ھاياتنى كۆچكە ئىگە ئىدىيە نېمە ؟ ئۇنىڭدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار ؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە چوقۇم قانۇنىيەتلىك ئايلىنىش بولىدۇ .

18 . ئەگەر بىز ماتېماتىكىلىق تېئورېمنى توغرا قوللانساق ھېسابلاش نەتىجىسىنى توغرا بىلەلەيمىز ؛ ئادەتتە ساغلاملىق مەۋجۇت بولغان يەردە ھېچقانداق كېسەللىك بولمايدۇ ؛ ئەگەر بىز نېمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلسەك ، ساختىلىقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيمىز ، چۈنكى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ .

19 . يوللۇق ئىدىيەنىڭ ھاياتىي كۆچى بولىدۇ ، شۇڭا ئۇ يىلتىز تارتىپ ، ئۆسۈپ يېتىلىپ ، ئەڭ ئاخىر سەلبىي كۆزقاراشلارنى چۆرۈپ تاشلايدۇ . خاتا ئىدىيە يىلتىز تارتالمايدۇ ، ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولالمايدۇ ، بۇ ئەمەلىيەت بىزنىڭ بارلىق قالايمىقانچىلىق ، يوقسۇزلۇق ، چەكلىمىنى يوقىتىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ .

20 . شەك - شۈبھىسىزكى ، «يېتەرلىك ئەقىل - پاراسەت بىلەن ھېس قىلىدىغان» كىشىلەر ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ تەڭداشسىز قورال - ياراغلارنى ئۆز قولىغا تۇتقۇزۇپ ، ئۆزىنى ھاياتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يېتىدۇ .

21 . تەبىئەت دۇنياسى باراۋەر بولىدۇ ، ئۇ ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ، ھەرقانداق جايدا قانچىلىك ئېنېرگىيەنىڭ پەيدا بولۇشى باشقا جايدا شۇنچىلىك ئېنېرگىيەنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ ، بۇ بىزگە يوقاتقاندا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ، بىر يولىلا ئېرىشىۋېلىپ بېغىشلاشنى رەت قىلىشنىڭ تەبىئەت تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بې-

-رىدۇ.

22. يوشۇرۇن ئاڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارى ھا-زىرلىنىغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدۇ؛ بىز ئۇرۇ-مىز قورال ياسايمىز، ئۆزىمىز لايىھە ئويلايمىز، يوشۇرۇن ئاڭ بىز ئويلىغان لايىھەنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئەگەر بىز بىرەر ئىش قىلىشنى قارار قىلساق، بۇ ئىش ۋە ئۇنىڭ بارلىق تەسىرلىرىگە مەسئۇل بولۇش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

23. كۆزىتىش ئىقتىدارى بىر خىل قەلب ئىقتىدارى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تېلېسكوپى، بىز ئۇنىڭغا تايىنىپ يىراق نۇقتىلاردىكى مەسىلىلەرنى ئويلاپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتەلەيمىز. كۆزىتىش ئىقتىدارى بىزگە بارلىق ئىشلاردىكى قىيىنچىلىقلارنى بىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا پۇرسەتنى تۇتقۇزىدۇ.

24. كۆزىتىش ئىقتىدارى بىزنى توسالغۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ياخشى تەييارلىق قىلدۇرىدۇ. كۆزىتىش ئىقتىدارى بىزگە پايدا-زىياننى دەڭسىتىپ، پىلانىمىزنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. بۇ توسالغۇلار توسالغۇغا ئايلىنىپ ئالدىمىزنى توسۇشتىن ئىلگىرى بىز ئۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىمىز.

25. كۆزىتىش ئىقتىدارى ئىدىيەمىز ۋە دىققەت ئىقتىدارىمىزنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى نەتىجىسىز ھالەتكە ئېلىپ كىرمەسلىكى مۇمكىن. بىز كۆزىتىش ئىقتىدارىمىزنى تاۋلاپ، ئىدىيەمىزدىكى ماددىي، روھىي، قەلبىي ئاكتىپلىقلار بىلەن تۇر-مۇشىمىزنى يۇقۇملاندۇرماسلىقىمىز لازىم.

## قەلبنى تاۋلاش

كۆزىتىش ئىقتىدارى ئىچكى دۇنيانىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «جىمجىتلىق» تا ئۇنى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق كۆزى-تىش ئىقتىدارىڭىزنى ئاچقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى مەشىقى-مىز كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. يەنە ئەسلى ئو-

رۇندا تۇرۇپ ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئويلاڭ : ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچىنى تونۇش تەپەككۇر سەنئىتىنى ئىگىلىگەنلىكتىن دېرەك بەر- مەيدۇ . ئىدىيەنى مۇنداق باشلىنىش نۇقتىسىدا توختىتىڭ ، بىلىم ئۆز - ئۆزىنى يۇرگۇزەلمەيدۇ . بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز بىلىمگە باغلىق ئەمەس ، بەلكى كۆنگەن خۇي ، ئۆرپ - ئادەت ۋە نەمۇنىگە باغلىق . بىزنىڭ ئۆزىمىزگە قوللاندۇرىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇلى- مىز قەتئىي قارارغا كېلىپ ، ئاڭلىق ھالدا تىرىشىشتۇر . مۇنداق ئىشنى ئويلاپ باقايلى : كېرەكسىز بىلىم چوڭ مېڭىدىن غىپپىدە چىقىپ كەتسە ، ئۇچۇرنىڭ قىممىتى پىرىنسىپىنىڭ قوللىنىلىشىدا بولىدۇ . بۇ ئىدىيە يولىنى بويلاپ تاكى كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەسىلىلىرىگە قارىتا بۇ پىرىن- سىپنى قوللىنىشىنىڭ توغرا لايىھەسىنى بېكىتكىچە مېڭىڭ . بار- لىق ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، كۆزىتىش ئىقتىدارى ئەلۋەتتە كەم بولسا بولمايدۇ ؛ كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ياردىمىدە بىز بارلىق مەنئۇيەت ئېگىزلىكىگە كىرىپ ، ئىزدىنىپ ، ئۇنى ئىگىلىيەلەيمىز .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . بىز يېتەلەيدىغان ماسلىشىشچانلىق دەرىجىسىنى نېمە بەل- گىلەيدۇ ؟

ھەر قېتىملىق كەچۈرمىشلەردىن ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئېھتى- ياجلىق ئىقتىدارغا ئېرىشىپ ، يېتىدىغان ماسلىشىشچانلىق دەرى- جىمىزنى بەلگىلەيمىز .

2 . قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟

ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە مەنئۇيىتىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلى- شىنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

3 . قانداق قىلغاندا بۇ قىيىنچىلىقلاردىن خالىي بولغىلى بولى- دۇ ؟

بۇ ، تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئاڭلىق چۈشىنىپ ، ئىگىلەشكە ئېھتىياجلىق .

4 . ئىدىيەنىڭ شەكىل جەھەتتە ئۆزىنى ئاشكارىلىشى قايسى پرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ ؟

تارتىش كۈچى قانۇنىنى ئاساس قىلىدۇ .

5 . ئىدىيەنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ، تەرەققىي قىلىش ، پىشىپ يېتىلىشى قايسى ماتېرىياللارغا ئېھتىياجلىق ؟

مۇھەببەت قانۇنىيىتى ئالەمنىڭ ئىجادچان پرىنسىپى ، ئۇ ئىدىيەگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ . تارتىش كۈچى قانۇنى ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنىڭ ياردىمىدە ئىدىيەنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ .

6 . قانداق قىلغاندا ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھالەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ ؟

ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدىغان ئويلاردا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئادەمنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھالەتكە يەتكىلى بولىدۇ .

7 . كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان ھالەت قانداق يۈز بېرىدۇ ؟

ئىدىيە ، مۇنازىرە ۋە ھەممىنى كۆزىتىشنىڭ كەمچىللىكى ، چەكلىمە ، كېسەللىك ، قالايمىقانچىلىق ، شاۋقۇن قاتارلىق ئەھۋاللار ئارقىلىق . بۇنداق خاتا نۇقتىئىنەزەرگە نىسبەتەن مەنىۋىيەتنىڭ سۈرەتكە ئېلىشى يوشۇرۇن ئاڭ تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ ، تارتىش كۈچى قانۇنى ئوبيېكتىپ دۇنيادا چەكلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە شەكىللەندۈرىدۇ . «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» ، ئىلمىي جەھەتتە سۆزلىگەندە مۇتلەق توغرا بولىدۇ .

8 . بىز تۇرلۇك شەكىلدىكى ۋەھىمە ، يوقسۇزلۇق ، چەكلىمە ، نامراتلىق ۋە قالايمىقانچىلىقتىن قانداق غالىب كېلىمىز ؟

پرىنسىپنى خاتالىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق .

9 . بىز قانۇنىيەتنى قانداق تونۇيمىز ؟

بىز مۇنداق رېئاللىقنى ، يەنى ھەقىقەتنىڭ ھامان خاتالىقتىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىق تونۇشىمىز كېرەك . بىزنىڭ پۈتۈن

كۆچمىزنى ئىشقا سېلىپ قاراڭغۇلۇقنى چىقىرىپ تاشلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ، بىز چىراغ ياقساقلا بولدى . بارلىق سەلبىي كۆز قاراشلارغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق .

10 . «بىلىش» نىڭ قىممىتى نېمە ؟

بىزگە بىلىمنىڭ قىممىتى ئۇنى قوللىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر بىلىم ئۆزىنى قوللىنالايدۇ ، دەپ قارايدۇ ، بۇ كۆزقاراش ئىنتايىن خاتا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 16 ـ ساۋاق : قەلب تامغىسى ۋە مەنىۋى كارتىنا

دەۋرىيلىك ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى ، ئادەتتە ھاياتلىققا ئىگە ماددىلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇلۇش ، ئۆسۈپ يېتىلىش ، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشنى دەۋر قىلىدۇ . مەيلى خالىسۇن ، خالىمىسۇن ھەممىسى مۇشۇ دەۋرىيلىككە ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ ، بەزى دەۋرىيلىك ئۇزۇن ، بەزى دەرۋىيلىك قىسقا بولىدۇ . بۇ يەردە بىز ئاساسلىقى ئۆسۈپ يېتىلىشنى تىلغا ئالىمىز ، چۈنكى ، ئۆسۈپ يېتىلىش ھاياتلىق دەۋرىيلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ، ئۆسۈپ يېتىلىش كۈچىيىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشتىن دېرەك بېرىدۇ .

ھاياتلىق ئۆسۈپ يېتىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ ، ئۆسۈپ يېتىلىش ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ . ھاياتلىقنىڭ باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىز يەتتە يىلنى بىر ھالقا قىلىپ بېكىتىمىز ، ھەربىر يەتتە يىل بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بىر يېڭى باسقۇچتىن دېرەك بېرىدۇ .

ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بالىلىق دەۋرى ئادەمنىڭ تۇنجى يەتتە يىلى ، ئىككىنچى يەتتە يىل ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرى يەككە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ . كېيىنكى يەتتە يىل ياشلىق باھار مەزگىلى ، ئۈچىنچى يەتتە يىلدا ھاياتلىق مۇكەممەل پىشىپ يېتىلىدۇ . بەشىنچى يەتتە يىل قۇرۇلۇش مەزگىلى ، بۇ مەزگىلدە كىشىلەر بايلىق ، مۇۋەپپەقىيەت ، تۇرالغۇ ۋە ئائىلىگە ئېرىشىشكە باشلايدۇ . 35 ياشتىن 42 ياشقىچە بولغان يەتتە يىل ئىنكاس ۋە ھەرىكەت باسقۇچى ، بۇ باسقۇچتىن كېيىنكىسى قايتا تەشكىللىنىش ، تەڭشىلىش ۋە ئەسلە-

گە كېلىش باسقۇچى، ئاندىن 50 ياشتىن باشلاپ كىشىلىك ھايات كېيىنكى يەتتىلىك دەۋرىيلىكنى باشلايدۇ.

بۇنداق ئايلىنىش ھاياتلىقنىڭ دەۋرىيلىكىگە ئايلانغان بولۇپ، ئادەتتە بۇ دەۋرىيلىكنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئىشلاردا توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ، زۆرۈر دەرسلىكلەردە بايان قىلىنغان پىرىنسىپلارنى ئۆگىنىپ، بارلىق پىرىنسىپلاردا بىر ئەڭ ئالىي قانۇنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇپ، مەنىۋىيەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئاڭلىق قوللىنىش ئارقىلىق كۆرۈنۈشتىكى ھەربىر قىيىنچىلىقنى بەختكە، پايدىسىزلىقنى پايدىلىقلىققا، يېتەرسىزلىكنى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرىدۇ.

1. بايلىققا نۇرغۇن شەرھىلەرنى بەرگىلى بولىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىردەك بولىدۇ. بايلىق ئالماشتۇرۇش قىممىتى بار، كىشىلەر ئىشلىتەلەيدىغان، ئادەمگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

2. بايلىقنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئۇنىڭ بىر ۋاستە ئىكەنلىكىدە، ئۇ غايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا بىزنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. بايلىقنىڭ نىسبىي بولغۇچىغا بېرىدىغىنى كىچىككىنە خۇشاللىقلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىدا نامايان بولماي، ئالماشتۇرۇش قىممىتىدە نامايان بولىدۇ.

3. بىز ئادەتتە ئەمگەك بايلىق يارىتىدۇ دەيمىز، بۇنىڭدىن ئەمگەكنىڭ سەۋەب، بايلىقنىڭ نەتىجە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بايلىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. مال ـ مۈلۈك سەۋەب ئەمەس، بەلكى نەتىجىدۇر.

4. بايلىق مەقسەت ئەمەس، ۋاستە. بايلىقنى مەڭگۈ ئاخىرقى نۇقتا دەپ قارىماسلىق، بەلكى ئۇنى ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىشتىكى يولغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بايلىق خوجايىن ئەمەس، بەلكى چاكار، بايلىقنى ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى بايلىققا

مۇلازىمەت قىلىش ئۇسۇلى مۇھىم ئىش بىلەن مۇھىم ئەمەس ئىشنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشتۇر .

5 . بايلىق بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ـ قازانمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ بەلگىسى ئەمەس ، بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى بەلگىلەيدىغىنى بايلىق توپلاشتىنمۇ مۇھىم بولغان يۈكسەك غايىدۇر . يۈكسەك غايە ھەرقانداق بايلىقتىنمۇ قىممەتلىك .

6 . ئۆزىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلىسىڭىز ، ئالدى بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بىر غايىنى تىكلىشىڭىز كېرەك . نىشان بېكىتىلگەندە ئاندىن يۆنىلىشنى بىلگىلى بولىدۇ ، قەلبىڭىزدە مۇشۇنداق بىر غايە بولسا ، غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى تاپالايسىز ، چوقۇم خاتا ھالدا ئۇسۇلنى مەقسەت قىلىۋالماسلىق ، خاتا ھالدا جەرياننى ئاخىرقى نۇقتا قىلىۋالماسلىق كېرەك .

7 . «مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ھامان ئاشۇ ئەڭ ئالىي مەنىۋى تونۇشقا ئىگە ئادەملەردۇر ، بارلىق غايەت زور بايلىقنىڭ ھەممىسى بۇ خىل تەبىئەتتىن ھالقىغان ھەقىقىي روھىي ئېنېرگىيەنى مەنبە قىلىدۇ .» مانا بۇ پىرىنتىس مافۇردنىڭ بىزگە قالدۇرغان ھېكمەتلىك سۆزى . يامان يېرى ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئېنېرگىيەنى تونۇمايدۇ ، ئۇلارنىڭ بىرەر كونكرېت ، مۇقىم نىشانى بولمىغاچقا غايىسى يوق ، ئۇلار قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدۇ .

8 . خاررىمانىنىڭ دادىسى بىر نامرات خىزمەتچى بولۇپ ، يىللىق ئىش ھەققى 200 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى ؛ ئاندىرى كارنىگىنىڭ پۇتكۈل ئائىلىسى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەندە ، باشقىلارنىڭ ياردىمىدە ئائىلىسىنى باققان ؛ دۆلەت خەزىنىسى بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان بايلىققا ئىگە توماس لىپتون 25 سىنت بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىغان . بۇلارنىڭ بايلىق ، ئىمتىيازى يوق ئىدى ، بۇ ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى توسۇپ قالالمىغان .

9 . مىلياردىر ، نېفىت ماگىناتى ھىنرى فىلەگلى مەنىۋى

كۇچ ـ قۇدرەتنى غايىلەشتۇرۇش، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇ-
رۇش، كونكرېتلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ
ئېرىنمەستىن ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ پۈتكۈل كارتىنىسى-
نى سىزىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، رېلىسنى كۆرگەن، پويىزنىڭ رې-
لىستا چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، ماشىنىنىڭ گۈدۈك
ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان، مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرىدۇر.

10. ئىدىيە جەزمەن ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ھەرىكەتكە
قوماندانلىق قىلىشى كېرەك، كاللا ئىشلەتمەسلىك ياخشى نەتىجە
بەرمەيدۇ. ھەرقانداق شارائىتنىڭ ئۆز سەۋەبى بولىدۇ، ھەرقانداق
كەچۈرمىش بىر خىل نەتىجىدىن ئىبارەت؛ سەۋەب ـ نەتىجە ئايلى-
نىدۇ، ماسلىشىشچانلىقنىڭ تەرتىپى بولىدۇ، جەمئىيەتمۇ مۇشۇ
سەۋەبلىك توغرا رېلىسنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

11. ئىجادىي ئىقتىدار پۈتۈنلەي قەلبىنىڭ ئېنېرگىيەسىدىن
كېلىدۇ، ھەربىر چوڭ كارخانىنىڭ رەھبىرى بىردەك مۇشۇ خىل
ئېنېرگىيەگە تايىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەرمۇ غا-
يىپەرەسلەردۇر، ئۇلار ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بارغانسېرى يۇكسەك
ئۆلچەمگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مەنىۋى ئېنېرگىيەنى غايىلەشتۇ-
رۇپ، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈپ
ئىشقا سالغاندا، تۇرمۇشتىكى تامچە ـ تامچە ئىدىيەلەر بىزنىڭ
كۆندىلىك روھىي ھالىتىمىزدە ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە جەۋھەرلىنى-
دۇ.

12. ئىدىيە ئېلاستىكلىقا ئىگە بولۇپ، خۇددى بىز باللىق
ۋاقتىمىزدا ئوينايدىغان كاۋچۇك لېيىغا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنىڭ
بىلەن ھاياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئوقۇمىنىڭ كارتىنىلىرىنى
بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز. پايدىلىنىش ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگى-
لەيدۇ، پايدىلانغاندا ئاندىن قىممەتكە ئىگە ئىشلار رولىنى جارى
قىلدۇرالايدۇ. مەيلى سىز قانداق ئىش قىلىشنى ئويلاڭ، بۇ ئىشقا
بولغان تونۇش ۋە مۇۋاپىق قوللىنىشنىڭ ھەممىسى زۆرۈر شەرت-
تۇر.

13 . ئىشلىمەي ئېرىشكەن بايلىق ئۆتكۈنچىدۇر ، ئۇ بالايىئا-
پەت ۋە خورلۇقنىڭ باشلىنىشى . شۇڭا ، ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئېرى-
شىشكە كەلمىسەك ياكى بۇ بايلىقلار بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدىن
كەلمىگەن بولسا ، ئۇنداقتا بىز مەڭگۈ بۇ بايلىققا ئىگە بولالمايمىز ،
پەقەت ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئېرىشكەن بايلىقلا ھەقىقىي
بولىدۇ .
14 . تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى بەلگىلىمە ، بىزنىڭ تاشقى
دۇنيادىكى تۇرلۇك كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ
مۇناسىپ ئىنكاسىدۇر . بىز ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىز-
غا كىرىشىنى قانداق بەلگىلىشىمىز كېرەك ؟ مەيلى سىزگۇ ئەزالى-
رى ئارقىلىق بولسۇن ياكى ئوبيېكتىپ ئاڭ ئارقىلىق بولسۇن ،
بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىدىغانىنىڭ ھەممىسى قەلبىمىزدە تامغا قال-
دۇرۇپ ، مەنىۋى كارتىنا شەكىللەندۇرىدۇ ، مەنىۋى كارتىنا دەل
ئىجادچان ئېنېرگىيەنىڭ پەيدا بولۇش ئەندىزىسىدۇر . بۇ كەچۈر-
مىشلەرنىڭ زور كۆپ قىسمى تاشقى مۇھىت ، شارائىت ، ئىلگىرى-
كى تەپەككۇر ، ھەتتا باشقا سەلبىي ئىدىيەلەرنىڭ نەتىجىسى ، شۇ-
ڭا ، بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىشتىن ئاۋۋال جەزمەن ئىنچىكە تەھ-
لىل قىلىنىپ دەلىللىنىشى كېرەك .
15 . تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ئالدىدا بىز ھېچقانداق بىر
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان دەرىجىدە ئەمەس ، بىز مۇستەقىل
ھالدا مەنىۋى كارتىنا يارىتالايمىز ، ئىچكى تەپەككۇر جەريانىمىز
ئارقىلىق باشقىلارغا ، مەسىلەن ، تاشقى مۇھىت ، تۇرلۇك شارائىت
قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بەرمىسەكمۇ بولىدۇ . بۇ كۈچ - قۇدرەتنى
قوللىنىش ئارقىلىق بىز ئۆز تەقدىرىمىز ، تېنىمىز ، روھىمىز ۋە
قەلبىمىزگە ئىگە بولىمىز .
16 . ئەگەر بىز ئاڭلىق ھالدا مەلۇم شارائىتنى ئىشقا ئاشۇر-
ساق ، بۇ خىل شارائىت ئەڭ ئاخىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا يۈز
بېرىدۇ . بىز تەقدىرىمىزنى ئاستا - ئاستا قولىمىزغا ئالالايمىز ،
ھەتتا ئاڭلىق ھالدا ئۆزىمىز ئۈچۈن بىزنى ئۈمىدكە ئىگە قىلىدىغان

كەچۈرمىشنى يارىتالايمىز .

17 . تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئىدىيە ھاياتلىقنىڭ ھەرد-
كەتلەندۈرگۈچ كۈچى ، ئىدىيەنى ئىگىلەش شارائىتنى ، ھالەتنى
ئىگىلەش ، مانا بۇ شارائىت يارىتىپ ، تەقدىرنى ئىگىلەشتۇر .

18 . ئىدىيەنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭ فورماتسىيەسىگە ، خاراكتې-
رىگە ۋە ھاياتىي كۈچىگە باغلىق ، بۇ ئۇچىنىڭ ئورتاق رولى ئىدى-
يەنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ . ئىدىيەنىڭ فورماتسىيەسى بۇ ئى-
دىيەنى پەيدا قىلغان مەنىۋى كارتىنىغا باغلىق ؛ مەنىۋى كارتىنا
قەلب تامغىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، كۆزقاراشنىڭ بەلگىلەشچان ئەۋ-
زەللىكى ، كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئېنىقلىق دەرىجى-
سى ھەم بۇ كارتىنىنىڭ دادىللىقى ۋە سېھرىي كۈچىگە باغلىق ؛
ئىدىيەنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ، شۇنداقلا قەلب-
نىڭ تەركىبىگە باغلىق . ئەگەر قەلب تەركىبى جەسۇر ، دادىل ،
كۈچلۈك ، ئىرادىلىك بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ تۇزىدىغان ئىدىيەمۇ شۇن-
داق بولىدۇ ؛ ئىدىيەنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىدىيە يېتىلگەن چاغدىكى
تۇيغۇغا باغلىق . ئەگەر ئىدىيە قۇرۇشچان بولسا ، ھاياتىي كۈچكە
تولىدۇ ، ھاياتلىققا تولىدۇ ، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىپ ، تەرەققىي قى-
لىپ ، زورىيالايدۇ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تولۇق ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈشى
ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا باغلىق .

19 . بىز ئىدىيەنى فورماتسىيەلىك ئىقتىدارغا بۆلىمىز ، مانا
بۇ بىز نامايان قىلىدىغان «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» ئىقتىدارى-
دۇر . ئەگەر بىزنىڭ ئىدىيەمىز قۇرۇشچان ، ماسلىشىشچان بولسا ،
بىز «ياخشىلىق» نى نامايان قىلىمىز ؛ ئەكسىچە ، بىزنىڭ ئىدىيە-
مىز بۇزۇشچان ، ماسلىشىشسىز بولسا ، بىزنىڭ نامايان قىلىدىغى-
نىمىز «يامانلىق» بولىدۇ .

20 . «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» نىڭ مۇقىم فورمىسى
بولمايدۇ ، ھېچقايسىسى سۇبىستانسىيە ئەمەس ، ئۇلار بىزنىڭ ھە-
رىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى سۈرەتلەيدىغان سۆزدىن ئىبارەت ، بىز-
نىڭ ھەرىكىتىمىز يەنە بىزنىڭ ئىدىيەمىزنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلى-

شىنى قوبۇل قىلىدۇ .

21 . بۇزۇش خاراكتېرلىك ئىدىيە قوش بىسلىق قىلىچ بولۇپ ، قارشى تەرەپنى يارىلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىمۇ يارىلاندۇرىدۇ . بۇزۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇنى پارچىلىۋېتىدىغان ۋىرۇسلار بولىدۇ ؛ بۇ ئىدىيە ھامىنى يوقىلىدۇ ، ئەمما يوقىلىش جەريانىدا ئۇ بىزگە كېسەللىك ، ئازاب ھەتتا باشقا شەكىلدىكى ماسلىشىشسىزلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ .

22 . مۇۋەپپەقىيەتكە ئۆز تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق ئېرىشىمىز ، شۇنىڭدەك مەغلۇبىيەتنىمۇ ئۆزىمىز پەيدا قىلىمىز . بەزى كىشىلەر بارلىق قىيىنچىلىقلارنى تەبىئەتتىن ھالقىغان روھقا باغلاشقا مايىل ، ھالبۇكى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان تەبىئەتتىن ھالقىغان روھ پەقەت تىنچ ھالەتتىكى «ئىدراك» تىنلا ئىبارەت ، خالاس .

23 . بىز كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مۇھىتىمىز ، تەقدىرىمىز ، خاراكتېرىمىز ، ئىقتىدارىمىز ۋە نەتىجىمىزنى قانداق كونترول قىلىشنى بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن ، ئەمما بۇ مۇتلەق ئىلمىي رېئاللىق . ئادەم ، ئورۇن ، ئىشلارنى ئويلىماسلىقى كېرەك ، بۇ نەرسىلەر مۇتلەق ئەمەس . سىز تەلپۈنىدىغان شارائىتنىڭ ئۆزى بارلىق ئېھتىياجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، مۇۋاپىق ئادەم ۋە مۇۋاپىق ئىشلار مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق ئورۇندا پەيدا بولىدۇ .

24 . ئىدىيە بىلەن قەلب ھالىتى پەلسەپىۋى قانۇنىيەتكە ماس كېلىدۇ ، يەنى ئۇلار قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدۇر . ئىدىيەمىز بىزنىڭ قەلب ھالىتىمىزنى بەلگىلەيدۇ ، شۇنىڭدەك مەنىۋى ھالىتىمىز بىزنىڭ ئىقتىدارىمىز ۋە ئىدراكى ئېنېرگىيەمىزنى بەلگىلەيدۇ .

25 . كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇلغان كارتىنا بىر خىل تەسەۋۋۇردىكى شەكىل ؛ بۇ خىل تەپەككۇر جەريانى قەلبىتىكى تامغىنى شەكىللەندۈرىدۇ ، بۇ تامغا يەنە كۆزقاراش ۋە غايىنى شەكىل-



www.uyghurkitap.com

لەندۇرىدۇ ، بۇ كۆزقاراش ۋە غايە يەنە پىلاننى — ئۇلۇغۋار پىلاننى شەكىللەندۈرىدۇ . قەلبىڭىزدە مۇۋەپپەقىيەت كارتىنىسىنى سۈرەتلەڭ ، ئاڭلىق ھالدا ئارزۇ - ئىستىكىڭىزنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇڭ ؛ قەلبىڭىزدىكى بىر غايىدە تاكى قەلبىڭىزدىكى خىيالىي مەنزىرە ئايدىڭلاشقىچە چىڭ تۇرۇڭ . ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ غايىۋى كارتىنىسىغا سادىق بولساق ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە تۈرتكە بولۇپ ، ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك .

26 . ئىقتىدارىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، تەبىئەت بىزگە تۇرلۇك مۇۋەپپەقىيەت ۋە ھاسىلاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ، شۇنداقلا بىزگە ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشى كونترول قىلدۇرىدۇ . ئەگەر بىز تۇپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مۇھىتنى نامايان قىلماقچى بولساق ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىمىزنى كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇپ ، غايىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ كۆرگىلى بولىدىغان قىلىشىمىز كېرەك .

27 . بىزنىڭ كۆزىمىز كونكرېت شەكىلگە ئىگە نەرسىلەرنى كۆرۈشكە مايىل ، شۇڭا بىز پەقەت ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى مەۋجۇدىيەتنىلا كۆرۈپ ، مەنىۋىيەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان ، ئاللىقاچان كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلىنىپ بولغان كارتىنىنى كۆرمەيمىز ، ھالبۇكى ، بۇ كارتىنا ئىنتايىن مۇھىم بەلگە بولۇپ ، بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيايىمىزدا نامايان بولغان شەيئىلەرنى ئالدىنئالا كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

28 . تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ يۇرگۈزۈلۈشى مۇكەممەل ، ماسلىشىشچان بولىدۇ ، ھەممىسى قارىماققا «پەقەت يۇز بېرىدۇ» ، خالاس . ئەگەر سىز پاكىتقا ئېھتىياجلىق بولسىڭىز ، ئۇنداقتا ئۆز ھاياتىڭىزدىكى تۇرلۇك كۆزەش قىلىش تىرىشچانلىقلىرىڭىزنى ئەسلەپ بېقىڭ ، سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىز يۇكسەك نىشانغا قاراپ تىرىشىشقا يۈزلەنگەندە قانداق بولغان ، سىز ئۆز مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن پۇرسەتپەرەسلىك قىلغاندا يەنە قانداق بولغان؟ بۇ ئىككىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پەرقى دېمىسەممۇ چۈشىنىشلىك .

29 . ئىنسانلاردا بىر خىل فۇنكسىيە بولىدۇ ، ئۇ ھېس قىلىش فۇنكسىيەسىدۇر ، باشقا فۇنكسىيەلەر ھېس قىلىش فۇنكسىيەسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن زگەرتىشىدىن ئىبارەت . ھېس قىلىش بارلىق ئېنېرگىيەنىڭ بۇلىقى ، ھېسسىيات ئەقىل ئۇستىدىن ئىنتايىن ئاسان غەلىبە قىلىدۇ ، بىزنىڭ ئىدىيەمىزدە ھېس قىلىش مەۋجۇت بولمىسا بولمايدۇ ، ئىدىيە بىلەن ھېس قىلىش بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان گەۋدىلەردۇر .

30 . كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش بىر خىل ئۇنۇملۇك ، كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇل ، بىراق ئۇ جەزمەن ئاڭلىق يېتەكلەشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ، ئۇنى تەسەۋۋۇر كۆچىنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا مەيلىگە قويۇپ بېرىشىڭىزگە ھەرگىزمۇ بولمايدۇ . ياخشى كونتروللۇقتا ئۇچرىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا تەسەۋۋۇر كۈچى بىر ئەسكى خوجايىن ، شۇنداقلا بىر لاياقەتلىك مالاي ، بولمىسا ئۇ بىزنى تۇرلۇك خام خىيال ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان خۇلاسىلەرگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ . ئەگەر ياخشى تەھلىل قىلىپ تەجرىبە قىلمىساق ، بىزنىڭ قەلبىمىز ناھايىتى ئاسانلا تۇرلۇك غەيرىي مۇددىئالارنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ - دە ، نەتىجىدە مەنىۋى قالايمىقانچانلىق پەيدا قىلىدۇ .

31 . ھەرقانداق چۈشەنچە تەھلىل قىلىشتىن ئۆتكەن بولىدۇ ، ئىلمىي جەھەتتىن توغرا بولمىغان بارلىق نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش كېرەك . ئەگەر سىز مۇشۇنداق قىلالىسىڭىز زېھنىڭىزنى بەزى ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلماي ، ھەربىر ئىشنى ئىنتايىن ياخشى ئىگىلەپ ، مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرەش قىلىشىڭىز ئۈچۈن تاج قىلالايسىز . مانا بۇ سودىگەرلەر ئېيتىدىغان «يىراقنى كۆرەرلىك» تۇر . بۇ كۆزنىتىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ ، بارلىق ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرلارنىڭ بىرى .

32 . بىز بىر خىل ئىلمىي ، توغرا مەنىۋى كارتىنا قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك ھەم قۇرۇپ چىقالايمىز ، ئۇلۇغ قەلب ئارخى-

تېكتورلىرى بۇ مەنۇۋىيەت كارتىنىسى ئارقىلىق بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى بىنا قىلىدۇ .

## قەلبنى تاۋلاش

بىزنىڭ بۇ مەزگىللىك مەشىقىمىز ئۆزىمىزگە مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلىنى تونۇتۇش : ماسلىشىشچانلىق ، بەخت بىر خىل مەنىۋى ھالەت بولۇپ ، ھەرگىزمۇ ماددىي ئىگىلىۋېلىشقا باغلىق بولمايدۇ . ھەممە نەرسىنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىش كېرەك ، ئېرىشىشنىڭ نەتىجىسى ياخشى پىسخىكىلىق ھالەتكە باغلىق . تۇرمۇشتا ئىچكى دۇنياسى باي ئادەم ، تۇرمۇشى باياشات ، ئىچكى دۇنياسى نامرات ئادەمدىنمۇ بەكرەك بەختلىك .

ئەگەر بىز ماددىي جەھەتتە باياشاتچىلىققا ئېرىشمەن دېسەك ، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە بايلىق ئېلىپ كېلىدىغان غايە نەتىجىسىنىڭ ياخشى روھىي ھالىتىنى قانداق ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك . بۇ خىل ھالەتكە ئىگە بولۇشتا مەنىۋى ماھىيەتنى تونۇپ ، ئۆزىمىز بىلەن ئالەمنىڭ مەنىۋى بىرلىكىنى بىلىپ يېتىشىمىز كېرەك . بۇ خىل بىلىش بىزگە ئۆزىمىزنى قانائەتلەندۈرىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرەلەيدۇ . بۇ بىر خىل ئىلمىي ، توغرا تەپەككۇر شەكلى . بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بۇ خىل مەنىۋى ھالەتكە يېتەلىسەك ، بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنىڭ ئىشقا ئېشىشى خۇددى يۈز بېرىپ بولغان ئىشلاردەك بىرقەدەر ئاسان قولغا كېلىدۇ . بىر مۇشۇلارنى قىلالىساق ، «ھەقىقەت» نىڭ بىزنى «ئەركىنلىك» كە ئېرىشتۈرۈپ ، بارلىق يوقسۇزلۇق ۋە چەكلىمىلەرنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرىدىن مۇستەسنا قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . بايلىققا ئېرىشىشتىكى ئاساس نېمە؟
ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىق ماھىيىتىگە بولغان چۈشىنىش .
2 . بايلىقنىڭ ھەقىقىي قىممىتى قەيەردە؟
بايلىقنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتىدە .
3 . مۇۋەپپەقىيەت نېمىگە باغلىق؟
مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتكە باغلىق .
4 . مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت نېمىگە باغلىق؟
قوللىنىشقا باغلىق ؛ قوللىنىش ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەيدۇ .
5 . بىز قانداق قىلىپ بارلىق تۇراقسىزلىق ئىچىدىن ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى تۇتۇۋالىمىز؟
بىز تۇرمۇشتا قانداق ھالەتنى نامايان قىلىشنى ئۈمىد قىلساق ئاشۇ ھالدا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك .
6 . ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش نېمە؟
ئىدىيە .
7 . بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسى قەيەردە؟
بۇزۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەدە .
8 . بارلىق ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى قەيەردە؟
ئىلمىي ، توغرا بولغان ئىدىيەدە .

# 17 ـ ساۋاق : تەشنالىقتىن ئۇمىد تۇغۇلىدۇ

گۈزەل سەنئەت دەرسىدە مۇئەللىم ساۋاقداشلاردىن خۇدانىڭ رەسىمىنى سىزىشنى تەلەپ قىلىپتۇ . تاپشۇرۇق بېرىلگەندىن كېيىن ھەربىر ساۋاقداش يامان ئەمەس سىزىپتۇ ، بىراق ، بىر پارچە رەسىم مۇئەللىمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپتۇ . بۇ بىر نېگىر بالىنىڭ ئەسىرى بولۇپ ، ئۇ تەگرىنى ئۆزىگە ئوخشاش قاپقارا تېرىلىك ، بۇدۇر چاچلىق ، نېگىر سىياقىدا سىزىپتۇ . باشقا بالىلار سىزغان خۇدا ئالتۇن چاچلىق ، كۆك كۆزلۈك بولۇپ ، بىز ئادەتتە رەسىملەردە كۆرگەن خۇدانىڭ رەسىمىگە ئوخشاش ئىكەن .

ھېچكىم بۇ نېگىر بالىنى رەسىمنى ياخشى سىزمىغان ، خۇداغا شەك كەلتۈرگەن دېيەلمەيدۇ ، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر خۇدا بولىدۇ ، ھەتتا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قەلبىدىكى «خۇدا» غا چوقۇنىدۇ ، بۇ ئادەمنىڭ ئىدراك ئەھۋالىنىڭ ئىنكاسىدۇر .

بىر ھىندىستانلىقتىن خۇدا نېمە دەپ سورىسىڭىز ئۇ سىزگە داڭق چىقارغان قەبىلە كاھىنىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ . پېرىخون ، كاھىن ھەم مۇشۇ تۈردىكى نەرسىلەر بىدئەت دىن مۇرتتىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى خۇدا ھېسابلىنىدۇ .

بەزىلەر مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن ، مېنىڭ دىنىي ئېتىقادىم يوق ، سېنىڭ ئۇ ئىدىيەلىرىڭ ماڭا ماس كەلمەيدۇ ، تەبىئىي ئەمەس دەيدۇ . بىز ئۆزىمىزگە «بايلىق» ، «ھوقۇق» ، «مودا» ، «ئادەت» ، «ئەنئەنە» قاتارلىق مەبۇدلارنى تىكلىۋالىمىز . بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا «تىزلىنىپ» ئۇلارغا چوقۇنىمىز . پۈتۈن دىققىتىمىزنى ئۇلارغا مەركەزلەشتۈرىمىز ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا

www.uyghurkitap.com

كونكرېتلىشىدۇ.

ئاتالمىش «ياۋايى» كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلاھى ئۈچۈن «مەبۇد تىكلەيدۇ»، ئاندىن ئۇنىڭغا تېز چوكۇپ تىزلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئانساندىكى ئەقىللىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بۇ مەبۇدلارنى بىر مەنىۋى تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ، كۆرگىلى بولىدىغان تاشقى شەكىل دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا يۈكلەيدۇ. بىراق، سىز سەۋەب ـ نەتىجە ئايلىنىشىنى چۈشەنسىڭىز، ئوبرازلارنىڭ ماھىيەتلىك تاشقى ئىپادە ئىكەنلىكىنى، ئوبرازلارنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، دىققەت قىلغان نەرسىڭىزنىڭ ھەممىسىنىڭ «سەۋەب» ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ «نەتىجە» ئەمەسلىكىنى بىلىسىز. سەۋەبنى چۈشەنگەندىلا ئۆزىڭىز ئويلىغان نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز.

1. ئەڭ ئالىي ھەرىكەت شەكلى ماھىيەت ۋە خاراكتېر جەھەتتە تېخىمۇ ئالىي ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا بارلىق مۇھىت، قىياپەت ھەم باشقا ئالاقىدار شەخسلەرنى بەلگىلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ «كۆللى شەيئىلەرنى تەقسىملىيەلەيدىغان» تەقسىملەش ھوقۇقى مەنىۋىيەت ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ. ئىدىيە بىر خىل ھەرىكەت، ئۇ ئۆزىگە مەنسۇپ بارلىق ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى كونترول قىلىدۇ.

2. ئېغىز، كۆز، بۇرۇن، قۇلاق بۇ دۇنيانى ئىدراك قىلىدۇ، بىز بەش سەزگۈ ئەزايىمىزغا تايىنىپ ئالەمگە مۇئامىلە قىلىمىز، بىزنىڭ ئادەم، ئىلاھ ھەققىدىكى كۆزقارىشىمىزمۇ بۇ تەجرىبىنى مەنبە قىلىدۇ، بىراق ھەقىقىي نۇقتىئىنەزەرنى مەنىۋى كۆزىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ئاندىن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل كۆزىتىش ئىقتىدارى مەنىۋى سىلكىنىشنىڭ تېزلىشىشىگە باغلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇقىم نىشانغا يۈزلىنىپ پۈتۈن كۈچ بىلەن داۋاملىق زېھنىنى مەركەزلەشتۈرگەندىلا بۇ خىل كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ سىل-

كىنىشى ئەڭ ساپ بولىدۇ، شۇڭا، ئۇ مەۋجۇت بولغان كۈچ - قۇدرەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك بولىدۇ.

3 . پەن ئۆگىنىش، زېھنىنى نۇرغۇن ۋاقىت مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى پرىنسىپلارنى ئىگىلەشكە موھتاج، ئۇلۇغ بايقاشلارنىڭ ھەممىسى كۆزىتىشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى. داۋاملىق ئويىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىدىيەنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى، باراۋەر ئېقىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ سىجىل، تەرتىپلىك، مۇقىم، قەتئىي سىستېما ئاستىدا ئىشقا ئاشۇرۇشقا موھتاج.

4 . بىر ياخشى ئارتىسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاچقۇچ، ئۇنىڭ رول ئېلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئېلىۋاتقان رولغا تولۇق باغلاپ، چىنلىقنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىشتۇر. شۇنىڭدەك، بىر خىل كۆزقاراشتا ئويىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئېھتىياجلىق بولىدىغىنى بىرەر ئىشنى تىرىشىپ قىلىش، دەپ قارىلىدۇ، بۇ قاراش خاتا، ئەمەلىيەت دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

5 . ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسىگە چۆكۈپ، ئۆزىڭىز دىققەت قىلىدىغان باش تېمىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىڭ، ھەتتا باشقا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويماڭ. ئويىنى بۇنداق مەركەزلەشتۈرۈش بىۋاسىتە سېزىملىق ئىدراكلاشنى ھەم بىۋاسىتە سېزىملىق كۆزدىتىش ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ، سىزگە ئۆزىڭىز دىققەت قىلىۋاتقان ئوبيېكتىپنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىكى سىرنى ئېچىپ بېرىدۇ.

6 . بىزنىڭ قەلبىمىز بىر پارچە ماگنىتقا ئوخشايدۇ، ئىنتىلىدىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىمىز ماگنىتنىڭ كۈچىگە قارشى تۇرالمايدۇ، بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ تارتىلىشى بىزنى ئۇلارغا ئىگە قىلىدۇ، بارلىق بىلىم ئويىنى مانا مۇشۇنداق يىغىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

7 . ئارزۇ - ئىستەكنىڭ كۆپىنچىسى يوشۇرۇن ئاڭدۇر. يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ - ئىستەك قەلب ئېنىرگىيەسىنى قوزغى-

تىپ ، قىيىن مەسىلىلەرنى يېشىدۇ . ئۇمىد ئويىنى مەركەزلەشتۈ-
رۈشكە قوشۇلسا ، بىزنىڭ تەبىئەتنىڭ بارلىق سىرلىرىنى چۈشىنى-
شىمىزگە پايدىلىق بولىدۇ .

8 . ئويىنىڭ مەركەزلىشىشى يوشۇرۇن ئاڭدىكى چۈشەنچىلەرنى
قوزغىتىپ ، ئۇنى يۈنىلىشكە قاراپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇنى بىز-
نىڭ مۇددىئايىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈندەيدۇ . مەركەزلەشكەن
ئويىنىڭ ئىشقا ئېشىشى مادداا ، روھ ۋە تەنگە بولغان كونتروللۇقنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىر مەزگىللىك قىزغىنلىقتا تايىنىشنىڭ ھېچ-
قانداق قىممىتى يوق ، نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆزىگە بولغان
ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئىشەنچ بولۇشى كېرەك .

9 . تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە مەيلى ماددىي ، مەنىۋى ياكى
جىسمانىي بولسۇن بارلىق ئاڭ ئەندىزىلىرى جەزمەن بىزنىڭ ئىلا-
كىمىزگە چۈشۈشى كېرەك . شۇڭا ، سەۋەبنى كونترول قىلىش
مەنىۋىيەت پىرىنسىپىدا ؛ مەنىۋىيەت پىرىنسىپى سىزنى چەكلىك
نەتىجىلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ، سىزنى ئىدىيە ئەندىزىسىنى خاراكتېر
ۋە ئاڭ ساھەسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ .

10 . «ئۆزگە تېگىشلىك بولمىغان شەيئى» گە ئىگە بولۇش-
تىن ئاۋۋال بۇ «ئۆزگە تېگىشلىك بولمىغان شەيئى» نىڭ «تېرد-
تورىيەسى» نى ئورۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر . ئويىنى مەركەزلەشتۈرۈش-
نىڭ مۇھىم ئۇقتىسى مەلۇم كۆزقاراشنى ئويلىنىش ئەمەس ، بەلكى
بۇ كۆزقاراشنى ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ .

11 . غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ بەزىدە ئىنتايىن زور پەرقى
بولىدۇ ، قەلب قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلماقچى بولسا ، تېخى
ئېگىز ئۇچماستىلا يەرگە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن . مەنىۋىيەت
غايىنى يۈكسەلدۈرۈپ ، قەلبتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىشى مۇم-
كىن . بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشنى
سىنىشىمىزنىڭ باھانىسى بولالماسلىقى مۇمكىن ، ئەگەر مۇۋەپپەد-
قىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولساق ، بۇ بىزنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچان-
لىقىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

12 . ئاجىزلىق تەننىڭ چەكلىمىسى ياكى مەنىۋىيەتنىڭ ئېنىقسىز ھالىتىدىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن ، ئاجىزلىق مەنىۋىيەتنىڭ نەتىجە قازىنىشىدىكى بىردىنبىر توسالغۇ . يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىڭ ، ئۈزلۈكسىز تەكرارلاش سىزنى ئاسانلا مۇكەممەللىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ .

13 . كىشىلەر زېھنىنى تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىمىز بولغان ، بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولغان . گېئولوگلار دىققىتىنى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق قۇرۇلمىسىغا قويغاچقا ، بىزدە گېئولوگىيە بولدى ؛ ئاسترونوملار دىققىتىنى پىلانېتلارغا مەركەزلەشتۈرگەچكە پىلانېتلارنىڭ سىرى ئېچىلدى .

14 . ئۈمىد ئەڭ كۈچلۈك بىر خىل ھەرىكەت ئەندىزىسى . بارلىق مەنىۋى بايقاشلار ۋە مەنىۋى نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسىدە قىزغىن مۇھەببەتكە ئۆينى مەركەزلەشتۈرۈش قوشۇلغان ، ئۈمىد قىزغىنلاشقانسېرى بايقىلىشىمۇ روشەنلىشىپ بارىدۇ .

15 . ئۇلۇغ غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ، كەچۈرمىشلەر بىلەن بۇ ئۇلۇغ غايىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇلۇغ ھېسسىياتى جەريانىدا قەلب مۇشۇنداق بىر خىل ھالەتنى چىقىش قىلسا ، تېخىمۇ يۈكسەك شەيئىلەرنىڭ قىممىتىدىن ھۇزۇرلىنالايدۇ .

16 . ئۆينى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەندىشە ، ئاجىزلىق ، ئىقتىدارسىزلىق ، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشنىڭ ئاسارەتلىرىدىن چىقىش سىزگە بويسۇندۇرۇش قىزغىنلىقىنى سىنىتىدۇ . بىر باسقۇچتىكى ئۆينى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئېرىشىشكە بولغان ئۈمىد قوشۇلسا ، ئۇزۇن مەزگىللىك پاسسىپلىق ، ئەزمىلىك ، ئادەتتىكى تىرىشچانلىقتىنمۇ بەكرەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولۇشى مۇمكىن .

17 . تەشنالىق بىر خىل مەنىۋى قۇدرەت ، بارلىق سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى غايىنىڭ كونكرېتلىشىشىدۇر . سودا

دەرسلىرى ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، خاراكتېرىنىڭ كەسكىنلىك تەرىپىگە ئىلھام بېرىدۇ. سودا پائالىيەتلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئاچىدۇ، ھەم يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىنى تېزلىتىدۇ. ھەربىر سودا پائالىيىتىدە ئۇنىڭدىكى مەنىۋىيەت ئامىللىرى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەيدىغان تەركىبلەردۇر. سودا ھەرىكىتىدە نۇرغۇن مۇستەھكەم، مۇھىم پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. قەلب سودا پائالىيىتىدە مۇستەھكەم، مۇقىم خاھىشقا قاراپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؛ مەنىۋى پائالىيەتلەردىكى نىسبەت ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ.

18. ئەڭ مۇھىمى قەلبىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، قەتئىي بوشاشماس مەنىۋى تىرىشچانلىق سىزنىڭ مۇستەقىللىق ۋە ئىلگىرىلەش روھىنى ئېچىشىڭىزغا پايدىلىق، بۇ مەنىۋىيەتنى تۇرلۇك توسالغۇ ۋە ئىقتىدارلارنىڭ ھاياجىنىدىن ساقلايدۇ. قەلبىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۈزلۈكنىڭ تۆۋەن قاتلامدىن يۇقىرى قاتلامغا ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى غەلىبىدۇر.

19. گېنېراتورنىڭ قۇدرىتى تەڭداشسىز، بىراق، ئۇ قوزغىتىلمىسا ھېچقانداق بىر كۈچنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. قەلبىمىز تەن گېنېراتورىمىزنىڭ ۋىكلىيۇچاتېلى، قەلب تەننى ھەرىكەتلەندۇرگەندىلا ئاندىن ئۇنۇم پەيدا قىلالايدۇ، ئۇ پەيدا قىلغان ئېنېرگىيە ئېنىق، ئۇنۇملۇك ھالدا يىغىلىدۇ. قەلب موتور، ئۇنىڭ ئېنېرگىيىسىنى ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

20. ئەگەر سىز ئۇيىڭىزنى بىر مۇھىم ئىشقا مەركەزلەشتۈرسىڭىز، بىۋاستە سىزىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى رول ئويناشقا باشلىسا، ئۇ سىزگە ياردەم قىلىپ، سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئېلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈش ئاڭنىڭ توپلىنىشىنى دىققەت قىلىۋاتقان ئوبيېكت بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت. خۇددى تەن ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يېمەكلىك قوبۇل قىلغاندەك، مەنىۋىيەتمۇ ئۆزى دىققەت قىلىۋاتقان ئوبيېكتنى قوبۇل قىلىشقا موھتاج، ئۇنى ھاياتلىق ۋە

مەۋجۇتلۇق ماھىيىتىگە ئىرىشتۇرىدىغان ھېچقانداق سىر يوق.
21. ئىنساننىڭ بىۋاستە سېزىمى بىر سىرلىق يېتەكچىگە ئوخشايدۇ، بىۋاستە سىزىمغا تەجرىبە ياكى ئەسلىمىگە تايىنىپ جاۋابقا ئېرىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىۋاستە سېزىمدىن پايدىلىنىپ مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش ئادەتتە ئەقلىي ئىقتىدار كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. بىۋاستە سېزىمنىڭ ئادەتتىكى تاسادىپىي-لىقلىرى سىزنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. بىۋاستە سېزىم دائىم ئويلىمىغان يەردىن بىر ئۇزۇندىن بۇيان ئىزدەۋاتقان ھەقىقەتكە ئۇرۇلىدۇ، ئادەم ئۇنىڭدىن ئېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق كۈچ - قۇدرەت كېلىدىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. بىۋاستە سېزىمنى يېتىل-دۇرگىلى، ئاچقىلى بولىدۇ. بىۋاستە سېزىمنى يېتىلدۇرۇش ئۇ-چۇن ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش كېرەك. بىۋاستە سېزىم سىزگە مېھمان بولسا، ئۇنىڭغا پادىشاھلارنى كۈتۈۋالغاندەك ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئۇ قايتا- قايتا قەدەم تەشرىپ قىلىدۇ. سىزنىڭ كۈتۈۋېلىشىڭىز قىز-غىن بولغانسېرى ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئۇستى - ئۇستى-لەپ بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنى چۈشەنمىسىڭىز ياكى كۆزگە ئىلمى-سىڭىز ئۇنىڭ زىيارەت سانى بارغانسېرى ئازلاپ، سىزدىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىدۇ.
22. يوشۇرۇن ئاڭ دائىم غەلىبە قىلىدىغان قوشۇن، ئۇ تارمار بولۇشقا يۈزلەنسە ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭغا ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى بېغىشلىغاندا ئۇ قىلالايدىغان ئىشلار چەكلىمىسىز بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئىستىكىڭىز تەبىئەت قانۇنىيىتى ياكى ئالەم روھى بىلەن ماسلىشىشچان بولسا، يوشۇ-رۇن ئاڭ سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ئازاد قىلىپ، سىزگە يېڭىلمەس جاسارەت بېغىشلايدۇ. سىز قولغا كەلتۈرىدىغان ھەرقانداق مۇۋەپ-پەقىيەت پۈتۈنلەي سىزنىڭ ئىستىكىڭىزنىڭ ماھىيىتىگە باغلىق.
23. بىزنىڭ ھەربىر توسالغۇدىن ھالقىشىمىز، ھەربىر قې-تىملىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتە-

دۇ ؛ بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ زور كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ غەلىبىگە ئېرىشەلەيمىز. سىزنىڭ جاسارىتىڭىز مەن-ۋى ھالىتىڭىزگە باغلىق، ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئۆزىڭىزگە ئىشىنىش ھالىتىنى نامايان قىلسىڭىز، مۇستەھكەم ئىشەنچكە ئىگە بولسىڭىز، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ساھە-لەردىمۇ تىۋىشسىز ئېھتىياجلارغا ئېرىشەلەيسىز.

24 . بىز بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ زادى نېمىنى ئويلايدىغانلىقى-مىزنى ئايدىڭلاشتۇرالماي قالىمىز، نام - ئابرۇيغا ئىنتىلىپ، شان - شەرەپكە ئىنتىلمەسلىكىمىز مۇمكىن؛ باياشاتلىققا ئىنتى-لىپ، بايلىققا ئىنتىلمەسلىكىمىز مۇمكىن؛ مەرتىۋىگە ئىنتىلىپ، تەقسىملەش ھوقۇقىغا ئىنتىلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال-دا سىز ئۆزىڭىغا ئىنتىلمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇلارنىڭ پەقەت ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالىسىز. قەلبىڭىزنى كۆزقاراشقا بولغان ساداقەتنى ساقلاپ قالغاندىلا ئۇ ئاستا - ئاستا ئوبيېكتىپ دۇنيادا شەكىللىنىدۇ.

25 . ئېنىق نىشانىڭ ئۆزى بىر خىل ھەرىكەت، ئۇ كۆرۈن-مەس دۇنيادا سىزگە نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كېرەكلىك بارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ بېرىدۇ. سىزنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنىڭىز كۈچ-قۇدرەتنىڭ ئۆزى بولماي، كۈچ- قۇدرەتنىڭ بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن.

26 . بايلىق ئۇچۇن بىر ئۆمۈر پالاقلاپ نۇرغۇن پۇل چېكىگە ئىگە بولغان، يانچۇقىنى ئالتۇن بىلەن لىق توشقۇزغان ئادەم ئەڭ ئاخىرىدا غايەت زور مىقداردىكى پۇلنىڭ پەقەت ساندىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. پۇل ھەم نوقۇل ھالدىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ بارلىق بەلگىلىرى ھەممىشە كىشىلەرنىڭ بەس - بەستە تەلپۈنۈش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ، بىراق ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسىنى تونۇيدىغان بولساق، بىز بۇ بەلگىلەرگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيمىز. شۇنىڭدەك، ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسىنى

تاپقان ئادەم كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ساختا بېزەكلىرى ياكى بۇيۇملىرىغا قىزىقىپ كەتمەيدۇ .

27 . ئىدىيە تاشقى دۇنياغا ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ ، بەراق ، ئىدىيەنىڭ تىغ ئۇچى ئىچكى دۇنياغا قارىتىلسا ، ئىدىيە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى ئىگىلەپ ، كۈللى شەيئىلەرنىڭ يادروسى ۋە روھىنى تونۇپ يېتىدۇ .

28 . ئەگەر سىز كۈللى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىۋالسىڭىز ئۇلارنى بىرقەدەر ئاسان تونۇپ ، ئۆزىڭىزگە بويسۇندۇرالايسىز . كۈللى شەيئىلەرنىڭ مەنىۋى ماھىيىتى شەيئىلەرنىڭ ئۆزى بولۇپ ، ئۇنىڭ يادرولۇق قىسمى ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقتۇر . تاشقى شەكىل ئىچكى مەنىۋىيەتنىڭ تاشقى ئىپادىسىدىن ئىبارەت ، خالاس .

29 . كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغاندا گۈل ئېچىلماي قالىدۇ ، ئېتىبار بەرمەي سانچىپ قويغانغا سۆگەت نوتىسى كۆكلەپ قالىدۇ ، كۈچ ـ قۇدرەت ئازادىلىكتىن كېلىدۇ . پۇتۇنلەي ئازادىلىنىش ، نەتىجىدىن ئەنسىرىمەسلىك كېرەك . مەنىۋىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ، ئاڭلىق ھالدا نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك . ئەھمىيەت بېرىۋاتقان نىشان ئۈستىدە ئويىڭىز ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي بىرلىشىپ كەتكۈچە ، سىز باشقا نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قايتا ھېس قىلمىغۇچە تەپەككۇر قىلىڭ .

## قەلبنى تاۋلاش

ئىقتىدارلىق سودىگەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايرىم ئىشخانىسى بولىدۇ ؟ بۇ دائىم «تىمتاسلىق» ئىچىدە بىۋاسىتە سېزىمىغا ئېرىشتۈرىدۇ . ئۇلۇغ قەلب ئىگىلىرى دائىم يالغۇز يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ، بۇ يەردە ئۇ تاشقى دۇنيانىڭ ئاۋارىچىلىكىگە ئۇچرىمايدۇ . سۈكۈت ، يالغۇزلۇقتا ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلىرى يېشىلىدۇ . ئەگەر سىزنىڭ بۇنداق شارائىتىڭىز بولمىسا ، ئەڭ بولمىغاندا ھەر كۈنى بىر نەچچە مىنۇت يالغۇز تۇرالايدىغان جاينى

تېپىپ، ئۇ يەردە تەپەككۇرىڭىزنى ئېچىڭ. ئىقتىدارىڭىزنى — ئېرىشىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان، سىزنى يېڭىلمەس قىلىدىغان ئىقتىدارىڭىزنى ئېچىڭ.

ئۆينى مەڭگۈ ئۆزىڭىزنىڭ نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈڭ، ئىشقا ئاشۇرىدىغان نىشانىڭ بولماسلىقى ھېچ ئىشنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىغا تەڭ؛ ۋەھىمىنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۆيىڭىزنى جاسارەتكە مەركەزلەشتۈرۈڭ؛ كېسەللىكنى يوقىتىشنى ئويلىسىڭىز ئۆيىڭىزنى ساغلاملىققا مەركەزلەشتۈرۈڭ؛ يوقسۇزلۇقنى يوقىتىشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۆيىڭىزنى باياشاتلىققا مەركەزلەشتۈرۈڭ. بۇ «سەۋەب» ھاياتلىق قانۇنىيىتىنى قوزغىتىدۇ، مانا بۇ «سەۋەب» يېتەكچىلىك، باشلامچىلىق قىلىپ زۆرۈر مۇناسىۋەتنى قۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ نىشانىڭىز ماددىي شەكىلدە ئىشقا ئاشىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. ئۆينى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلى نېمە؟
ئىدىيىڭىز دىققەت قىلىۋاتقان ئوبيېكتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاندىن بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بارلىق ئىشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاڭ.

2. بۇنداق ئۆينى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟
بۇنداق قىلغاندا كۆرۈنمەس كۈچ - قۇدرەتنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ، بۇ سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىزغا ماس مۇھىتقا ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ.

3. بۇ خىل ئىدىيەۋى شەكىلنىڭ بەلگىلەشچان ئامىلى نېمە؟
مەنىۋىيەت قائىدىسى.

4. نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟
چۈنكى، بىزنىڭ ئىنتىلىشىمىزنىڭ ماھىيىتى تەبىئەت قانۇن-



www.uyghurkitap.com

يىتىگە ماسلىشىشچان بولۇشى كېرەك .

5 . بۇ خىل ئوينى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئەمەلىي قىممىتى قەيەردە ؟

ئىدىيەنى پەزىلەتكە ئايلاندۇرۇشتا ، پەزىلەت يەككە مۇھىت يارىتالايدىغان بىر خىل ماگنىتتۇر .

6 . بارلىق سودا پائالىيەتلىرىدىكى بەلگىلەشچان ئامىل نېمە ؟

مەنىۋىيەت ئامىلى .

7 . روھنى مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز قانداق يۇرگۈزۈلىدۇ ؟

ئىدراك ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئەقىل - پاراسەتنى يۇكسەلدۇرۇش ، بىۋاسىتە سېزىم ۋە سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ئارقىلىق .

8 . نېمە ئۈچۈن بىۋاسىتە سېزىم ئەقلىي خۇلاسىدىن يۇكسەك بولىدۇ ؟

چۈنكى ، بىۋاسىتە سېزىم تەجرىبە ياكى ئەسلىمىگە تايانمايدۇ ، ھەمىشە بىز بىلمەيدىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ .

9 . سۇبىستانىيەلىك بەلگە ، سىمۋولغا ئىنتىلىشنىڭ نەتىجىسى نېمە ؟

ئۇلارغا ئىنتىلگەندە ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئۆتكۈنچى نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ ، بەلگە ، سىمۋول ئىچكى دۇنيادىكى پائالىيەتنىڭ تاشقى شەكلىدۇر . شۇڭا ، بىزنىڭ مەنىۋىيەتتە سۇبىستانسىيەگە ئىگە بولغىنىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، تاشقى شەكىل ئاخىرقى ھېسابتا قۇپقۇرۇق بىر نەرسىدۇر .

## 18 ـ ساۋاق : بىر ـ بىرىنى مەنپەئەتدار قىلىدىغان قىلمىش

بارلىق كىشىلەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىچىدە تۇرىدۇ ، ھېچقايسىسى مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق ئەمەس . بىر ئەر تۈرلۈك سالاھىيەت ۋە روللارغا ئىگە بولۇپ ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىسىدە تۇرۇشى مۇمكىن . ئۇ ئاتا ھەم بالا ، ئەر ھەم قېرىنداش بولىدۇ . شۇنىڭدەك ، ئاياللارمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئوخشاش بولمىغان روللارنى ئالىدۇ ، ئوخشاش بولمىغان روللار ئۇلارغا ئوخشاش بولمىغان مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى يۈكلەيدۇ . شۇڭا ، بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ پۈتكۈل مۇناسىۋىتىدە ، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ، ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ . بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇنىڭ مۇھىتىنى تەشكىل قىلىدۇ ، باشقا شەكىللەر ئارقىلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، يەككىلىك ئومۇمىيلىقتىن ئايرىلالمايدۇ ، يەككىلىك كائىنات روھىنىڭ بۆلۈنۈشىدىنلا ئىبارەت ، بۇ خىل ئالەم روھى «دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى يورۇتىدۇ» . كائىناتتىكى يەككىلىشىش ياكى ئادەملىشىش پەقەت يەككىلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ باغلىنىش شەكلىدۇر . بۇنداق باغلىنىش شەكلىنى بىز مۇھىت دەپ ئاتايمىز ، بۇ خىل مۇھىت تارتىش كۈچى قانۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ .

ياشاش ئۈچۈن بىز ياشاش ماتېرىياللىرىغا ئېرىشىمىز ، بۇ نۇقتىنى تارتىش كۈچى قانۇنى بەلگىلەيدۇ . مانا مۇشۇ قانۇن يەككىلىك بىلەن ئالەمنى ئايرىپ ، بىزگە بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ ، تارتىش كۈچى قانۇنىنى تېخىمۇ ياخشى كونت-

رول قىلدۇرۇپ، بىزنى ئۇنىڭغا ئىگە قىلىدۇ.

1. ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، ئۆزگەرمەيدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۆزگىرىشتۇر. دۇنيادىكى ئىدىيە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىزنىڭ يېنىمىزدىلا يۈز بەرمەكتە، بىدئەت دىن يوقالغاندىن بۇيان، بۇ دۇنيانىڭ باشتىن كەچۈرگىنى ئەڭ مۇھىم ئىدىيەۋى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

2. مەيلى نېگىرلار ياكى ئاق تەنلىكلەر بولسۇن، مەيلى نامراتلار ياكى بايلار بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان مۇرىتلىرى ياكى كاتولىك مۇرىتلىرى بولسۇن، مەيلى يۇقىرى قاتلامدىكى ئەڭ تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر توپى ياكى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەر سىنىپى بولسۇن، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ بىر مەيدان مىسلىسىز ئىنقىلابنى قىلماقتا، بارلىق كىشىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئۆزگەرمەكتە. لېكىن، بەزى كىشىلەر بۇنى ھېس قىلىسىمۇ بەزى كىشىلەر بىخۇد يۈرۈۋاتىدۇ.

3. بىيولوگىيە دۆلىتىگە كىرسىڭىز ھەممە نەرسىنىڭ ئاقما ھالەتتە ئىكەنلىكى، مەڭگۈ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، مەڭگۈ يارىتىلىۋاتقانلىقى، قايتا يارىتىلىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. مىنېرال دۇنيادا ھەممە نەرسە ئۆزگەرمەيدىغاندەك، مۇقىم كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇلاردىمۇ ھەرقاچان ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ.

4. ھەربىر ساھە ھامان بارغانسېرى گۈزەللىشىدۇ، بارغانسېرى مەنىۋىيلىشىدۇ، شەكىللىكتىن شەكىلسىزلىككە، قوپاللىقتىن سىپتىلىققا، تۆۋەن دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئاڭ ئېنېرگىيەسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يوشۇرۇن ئاڭ ئېنېرگىيەسىگە ئۆزگىرىدۇ. بىز شەكىلسىز دۇنياغا بارغاندا ئېنېرگىيەنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ جانلىق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بايقايمىز، ئۇ ھەرقاچان قوزغىتىلىشقا تەييار تۇرىدۇ.

5. ئۇزۇن مۇددەت ئەنئەنىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا ياشىغان كىشى-

لەر بارلىق چەكلىمىلەردىن قۇتۇلدى ، يېڭى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان نەزەر دائىرە ، ئىشەنچ ۋە مۇلازىمەت تۈيغۇرماستىن كونا ئادەت ، دىنىي ئەقىدە ، ياۋۇزلۇق قاتارلىق بارلىق چىرىك ، دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى . بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ـ پەننىڭ بايقىغانلىرى ھېسابسىز بولۇپ ، چەكسىز بايلىق مەنبەلىرى ، سان ـ ساناقسىز ئىمكانىيەتلەرنى بايقاپ ، كىشىلەر بىلمىگەن نۇرغۇن كۈچ ـ قۇدرەتلەرنى نامايان قىلدى . ئالىملارنىڭ مەلۇم بىر نەزەرىيەنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى تېخىمۇ قىيىنلاشتى ، قائىدە ـ نىزاملار گۇمانلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى ؛ شۇڭلاشقا ، بىرەر نەزەرىيەنى ئىنكار قىلىپ بىمەنىلىك ، مۇمكىن بولمايدۇ دەپ ئاتاشمۇ تەسكە چۈشىدىغان بولۇپ قالدى .

6 . قەلبىمىزدىن كەلگەن پۈتۈنلەي يېڭى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئاڭ ، ئىشنىش قىيىن بولغان ئىرادە ۋە قارار ئۇيقۇدىكى دۇنيانى ئۆزگەرتىپ ، بىزنىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يېڭىباشتىن نەزەر سالدۇرماقتا .

7 . مولېكۇلادىن ئاتومغىچە ، ئاتومدىن كۇۋانتقىچە دۇنيادىكى شەكىللىك سۇبىستانسىيەلەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈپ ئاخىرقى چەككە ئېلىپ بېرىلدى ، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى كىشىلەر ئىنتايىن ئېنىق ، روشەن كۆردى . ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز مەنىۋىيەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ، مەنىۋىيەتنىڭ كۇۋانتىنى تېپىشتۇر . «ئېنېرگىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چەك مەنىسىدىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بىز ئېيتىدىغان ‹مەنىۋىيەت› ياكى ‹ئىرادە› بىۋاسىتە قوللىنىلغاندا ئۇلارنىڭ چۈشىنىلىشىدۇر» دەيدۇ سىر ئانبولۇس فرايمىر .

8 . دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۆزگەرتىدىغىنى مەنىۋى خىزمەتلەردىن ئىبارەت . ئەقلىي خۇلاسە مەنىۋىيەت جەريانى ؛ كۆزقاراش مەنىۋىيەتنىڭ ھامىيلىسى ؛ سوئال ئەمەلىيەتتە مەنىۋىيەتنى يورۇتىدىغان چىراغ ۋە لوگىكا ؛ مۇنازىرە ۋە پەلسەپە مەنىۋىيەتنى تەشكىل

قىلىدىغان ئورگانىزم . بۇ خىل مەنىۋىيەت بىزنىڭ قەلبىمىزنىڭ ئاخىرقى چەك ئېنېرگىيەسىدە ماكانلاشقان . ئۇ ماددىدىمۇ ، قەلب-تىمۇ مەۋجۇت . ئۇ ھەممىنى قوغداپ ، ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىنى ھەممىگە ، ھەممە يەردە مەۋجۇت ئالەم ئېنېرگىيەسىگە توشقۇزىدۇ .

9 . ئادەم بىلەن ھايۋانىنىڭ پەرقى مېڭە سىغىمچانلىقىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا ، شۇنداقلا ئەقىل - پاراسەتتىكى پەرقتە . مانا مۇشۇ ئەقىل - پاراسەت ھايۋانلاردا ئۆسۈملۈكلەردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن ، ئادەملەردە ھايۋانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن بولى-دۇ .

10 . بارلىق ھاياتلىق يەككىلىكى بۇ خىل ھەممىگە قادىر ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ ، بىز ئىنسانلارنىڭ يەككە ھاياتلىق پەرقىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەممىگە قادىر ئالەم ئەقىل - پاراسىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە نامايان قىلغان-لىقى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز . بىزگە ئايان ، بۇنداق قاتلاممۇ ئېشىۋاتقان ئەقىل - پاراسەت ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدۇ ، ئىنسانلارنىڭ يەككىلىكى ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىنى كونترول قىلىدۇ ھەم مۇھىتقا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى لايىقلاشتۇرىدۇ . ئەقىل - پاراسەتنىڭ دەرىجىسى يۈك-سەلگەنسېرى بىز بۇ تەبىئىي قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ ، تېخىمۇ يۈك-سەك ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە بولىمىز .

11 . بارلىق ئۇلۇغ قەلبلەر خۇددى سائەتنى توغرىلىغاندەك تەڭشىلىدۇ . بۇ يەردىكى تەڭشەش دېگىنىمىز ، كائىنات روھىغا نىسبەتەن ھازىر مەۋجۇت بولغان تەرتىپلەرنى بىلىشتۇر . ھەممەي-لەنگە ئايان ، بىز ئاۋۋال ئالەم روھىنى ھۆرمەت قىلىمىز ، ئاندىن ئالەم روھى بىزنىڭ تاپشۇرۇقىمىزنى ئاڭلايدۇ .

12 . ئالەم روھى بارلىق ئېھتىياجلارنى قاندۇرالايدۇ ، چۈنكى ئالەم روھىنىڭ ئۆزىمۇ مەۋجۇت قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ ، بۇ تەبىئىي قانۇنىيەت . تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش بىزنى ماكان - زامان پەرقىدىن ھالقىتىپ ، كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ ،

شۇنداقلا پولات قالقانلارنى كىيدۇرۇپ سۇ يۈزىدە لەيلىتىدۇ . ئىن- سانلار ئىنسان ئۆزلۈكىنىڭ كائىنات ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ يەككە شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە ، بۇ خىل ئۆزلۈكنى تونۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن يەككىلىكلەرنى كونترول قىلالايدۇ .

13 . بىزنىڭ ئىدىيەمىز ئىنتايىن جانلىق بولۇپ ، پائالىيەت- چانلىقتا ئىگە . لېكىن ، بۇ خىل ئىجادىي كۈچ ئىنسانلارنىڭ يەك- كىلىكىنى مەنبە قىلماي كائىناتنى مەنبە قىلىدۇ . كائىنات بارلىق ئېنېرگىيە ۋە ماددىلارنىڭ مەنبەسى ؛ يەككىلىك بولسا كائىنات ئېنېرگىيەسىنىڭ بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان ئېرىقىدىن ئىبارەت .

14 . پۈتۈنلۈك يەككىلىككە تايىنىپ ئىپادىلىنىدۇ ، كائىنات يەككىلىك ئارقىلىق تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان بىرىكىشلەرنى يا- رىتىدۇ ، شۇڭا تۈرلۈك ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ . ئەسلىي ماددىلار- نىڭ ھەرىكەت نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ ، ئۇ ياراتقان يېڭى ماددا سىلكىنىش نىسبىتىدە ئەسلىي ماددا بىلەن كەسكىن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلكىنىش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ .

15 . ئىدىيە ئەمەلىيەتتە كۆرۈنمەس كۆۋرۈك ۋە بەلباغ ، ئۇ يەككىلىك بىلەن ئالەم ، چەكلىكلىك بىلەن چەكسىزلىك ، شەكىل- لىكلىك بىلەن شەكىلسىزلىك ساھەسىنى باغلاپ بىرلەشتۈرىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلالىشى ، ھېس قىلالىشى ، ھەرىكەت قى- لالىشى ، بىلىمگە ئېرىشەلىشى ئىدىيەنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر ، ئى- دىيە ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى .

16 . پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگى- شىپ كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى ئۆزگەردى ، ھەسسىلىك ئاست- رونومىيە تېلېسكوپىغا تايىنىپ كىشىلەر ئاددىي كۆزى بىلەن كۆر- گىلى بولمايدىغان نەچچە يۈز مىڭ ئىنگلىز چاقىرىمى يىراقلىقتىكى دۇنيانى كۆرەلەيدىغان بولدى ؛ شۇنىڭدەك ، ئىنسانلار مۇۋاپىق تو- نۇشقا تايىنىپ كائىنات روھىدىن ئىبارەت بۇ بارلىق ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرالايدۇ .

17 . ئىنساننىڭ تونۇش جەريانىنى ئىچىدە لېنتا يوق سىنئالغۇغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ ، ئەگەر چۈشىنىش ۋە تونۇش بولمىسا ، ھېچنېمىنىڭ ئىزناسى بولمايدۇ ، ئۇ پەقەت قۇپقۇرۇق بىر كۆرۈنۈشتىن ئىبارەتتۇر ، خالاس .

18 . بارلىق تونۇش ئىشەنچتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس . ئادەم يەيدىغان قەبىلىلەرنىڭمۇ ئۆز ئەقىدىسى بولىدۇ ، بىراق ئۇنداق ئەقىدە نېمىگە ئەسقاتىدۇ ؟ كىشىلەر ئۇچۇن قىممىتى بار بىردىنبىر ئەقىدە ، ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنالايدىغان ئەقىدىدۇر . دەلىللەنگەندىن كېيىنكى ئەقىدە ئەقىدىدىنلا ئىبارەت ئەمەس ، ئۇ ھاياتلىقتىكى ئېتىقاد ۋە ھەقىقەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ . بۇ ھەقىقەت سانسىز كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن بولۇپ ، مۇۋاپىق ئۇسۇلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق قوللىنىشقا ئېھتىياجلىق .

19 . نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ، ئىنسانلارنىڭ كۆرەلەيدىغىنى پەقەت بېشى ئۈستىدىكى بىر پارچە ئاسمان بوشلۇقى ئىدى . ئىنسانلارنىڭ نەچچە يۈز مىليون ئىنگلىز چاقىرىمى يىراقلىقتىكى پىلانېتلارنىڭ ئورنىنى بېكىتىدىغان ھەسسىلىك تېلېسكوپى ئەسلا يوق ئىدى . ئىلىم ـ پەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ، تېخىمۇ چوڭ ، تېخىمۇ ئېنىق تېلېسكوپلار لايىھەلەپ چىقىلدى ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ چۈشىنىپ ، غايەت زور نەتىجىلەرنى ئۈزلۈكسىز توپلىدى ، ئىنسانلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى .

20 . ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيەت دۇنياسىغا بولغان تونۇشىمۇ شۇنداق بولىدۇ ، مەنىۋىيەتنىڭ تېلېسكوپى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئالەم روھى ھەم چەكسىز ئىمكانىيەتلەر بىلەن باغلىنىش ئۇسۇلىدىمۇ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ .

21 . شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك تارتىشىش كۈچى بولىدۇ ، ئالەم روھى تارتىش كۈچى قانۇنى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيا-

دا نامايان بولىدۇ. ھەربىر ئاتوم باشقا ئاتوملارغا قارىتا كۆچلۈك تارتىش كۈچى پەيدا قىلىدۇ. كۆللى شەيئىلەر مۇشۇ تارتىش كۈچى، بىرىكىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ھازىرقى بارلىق نەتىجىلەر پەيدا بولغان بىردىنبىر يولدۇر.

22. ئۆسۈپ يېتىلىش ھاياتلىقنىڭ ئىپادىسى، ئۆسۈپ يېتىلىش ئىقتىدارى كائىنات پىرىنسىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشكە مۇيەسسەر بولىدۇ، بۇ خىل ئىپادىلىنىش ئىنتايىن گۈزەلدۇر. ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن بىز ھاياتلىق ئېھتىياجلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك، شۇڭا، ئۆسۈپ يېتىلىش بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان قىلمىش شەرتى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بىزگە ئايان، مەنۋىيەت قاتلىمىدا ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەر بىر - بىرىنى تارتىدۇ، مەنۋىيەتنىڭ سىلكىنىشى ئۆزلىرى بىلەن ماسلىشىشچانلىقنى ساقلىغان سىلكىنىش ھەرىكىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆزىگە زىت شەيئىلەرگە سەل قارايدۇ.

23. بايلىق بىلەن نامراتلىق تۇغما دۈشمەن، بايلىق كۆز قارىشى ئۆزىگە ئوخشاش ئىدىيە پەيدا قىلغان ئىنكاستىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئىچكى دۇنيادىكى بايلىق تاشقى دۇنيادىكى بايلىقنىڭ سىرىدۇر، ئۇ تاشقى دۇنيادىكى بايلىقنى جەلپ قىلىپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئېلىپ كېلىپ، نامراتلىقنى يىراققا قوغلايدۇ. ئىنساننىڭ ھەقىقىي بايلىقى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكسىز بېغىشلايدۇ، بېرىدۇ، بېغىشلىغىنى كۆپەيگەنسېرى ئېرىشىدىغىنىمۇ كۆپىيىدۇ. شۇڭا، بىر ئادەم شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشسە، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ چېكى بولمايدۇ.

24. ئىدىيە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر خىل ئېنېرگىيەدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىپادىسى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بايقاشاتلىقتۇر. ۋال كوچىسىدىكى

پۇل مۇئامىلە زەردارلىرى ، كارخانا خوجايىنلىرى ، ئادۇوكاتلار ، سىياسىيونلار ، كەشپىياتچىلار ، يازغۇچىلار ، دوختۇرلار ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدىن باشقا يەنە نېمىسىگە تايىنىپ ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىغا تۆھپە قوشالىدى؟ ئۇلار ئىدىيەسىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا چەكسىز شان ـ شەرەپ بېغىشلىدى .

25 . ئالەم روھى تەگپۇك ھالەتتىكى جىمجىتلىقنى ساقلايدىغان مەنئۇيەت ياكى ماددىدۇر . بىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز كائىنات روھىنى شەكىل جەھەتتە بۆلۈۋېتىدۇ .

26 . كۈچ ـ قۇدرەت ئېنېرگىيەگە بولغان تونۇشقا باغلىق ، ئەگەر بىز كۈچ ـ قۇدرەتنى ئىشقا سالمىساق ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قالىمىز . ئەگەر بىز كۈچ ـ قۇدرەتنى تونۇمىساق ئۇنى قانداق ئىشقا سالالايمىز؟ مەنئۇي كۈچ ـ قۇدرەتنى قوللىنىش ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈشكە باغلىق . ئۇينىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى بىزنىڭ بىلىمگە ئېرىشىش ئىقتىدارىمىزنى بەلگىلەيدۇ ، بىلىم پەقەت كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت ، خالاس .

27 . پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دىققەت قىلىش ھازىرقى قىزىق تېما ، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىر ، ئۇينى مەركەزلەشتۈرۈش بارلىق تالانتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر .

28 . ئادەم تېنى توختىماي ھەرىكەت قىلىدىغان مۇرەككەپ ماشىنا بولۇپ ، چىقىرىپ ـ قوبۇل قىلىشقا ، مېتابولىزمغا موھتاج بولىدۇ . بىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك مەشىقىمىز دىققەت كۈچىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي كۈچىگە قويۇپ ، يەككە تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، ھەرىكىتىنى تونۇپ ، ھاۋا ئارقىلىق قوغدىلىشقا موھتاج ، نەپەس ئالغاندا ئاندىن ياشىغىلى بولىدۇ . ئەمدى ئىدىيەنى مۇنداق ئەمەلىيەت ئۈستىدە توختىتىمىز : ئادەمنىڭ مەنئۇي مەۋجۇتلۇقى ، ھەرىكىتى تېخىمۇ ئىنچىكە ئېنېرگىيەلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئېھتىياجلىق ، شۇ چاغدا ئاندىن ئۇنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ .

29 . ئۇرۇق بولمىسا مايسا ئۆسمەيدۇ ، كېيىنكى كۈنلەردىكى

www.uyghurkitap.com

دەرەخنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تەبىئەت دۇنياسىدا ئۆرۈق سېلىنمىسا ھاياتلىقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بولمايدۇ، ئېيتقان مېۋە ھەرگىزمۇ ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن دەرەختىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك، مەنىۋىيەت دۇنياسىدىمۇ ئۇرۇق سېلىنغاندىلا مېۋىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قانداق مېۋە ئېلىش ئۇرۇقنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق. شۇڭا، سىزنىڭ بارلىق شارائىتىڭىز بۇ خىل سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنى تونۇشىڭىزغا باغلىق، بۇ خىل تونۇش ئىنسانلار ئېڭىنىڭ ئەڭ ئالىي مەقامىدۇر.

## قەلبنى تاۋلاش

قىزىقىش كۈچ پەيدا قىلىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلسا ھوزۇرلىنىدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشنى قىلسا ئازابلىنىدۇ. دىققەت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ مەقسىتى قىزىقىش، قىزىقىش ئاشسا دىققەت كۈچىمۇ مەركەزلىشىدۇ؛ دىققەت كۈچى مەركەزلەشسە قىزىقىش ئاشىدۇ، بۇ تەسىر ۋە ئەكس تەسىرنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىققەت كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشنى باشلايلى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي سىزنىڭ قىزىقىشىڭىز قوزغىلىدۇ، قىزىقىشنىڭ پەيدا بولۇشى سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ دىققەت كۈچىڭىزنى مەركەزلەشتۈرىدۇ، بۇ خىل دىققەت كۈچى سىزدە تېخىمۇ كۆپ قىزىقىشنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. يەككە ھاياتلىقتىكى پەرق قانداق ئۆلچىنىدۇ؟
ئۇلارنىڭ ھاياتلىقتا نامايان قىلغان پاراسىتىگە قاراپ.
2. يەككىلىك قانداق قانۇنىيەتكە بويسۇنۇش ئارقىلىق باشقا شەكىلدىكى تۈرلۈك پاراسەتلەرگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى كونترول

قىلىدۇ ؟
ئۆزلۈكنى تونۇش ئارقىلىق ئالەم ئەقىل ـ پاراستىنى يەككىلەشتۈرىدۇ .
3 . ئىجادىي كۈچنىڭ مەنبەسى نېمە ؟
ئالەم .
4 . ئالەم قانداق قىلىپ تاشقى شەكىل يارىتىدۇ ؟
يەككىلىك ئارقىلىق .
5 . يەككىلىك بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش نېمە ؟
ئىدىيە .
6 . مەۋجۇتلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپى نېمە ؟
مۇھەببەت قانۇنىيىتى .
7 . بۇ خىل قانۇنىيەت قانداق ئىپادىلىنىدۇ ؟
ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .
8 . هاياتلىق قانۇنىيىتى قايسى شەرتكە باغلىق ؟
بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش قىلمىشىغا باغلىق . يەككىلىكنى مەيلى قاچان بولسۇن مۇكەممەللىك دېيىشكە بولىدۇ ، بۇ بىزنىڭ نېمىنى بېغىشلىساق ئېرىشىدىغىنىمىزنىڭمۇ شۇ نەرسە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن .
9 . بىز بېغىشلايدىغان نەرسە نېمە ؟
ئىدىيە .
10 . بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز نېمە ؟
يەنىلا ئىدىيە . ئىدىيە مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتنى چۆرىدەيدۇ ، بىزنىڭ ئوي ـ خىيالىمىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، شۇڭا ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## 19 ـ ساۋاق : بىلىم ۋەھىمىدىن غالىب

ۋەھىمە ، مەلۇم خىلدىكى خېيىم ـ خەتەر پەيدا قىلىدىغان پاسسىپ كەيپىيات بولۇپ ، ئادەتتە شەخسلەر بۇ خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىش قۇربىتىم يوق دەپ قاراپ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ . ۋەھىمە مەيلى ھايۋاناتلار دۇنياسى بولسۇن ياكى ئىنسانلار دۇنياسى بولسۇن ، ھەممىسىدە تەڭ مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل كەيپىيات ئىنكاسى بولۇپ ، ھايۋانلار كۆشەندىلىرىگە دۇچ كەلگەن ياكى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ۋەھىمىنى ئىپادىلەيدۇ . ئىنسانلارنىڭ تىل ۋە يېزىقى بولغانلىقتىن ، ۋەھىمە ئوبيېكتلىرى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ ، بولۇپمۇ ئىنسانلار تەسەۋۋۇرغا ئىنتايىن باي ، شۇنداقلا سىمۋوللۇق تەپەككۇرغا ئىگە بولغاچقا ، دۇچ كېلىدىغان ۋەھىمىسى تېخىمۇ زور بولىدۇ ۋە ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ .

ۋەھىمە ، تەپەككۇرنىڭ بىر خىل كۈچلۈك شەكلى . ۋەھىمە ئادرېنالىن (بۆرەك ئۈستى بېزى ئىچكى ئاجراتما ماددىسى ) سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ، نېرۋىلارنىڭ مەركىزىي تۈگۈنىنى مەست قىلىپ ، قان ئايلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇسكۇل سىستېمىسىغا تەسىر قىلىدۇ . شۇڭا ، ۋەھىمە پۈتكۈل ھاياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ، تەن ، چوڭ مېڭە ۋە نېرۋىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ، بۇ تەسىر تەن ، روھ ۋە مۇسكۇلغا بولغان تەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

قورقۇش ، خاتىرجەمسىزلىنىش ، ئەنسىرەش ، ھەيرانلىق ، زېرىكىش ، خۇدۇكسىرەش ، مەيۈسلۈك ، توخۇ يۈرەكلىك ، ئىچى سىقىلىش ، تەشۋىشلىنىش ، كۆڭلى يېرىم بولۇش ، ئەندىكىش — مانا بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ۋەھىمىنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىدىغان ئىبارىلىرى بولۇپ ، ۋەھىمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت

ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ ۋەھدىنگە جەك ئىلان قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ نەقەدەر مۇشكۇللۇكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

بىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىلا ئويلىغىنىمىزدا ۋەھىمە ھېس قىلىمىز، ئەگەر دىققىتىمىزنى باشقىلارغا بۇرىيالىساق ۋەھىمە يوقىلىدۇ. قىسقىسى، ۋەھىمە ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە دىققەت قىلىۋېلىشتۇر. ئەلۋەتتە، ۋەھىمە ئۇستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى كۈچ ـ قۇدرەتكە بولغان تونۇشتۇر. بىز ئۆزىمىزدە «كۈچ ـ قۇدرەت» دەپ ئاتاۋاتقان بۇ سىرلىق ھاياتلىق كۈچى زادى نېمە؟ بىز بىلمەيمىز، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ بۇ خىل كۈچ ـ قۇدرەتنى ئىشلىتىشىمىز تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

ھاياتلىق مانا مۇشۇنداق نەرسە. بىز ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمىز ياكى مەڭگۈ بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ئەمما بىز ئۇنىڭ ھاياتلىق سىستېمىسىدا قوللىنىلىدىغان مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، بۇ كۈچنىڭ قانۇنىيىتى ۋە پىرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلساق، بۇ ھاياتلىق ئېنېرگىيەسىنى ئۆزىمىزنىڭ قەلبىگە كىرگۈزۈپ، ھاياتلىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۇرۇپ، ئەڭ زور دەرىجىدە، ئىمكانىيەتلىك ھالدا مەنىۋىيەت، ئەخلاق ۋە قەلب ئۇنۇمىنى قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز توكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىراق، توكنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلساق ئۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان چاكار بولىدۇ، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنى، شەھەرلىرىمىزنى يورۇتىدۇ، ماشىنىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، باشقا تەرەپلەردىمۇ بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

1. ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەت ئۇستىدىكى ئىزدىنىشى لوگىكىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت، سىستېمىلاشقان جەريان بولۇپ، قارىغۇلارچە تەۋەككۇلچىلىك ئەمەس. تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن بۇرۇن بىز ئېغىمىزدا پېتەكچىلىككە ئېرىشىمىز.

2 . تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەقىقەت ئىزدەش بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ئەڭ ئاخىرقى سەۋەبنى تېپىپ چىقىشتۇر . ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلەپ باقساق ، ھەربىر قېتىملىق كەچۈرمىشنىڭ بىر نەتىجىسى بار ، بىز كەچۈرمىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىيالىساق ، مۇشۇ ئاساستا ئاڭلىق كونترول قىلالايمىز ، بۇنىڭ بىلەن بىز يولۇققان بارلىق كەچۈرمىشلەر بىزنىڭ نەزىرىمىز ۋە ئىلكىمىزدە بولىدۇ .

3 . بۇ كۆزقاراش بويىچە بولغاندا كىشىلىك ھايات بىر مەيدان ھاياتلىق مۇسابىقىسى ئەمەس ، ئادەممۇ شارائىتنىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس . بىز ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنى بولۇشىمىز ، كەچۈرمىشنىڭ رولچىسى بولۇشىمىز ، خۇددى شوپۇر پويىز ھەيدىگەندەك ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك ھايات رولىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك .

4 . دۇنيادىكى كۆللى شەيئىلەر ئوخشاش بىر سىستېمىدا ئايلىنىدۇ ، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئەمەس ؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە مۇناسىۋەت بار ، مۇئەييەن شەرت ئاستىدا بىر ـ بىرىگە ئايلىنىدۇ .

5 . ماددىي دۇنيادا ھەددى ـ ھېسابسىز قارىمۇ قارشى تەرەپلەر مەۋجۇت : بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان رەڭگى ، ھالىتى ، چوڭ ـ كىچىكلىكى بولىدۇ ، ئىككى قۇتۇپى بولىدۇ ، ئىچى ۋە تېشى بولىدۇ ؛ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىرىمۇ ، كۆرگىلى بولمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە بىز ئىنسانلار ئاتاشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارغا قويغان ئوخشاش بولمىغان ناملاردۇر . شۇڭا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپادىلىنىش شەكلىدە پەرقلىنىدۇ .

6 . بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپىنى بىز ئوخشاش بولمىغان ناملاردا ئاتايمىز ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ھەرگىزمۇ مۇستەقىل ئىككى سۇبىستانسىيە ھېسابلانمايدۇ ، بەلكى بۇ بىر پۈتۈن شەيئىنىڭ ئىككى قىسمىدۇر .

7 . مەنىۋى دۇنيانىڭ پىرىنسىپى بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ . بۇ

بىر ئادەتتە ئىشلىتىدىغان «بىلىم» ، «بىلىمسىزلىك» تىن ئىبا-رەت ئىككى سۆزگە ئوخشايدۇ ، ئەمەلىيەتتە ، بىلىمسىزلىك بىلىم كەمچىللىكىنىڭ بىر خىل ھالىتى بولۇپ ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ .

8 . ئوخشاش قانۇنىيەتنى ئەخلاق دۇنياسىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ : «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» تىن ، «ياخشىلىق» ئەھمىيەتلىك ، شۇنداقلا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ھېس قىلىنىدۇ ، «يامانلىق» بىر خىل قارىمۇقارشى ھالەت بولۇپ ، «ياخشىلىق» كەم بولسا «يامانلىق» قا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . بەزىدە «يامانلىق» مۇ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق بولىدۇ ، بىراق ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشى بولمايدۇ ، ھاياتلىقى بولمايدۇ ، ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ ، ھەممىشە خۇددى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى قوغلاپ چىقارغاندەك ، ھەقىقەت سەپسەتىنى مەغلۇپ قىلغاندەك «ياخشىلىق» تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ . «ياخشىلىق» كەچۇرمىش بولسا ، «يامانلىق» ئىزنادۇر . شۇڭا ، ئەخلاق دۇنياسىدا پەقەت بىرلا پرىنسىپ بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ياخشىلىقتۇر .

9 . مەنىۋىيەت دۇنياسىدىمۇ بۇنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ . بۇ خۇددى بىز ئېيتقان «ماددا» بىلەن «روھ» قا ئوخشايدۇ ، ئاڭلىماقتا ئىككىلىسى مۇستەقىل سۇبستانسىيەدەك بىلىنسىمۇ ، شۈبھىسىزكى ، مەنىۋىيەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولىدىغان بىردىنبىر پرىنسىپ مەنىۋىيەت قانۇنىيىتىدۇر .

10 . ماددىلار ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ ، تېخىمۇ يېڭىلىنىدۇ ، ئۇزۇن مەزگىللىك ۋاقىت ئېقىنىدا بىر كۈن بىلەن مىڭ يىلنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ ؛ ئەمما ، مەنىۋىيەت مەڭگۈ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقتۇر . بىز چوڭ بىر شەھەردە تۇرۇپ كۆرىدىغان ئېگىز بىنالار ، ئاۋات يوللار ، رەڭدار چىراغلار ، ماددىي مەدەنىيەتنى ھەرگىزمۇ بىر ئەسىر بۇرۇنقى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئەگەر بىزنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىز يۈز يىلدىن كېيىن بىز تۇرغان جايدا تۇرۇپ بۇ ماددىي دۇنياغا قارىسا ، بۈگۈن بىز ئىگە بولغان نەرسە-

لەردىن ھېچنېمىنى ھېس قىلالمايدۇ، بۇگۈنكى نەرسىلەر ئاللىقا-
چان تارىخ ئېقىنىدا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان بولىدۇ.

11. بۇ بىردىنبىر ئۆزگىرىش پرىنسىپى جانلىقلار دۇنياسى-
دىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن خىل جانلىقلار
ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن يوقىلىدۇ. ئۆ-
سۈملۈكلەر دۇنياسىمۇ شۇنداق، نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەر چېچەكلەپ
بەرق ئۇرسىمۇ، بىر يىلغا قالماي سولىشىپ قۇرۇپ كېتىدۇ...
بەلكىم ئانئورگانىك دۇنيادىلا بىز مەڭگۈلۈك بىر مەۋجۇتلۇقنى
كۆتەلىسەك كېرەك. لېكىن، كۈرمىڭلىغان ئۆزگىرىشلەر بىزنى
تاڭ قالدۇرىدۇ: ئىلگىرىكى بىپايان دېڭىزلار قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ
قالسا، ئىلگىرىكى تىنچ كۆللەر تاغلارغا ئايلىنىپ قالسا، يوسېمىد-
تې ئىمپېرىيە باغچىسى چوڭ بوغۇزى ئالدىدا تۇرۇپ، بىز مۇزلۇق-
لار يۇتۇۋالغاندىن كېيىن قېپقالغان ئىزنالارنىڭ چەكسىزلىكىنى
ھېس قىلىمىز...

12. بىز ھامان كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلىدىغان ئۆزگىرىش
ئىچىدە تۇرىمىز، ئۆزگىرىشنىڭ مەنبەسى كائىنات روھىنىڭ ئۆز-
گىرىشىدۇر، كۈللى شەيئىلەر بۇ ئەڭ مۇقەددەس سىستېمىدىن
قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ماددا، روھ قوللىنىدىغان بىر خىل شەكىل-
دىنلا ئىبارەت، بىر خىل شارائىتنىڭ ئۆزىدە ھېچقانداق پرىن-
سىپ، قانۇنىيەت يوق دېسەك، بۇ دۇنياغا خوجايىنلىق قىلىدىغان
بىردىنبىر پرىنسىپ ۋە قانۇنىيەت مەنىۋىيەت قانۇنىيىتىدۇر.

13. شۇڭا، بىز شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى،
مەنىۋىيەت قانۇنىيىتى ماددىي دۇنيا، مەنىۋي دۇنيا، ئەخلاق دۇنيا-
سى ۋە بىز ئىنسانلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا خوجايىنلىق قىلىدۇ ۋە
ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچ نەرسە
ئالالمايدۇ.

14. شۇنى بىلىش كېرەككى، مەنىۋىيەت جىمجىت ھالەتتە
تۇرىدۇ، تېپتىنچ بولىدۇ. ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى كائىنات
روھىغا تەسىر كۆرسىتىپ، كائىنات روھىنى دىنامىكىلىق پىسخىكا

ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرىدۇ . مەنىۋىيەتنىڭ ھەرىكەت ھالىتى بىز دەۋاتقان دىنامىكىلىق پسخىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

15 . ھەرىكەت قىلىشتا يېتەرلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يېقىلغۇسىنى تەييارلاش كېرەك ، ئوزۇق - تۈلۈك مانا مۇشۇ يېقىلغۇنىڭ ماددىي شەكلىدۇر . ئادەم تاماق يېمىسە تەپەككۇر قىلالمايدۇ . مەنىۋىيەتنىڭ ھەرىكىتىمۇ بىز ئېيتقان تەپەككۇر جەريانىدۇر ، ئەگەر مۇئەييەن ماددىي ۋاستىنىڭ ياردىمى بولمىسا ئەلۋەتتە خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ .

16 . شۇڭا ، ئادەم تەپەككۇر قىلىشتا ، كائىنات روھىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغۇزۇشتا ئوزۇقلۇقنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى كېرەك — بۇ خىل ماددىي شەكىل ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى دىنامىك ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرغانغا ئوخشايدۇ ، ئالدى بىلەن چوقۇم ئېنېرگىيە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەگە چىقىرىشى كېرەك ؛ ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈشتىمۇ قۇياش نۇرىنىڭ ياردىمىدە تەمىنلەنگەن ئېنېرگىيە بولۇشى زۆرۈر .

17 . سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ، سىز ئىدىيەنىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيادا شەكىللىنىپ ، ئىپادىلىنىدىغان چىقىش ئېغىزى ئىزدەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىسىز . سىزنى يەنە مۇنداق بىر نۇقتا ئويلاندۇرىدۇ ، سىز بۇنداق ئەمەلىيەتكە ھەرگىز سەل قارىيالمايسىز — سىزنىڭ قۇدرەتلىك ، ئاكتىپ ، قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىدىيەڭىز ، ساغلاملىق سەۋىيەڭىز ، كەسپىي تىجارەت ئەھۋالىڭىز ھەم تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىڭىزدە نامايان بولىدۇ ؛ سەلبىي ، ئاجىز ، بۇزۇش خاراكتېرىغا ئىگە ئىدىيەڭىزمۇ تۇرمۇشتا سىزگە ۋەھىمە ، خاتىرجەمسىزلىك ، مەيۇسلۇك كەيپىياتىنى ئېلىپ كېلىپ ، تۇرمۇشىڭىزنى جاپالىق ، زېرىكىشلىك قىلىۋېتىدۇ ، ئىشلىرىڭىز ، ھېس - تۇيغۇڭىزدا ماسلىشىشسىزلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ .

18 . كۈچ - قۇدرەت بايلىق پەيدا قىلىدۇ ، بايلىق كۈچ - قۇدرەت بېغىشلىغان چاغدا ئاندىن ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولىدۇ .

دۇنيادىكى كۆللى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن شەكىل ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە كۈچ ـ قۇدرەتنى ئىپادىلەيدۇ .

19 . پار ، ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى ، بىرىكىش كۈچى، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ پرىنسىپى سەۋەب ـ نەتىجە ئايلىنىشىنىڭ يىمىرىلمەس ھەقىقىتىنى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلىدى ، ئۇ ئادەمنى دادىللىق بىلەن پىلان تۈزۈپ ئىجرا قىلىشقا ئۈندەيدۇ . تەبىئەت قانۇنىيىتى پۈتۈن تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، لېكىن ، مەنىۋىيەت ئېنېرگىيەسى تەبىئەتنىڭ ماددىي ئېنېرگىيەسى بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇت بولىدۇ . مەنىۋى ئېنېرگىيە دەل بىز ئىنسانلارنىڭ قەلبى ۋە پىسخىكىسىدىن كېلىدىغان كۈچتۇر .

20 . بىز بىلىم ئېلىشقا ئادەتلەنگەن باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مەنىۋىيەت ئېنېرگىيەمىزنىڭ توك چىقىرىش پونكىتى بولۇپ ، قەلب يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ئېچىشتا ئىشلىتىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر سېھىرلىك قىممىتى بولمايدۇ .

21 . قارىماققا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان ماشىنىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى نۇرغۇن توك چىقىرىش ئىستانسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشىگە موھتاج بولىدۇ . ئىنسانلار قېزىپ چىققان نۇرغۇن خام ماتېرىياللار ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ئازادىلىك دەرىجىمىزنى كۆچەيتەلەيدۇ . شۇنىڭدەك ، بىزنىڭ مەنىۋىيەت ئېلېكتىر ئىستانسىمىزمۇ موشۇنداق خام ماتېرىيالغا ئېھتىياجلىق ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ ئېچىپ يېتىلدۈرۈلۈپ ، ئەڭ ئاخىر ھەممىدىن يۇكسەك تەبىئەت قۇدرىتىنىڭ ئېنېرگىيەسىگە ئايلىنىدۇ . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، بۇلار قارىماققا سىرلىق تەبىئەت كۈچىدەك بىلىنىسىمۇ ، مەنىۋى قۇدرەتنى تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە چوڭقۇر نامايان قىلىدۇ .

22 . ئۇنداقتا ، مەنىۋى ئېلېكتىر ئىستانسىسى تېپىشقا ئېھتىياجلىق خام ماتېرىيال زادى نېمە؟ قانداق ماتېرىيال ئەڭ ئاخىر باشقا بارلىق ئېنېرگىيەلەرنى كونترول قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇد-

رەتكە ئايلىنالايدۇ؟ بۇ خىل ماتېرىيالنىڭ تىنچ هالەتتىكى شەكلى بىلەن دىنامىكىلىق شەكلى ئايرىم ـ ئايرىم روھ ۋە ئىدىيەدۇر.

23 . بۇنداق ئېنېرگىيە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدا مەۋجۇت بولۇپ، بارلىق نەرسىلەردىن هالقىيدۇ، ئۇ ئىنسانلارغا تەبىئەت قانۇنىيىتىنى بايقىتىدۇ، ئىنسانلارنى تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ سىرلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلاندۇرىدۇ ۋە ئاچتۇرىدۇ، ماكان ـ زاماندىن هالقىتىپ، ئېغىرلىق كۈچى پىرىنسىپىدىن غالىب كەلتۈرىدۇ، بۇنى ئىنسانلارنىڭ نەچچە ئەۋلاد ياكى نەچچە ئون ئەۋلادىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

24 . ئىدىيە ئېنېرگىيەگە تولغان بولۇپ، ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. ئالدىنقى يېرىم ئەسىردىن بېرى ئۇ سان ـ ساناقسىز مۇمكىن بولمايدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى، بۇنى 50 يىل بۇرۇن، هەتتا 25 يىل بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر مەنىۋىيەت ئېلېكتىر ئىستانسىسى بۇ 50 يىل ئىچىدە مۇشۇنداق مىسلىسىز پارلاقلىقنى مەيدانغا چىقارغان بولسا، ئۇنداقتا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەيلى، 50 يىلدىن كېيىن بىز يەنە قانداق يۇكسەكلىكتە تۇرارمىز؟

25 . كۆللى شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى چەكسىز كەڭلىكتۇر. ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا، بىزگە ئايان، نۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 186000 ئىنگلىز چاقىرىمى، ئالەمدىكى نۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى 2000 نەچچە يۈز يىل ئۆتكەندە ئاندىن يەر شارىغا يېتىپ كېلىدۇ، نۇرنىڭ تارقىلىش شەكلى يورۇقلۇق دولقۇنى، نۇرنىڭ تارقىلىش ئىقىرى (ئېنېرگىيە ۋاسىتىسى) داۋاملاشقاندا ئاندىن نۇر ئۇزۇن ئارىلىقتىن ئۆتۈپ يەر شارىغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىز: ماددىنىڭ پەيدا بولغان ئەسلىي مەنبەسى، يەنى ئىقىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ.

26 . شەكىل جەهەتتە يەنە قانداق نامايان بولىدۇ؟ ئېلېكتىر ئىلمىگە باغلاپ ئېيتقاندا، بىز باتارىيەنىڭ ئىككى قۇتۇپى — مىس

بىلەن سىنكىنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى تۇتاشتۇرساق توك يولى شەكىل-
لىنىپ ، توك ئېقىملىرى ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئارقىلىق ئېنېرگىيە
پەيدا قىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ھەرقانداق ئىككى قۇتۇپتا مۇشۇنداق
ئەھۋال يۈز بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بارلىق شەيئى-
لەرنىڭ تاشقى شەكلىمۇ ئۇنىڭ سىلكىنىش چاستوتىسىغا مۇناسى-
ۋەتلىك بولۇپ ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئاتوم ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتۇر . شۇڭا ، بىز پەقەت شەيئىلەرنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى
ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاندىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئوبيېكتىپ مۇ-
ھىتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىمىز . مانا بۇ سە-
ۋەب- نەتىجە ئايلىنىشىدۇر .

27 . شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈشتە بىز ئىدىيەدە تولۇق
ئاڭقىرىشىمىز كېرەك ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى چىنلىق ئە-
مەس ، يەر شارى تىنچ ئەمەس ، تۆت چاسىمۇ ئەمەس ؛ قۇياش يەرنى
ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلمايدۇ ؛ ئاسمانمۇ بىز كۆرگەندەك غايەت زور
ئەگمەچ ئەمەس ؛ پىلانېتلار ئۇششاق ، ئاجىز نۇرلار ئەمەس ، ماددى-
لارمۇ بىزنىڭ قارىشىمىزدىكىدەك ئۇنداق تۇرغۇن ئەمەس ، بەلكى
مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ھالىتىدە .

28 . بۇ پىكىر يۆنىلىشى بويىچە ئويلىساق ، ھامان بىر كۈنى —
بەلكىم پۇرسەت بولۇپ قالار — بىز تېخىمۇ كۆپ ئالەم روھىنى
قوللىنىش پرىنسىپلىرىنى بىلىمىز ، ئىنساننىڭ بارلىق ئىدىيەسى
ۋە ھەرىكەت ئەندىزىلىرى بۇنىڭ بىلەن تەڭشىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ .
بۇ كۈننى كۈتەيلى !

## قەلبنى تاۋلاش

بىز كۈندىلىك يېمەكلىك ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بەدى-
نىمىزنى ئۇ ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن-
لەشكە ئادەتلىنىپ كەتتۇق . مەنىۋى يېمەكلىكنى جەلپ قىلىش
جەھەتتە بىز ئەلۋەتتە كۆپرەك سەۋرچانلىق ۋە قەتئىيلىككە موھ-

تاج . بۇ باسقۇچتا سىز نەچچە مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوينى مەركەزلەشتۈرۈش مەشقى قىلىشنى سىناپ بېقىڭ ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭىز بىلەن تەپەككۇرىڭىزغا غەرق بولۇپ ئوبيېكتىپ بىلەن ئۇچرىشىڭ ، تاشقى دۇنيادىكى ھەرقانداق غىدىقلاش ۋە تەسىرنى قوبۇل قىلماڭ . ئېسىڭىزدە بولسۇن ، چوقۇم دىققىتىڭىزنى بېرىپ ، پۈتۈنلەي كىرىشىپ كېتىڭ .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . ئىككى قۇتۇپنى قانداق قىلغاندا ئۆزئارا سىڭىشتۇرغىلى بولىدۇ ؟

ئۇلارغا مۇستەقىل نام قويۇلىدۇ ، مەسىلەن ، ئىچكى ۋە تاشقى ، نۇر ۋە قاراڭغۇ ، ياخشى ۋە يامان ، تۆر ۋە پەگاھ قاتارلىقلار .

2 . بۇلار مۇستەقىل سۇبىستانسىيەلەرمۇ ؟

ياق ، ئۇلار بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تەركىبى ياكى ئوخشاش بولمىغان يۈزلىرىدۇر .

3 . ماددا ، روھ ۋە قەلب دۇنياسىدا بىر ئىجادچان پىرىنسىپ بولىدۇ ، بۇ پىرىنسىپ نېمە ؟

ئالەم روھى ، يەنى مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە ، كۆللى شەيئىلەر ئۇنىڭدىن كېلىدۇ .

4 . بىز قانداق قىلىپ بۇ ئىجادچانلىق پىرىنسىپى بىلەن باغلىنىمىز ؟

ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئارقىلىق .

5 . بۇنداق ئىجادچانلىق قانۇنىيىتى قانداق يۈرگۈزۈلىدۇ ؟

ئىدىيە ئۇرۇق ، ئىدىيە ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدۇ ، ھەرىكەت ئىشقا ئېشىۋاتقان نەتىجىلەرنى پەيدا قىلىدۇ .

6 . شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى نېمە ؟

بىر خىل سىلكىنىش چاستوتىسى .

7 . بۇ خىل سىلكىنىش چاستوتىسىدا ئۆزگىرىش قانداق يۈز

بېرىدۇ ؟

مەنئۇى ھەرىكەت ئارقىلىق .

8 . بۇ خىل مەنئۇى ھەرىكەت يەنە نېمىگە ئاساسلىنىدۇ ؟

ئىككى قۇتۇپنىڭ رولىغا ، يەنى يەككىلىك بىلەن ئالەم روھى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر ۋە ئەكس تەسىرگە ئاساسلىنىدۇ .

9 . بۇنداق ئىجادچان ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسى يەككىلىكمۇ ياكى ئالەممۇ ؟

ئالەمنى مەنبە قىلىدۇ ، لېكىن ئالەم يەككىلىك بولغاندا ئاندىن بۇنداق ئېنېرگىيەنى نامايان قىلالايدۇ .

10 . نېمە ئۈچۈن يەككىلىك بولمايدۇ ياكى كەمتۈكلۈكى بولىدۇ ؟

ئالەم جىمجىت ، ئۇ ئېنېرگىيە ئارقىلىق ئۆزىگە ئىنتىلگۈچى كۈچ بېرىشكە ئېھتىياجلىق . بۇ خىل ئىنتىلگۈچى كۈچ قەيەردىن كېلىدۇ ؟ يېمەكلىك ئېنېرگىيەگە ئايلىنىدۇ ، ئېنېرگىيە يەككىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . ئادەم تاماق يېيىشنى تولۇق توختاتسا ئۇنىڭ ئىدىيەسىمۇ توختايدۇ ، بۇ چاغدا ئۇ ئالەمگە قايتا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئالەمگە ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر ۋە ئەكس تەسىر ھەرىكىتى توختايدۇ .



www.uyghurkitap.com

# 20 ـ ساۋاق : ئىدىيە ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ

ئەلمىساقتىن تارتىپ كىشىلەر «يامانلىق قەيەردىن كېلىدۇ» دېگەن مەسىلىگە ئۇزۇل ـ كېسىل جاۋاب بېرىپ بولالمىدى . چۈنكى ، دىن بىزگە ئىلاھنىڭ ھەممىگە قادىرلىقى ھەم بارلىق جانلىقلارغا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى شەرھلەپ بەرگەندى . ئىلاھ بىزنى سۆيىدىكەن ، شۇنداق تۇرۇقلۇق رەزىللىك ۋە قاراڭغۇلۇق قانداق پەيدا بولۇپ قالدى ، يەنە نېمە ئۈچۈن دوزاخ بىلەن جەننەت ئايرىلىدۇ ؟

ئىلاھ بارلىق جانلىقلار ، كۈللى شەيئىلەرنىڭ روھىدۇر .

خۇدا ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئىنساننى ياراتتى .

شۇڭا ، ئادەم ئىجادىيەت كۈچىنىڭ مەھسۇلى ، ئىچكى دۇنيادىكى «مەنىۋىيەت» نىڭ تاشقى دۇنيادىكى بىر خىل شەكلەن ناماياندىسى .

بۇ خىل مەنىۋىيەتنىڭ ئالاھىدە ھەم بىردىنبىر خۇسۇسىيىتى تەپەككۇر قىلىشتۇر .

تەپەككۇر ئىپادىلىگەن ئىدىيە ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز نامايان بولۇشى ، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئۆزىدۇر .

شۇڭا ، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى ئىدىيە جەريانىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ .

تاشقى قىسمى نامايان بولغان دۇنيادا مەيلى يۈز بەرسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن ، ھەممىسى ئىدىيەنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا ئىدىيە جەريانىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

كىشىلەر كۆز بىلەن كۆرەلەيدىغان تۈرلۈك كەشپىيات ـ ئىختىرا ، تەشكىلىي قۇرۇلما ھەم قۇرۇش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر-

نىڭ ھەممىسى ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ مەھسۇلى.

ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچى ئىنسانلارغا پايدا يارىتىپ ياكى كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان ياخشى نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەندە بىز بۇ نەتىجىلەرنى «ياخشىلىق» دەيمىز.

ئىدىيەنىڭ ئىجادىي كۈچى ئىنسانلارغا زىيانلىق ياكى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان يامان نەتىجىلەرنى پەيدا قىلغاندا بىز بۇ نەتىجىلەرنى «يامانلىق» دەيمىز.

شۇنداق بولغاچقا، بىز ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيمىز، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى ئىزاھلىيالايمىز؛ ئىجاد قىلىشنىڭ ئۆزى ئىدىيەنىڭ جەريانى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق نامىرى بولسا بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيەت جەريانىدا پەيدا بولغان ئوخشاش بولمىغان «نەتىجىلەر» نى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ «نەتىجە» لەر تەپەككۇر قىلىش ياكى ئىجاد قىلىش جەريانىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئوخشاش بولمىغان ئىدىيەلەر ئىنسان ھەرىكىتىنىڭ تۈرلىرىنى بەلگىلىگەن، بىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ھايات ھەرىكىتىمىز ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ھايات «نەتىجە» لىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

20 ـ ساۋاقتا بۇ چوڭقۇر، مۇھىم تېما تېخىمۇ كۆپ بايان قىلىنىدۇ.

1 . مەنىۋىيەت مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بىز مەنىۋىيىتىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشىگە ئاساسەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ئىسپاتلايمىز. مەنىۋىيەت تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئۆزلۈكنى ئىپادىلەيدۇ، بىز ئەمەلىيەتتە مەنىۋىيەتنىڭ قايتا نامايان بولۇشىدىكى مودېل، مەنىۋىيەت يوقالسا ئادەممۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. بىز مەنىۋىيەتنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەندە، مەنىۋىيەت قوزغىتىلىشقا ئېرىشىپ، ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدۇ.

2 . بىز ئەتراپىمىزدىكى ئىشلىتىشكە بولىدىغان بايلىق مەنبەلىرىنى تونۇغاندا ئۇلاردىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنالايمىز . بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى بايلىقنى بايقاپ ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىشىمىز ياكى ئۆزگەرتىشىمىزگە ئوخشايدۇ . ئەگەر سىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمىسىڭىز ، قوللىنىشنىمۇ ئۇقمىسىڭىز ، ئۇنداقتا ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سىز ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ . شۇ سەۋەبلىك ، بىز بۇ غايەت زور مەنىۋى بايلىقنى ھەقىقىي تونۇپ يەتمىسەك ئوخشاشلا ئۇنى ئىشقا سېلىپ تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئىجاد قىلالمايمىز ، شۇڭا ، مەنىۋى ياردەمگە ئېرىشمەكچى بولساق ئۇنى چۈشىنىشىمىز ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز ، ئۇنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك .

3 . تونۇش ۋە چۈشىنىش بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىكى ئاساس ، ئىجادچانلىقنىڭ غايەت زور رولى سۇبيېكتىپ ئاڭ ۋە تەپەككۇر جەريانىغا تايىنىپ پەيدا بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقى ئىچىمىزدىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سۇبيېكتىپ دۇنيانى كۆرگىلى ، بىلگىلى ، تۇتقىلى بولىدىغان تاشقى دۇنيادىكى بارلىق مۇھىت ياكى قىسمەتكە ئايلاندۇرىدۇ .

4 . ياشاشنىڭ قىممىتى ھەمىشە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق نامايان بولىدۇ ، تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئادەم غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ . ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئەمەلىيەتتە ھەربىر مىنۇت ، سېكۇنتنى ئىدىيە ۋە ئاڭنىڭ ئىجادىي كۈچ پائالىيىتىگە تايىنىپ ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ . ئىدىيە سىرلىق ھەم قۇدرەتلىك قولغا ئوخشاش تۇرمۇشىمىزنى كونترول قىلىپ ، گۈزەللەشتۈرىدۇ . بىز بۇ قولنىڭ قۇدرىتىنى بىلمىسەك تۇرمۇشىمىزدا قانداقمۇ ئۆزگىرىش بولسۇن ؟

5 . بىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىلاجسىزمىزكى ، ئەگەر سىز ھەقىقەتەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەكىلسىز قولنى باشتىن - ئاخىر بىلمىسىڭىز ، ئۇنداقتا بىز دۇنيانى ئەخمەقلەرگە ئوخشاش تونۇپ ، يۇزە ، تۇتۇرۇقسىز قىلىپ قويغان بولىمىز . شۇنىڭ بىلەن

ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىمىز ، نەتىجىدە ئۇلار تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۈچەيتىپ ، ناھايىتى ئاسانلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا خوجايىن بولىدۇ . بۇ خىل خوجايىنلىقنى ھەرقانداق بايلىق بىلەن سېتىۋالغىلى ياكى زورلۇق كۈچ بىلەن ئارىلاشقىلى بولمايدۇ ، پەقەت ئۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ «قەلب كۈچى» لا بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۇلارغا تۇتقۇزىدۇ ، ئوينىتىدۇ . شۇڭا ، تەپەككۇر قىلمايدىغانلار ھاياتلىق مۇساپىسىدە چوقۇم ئەگرى يولنى كۆپ ماڭىدۇ ، ئۇلار تەپەككۇر قىلغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئەھمىيەتسىز قىيىنچىلىق ۋە مۇشەققەتلەرنى كۆپ چېكىدۇ .

6 . بىز تەپەككۇر قىلىشنى چىڭ تۇتساق ھەممىنى يارىتىدىغان ، ھەممىنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت قانۇنىيىتىگە ئىگە بولىمىز ، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىپ ئىشقا سالساق بولىدۇ ، چۈنكى بارلىق قانۇنىيەتلەر ئۆزگەرمەستۇر . شۇڭا ، بىز داۋاملىق ، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بۇ پرىنسىپ ، ئۇسۇل ، ئېنېرگىيە ۋە مەنىۋىيەت مەھسۇلاتلىرىنى چوڭقۇر تونۇساق ، ئۆزىمىز بىلەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئالەم روھى ئوتتۇرىسىدىكى يولنى ئاچالايمىز .

7 . بۇ خىل پرىنسىپقا ئىشىنىپ ، پايدىلانساق ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇراقلىقلىقى ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزغا بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ ، بىز بۇ ئارقىلىق ئالەم روھى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ ، ئۇنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ھېس قىلالايمىز ۋە ئىشقا ئاشۇرالايمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كائىنات روھمۇ بىزنىڭ يەككىلىكىمىزگە تايىنىپ كۆللى شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە يارىتىدۇ .

8 . سىز تەپەككۇر قىلىش جەريانى ئارقىلىق كائىنات روھىنىڭ ماھىيىتى بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتىسىز ، بۇ چاغدا مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە كائىنات روھىنىڭ خەۋەرچىسىگە ئايلانغان بولىسىز . قىلماقچى بولغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئالەم روھى كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن قايتا نامايان قىلىدۇ . ھەرىكەت قىلىڭ ، شۇ تاپتا سىز-

نىڭ قولىڭىزدا ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان شەمشەر تۇرۇپتۇ، ئۇ سىزگە چەكسىز كۈچ - قۇدرەت بېغىشلايدۇ، مېڭىڭىزدىكى ئىجادچان كۈچمۇ بۇ بىر مەيدان قىزغىنلىقتا لاۋۇلداپ كۆيۈپ، ھاياتىڭىزدىكى بارلىق ھېسسىيات ۋە ئېنېرگىيەنى قويۇپ بېرىدۇ، ئوت ياقىدۇ! بۇنداق غايەت زور كۈچ - قۇدرەت ھاياتىڭىزنى چەكسىز ھاياتىي كۈچ ۋە ئېنېرگىيە چوققىسىغا ئىتتىرىپ، ئالەمدىكى كۆرگىلى بولمايدىغان روھ بىلەن باغلايدۇ. ئۇ سىزنى قوزغىتىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ، سىز ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنسىڭىز، تايانسىڭىز بولىدۇ، كەسكىنلىك بىلەن باشتىن - ئاخىر بۇنداق ئېنېرگىيەنى ئىشقا سېلىش تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە گۈزەللەشتۈرىدۇ.

9. شۇڭا، سىز بۇ خىل ئېنېرگىيەگە ئېرىشىشنى ئالدىن خىيال قىلغاندا، ئۆزىڭىزگە بىر خىل ئىچكى مۇھىت يارىتىشىڭىز كېرەك. بۇنداق تىنچلىق ئىچىدە ھېس قىلىنغان كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن چىن، كونكرېت بولىدۇ. كائىنات روھىنى تېنىڭىزدە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن رەڭگارەڭ نەرسىلەردەك لەيلىتىڭ، تىنچ دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن بۇنداق نەرسىلەر قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

10. بۇ خىل كۈچ - قۇدرەتنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالغان بولسىڭىز، ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بۇ ئۇسۇلنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى پارچىلىشىڭىز ۋە تەكرار ئويلىنىشىڭىز كېرەك. مېڭىڭىزدە سانسىز قېتىملاپ ئۇنىڭ ئوبرازىنىڭ بۇ جەريانغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىلغاپ چىقسىڭىز، خۇددى ئەقىل - پاراسەت تاجىنى كىيگەندەك مەيلى قاچان، قەيەردە بولۇڭ بۇ خىل كۈچ - قۇدرەتنى كونترول قىلالايسىز.

11. ئىچكى دۇنيايىمىزنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى چوڭقۇرلاپ كۆرەلىشىمىز ناتايىن، ئۇ تەپەككۇرىمىزدا ھەقىقىي مەۋجۇت بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىپ ئۇنى ئەستايىدىل ئىزدىسىڭىز، مەشىق قىلسىڭىز، سىلىسىڭىز ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ نېگىزى ئىكەنلىكىنى بايقايسىز. ئۇ سىزگە

ياردەم بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا . ئەتراپىڭىزدىكى بارلىق كىشى- لەرنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ، بارلىق ئادەم، شەيئى ، مۇھىتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى بىلىپ ، ئۆز قەلبىدىكى خانلىقنى يارىتىپ ، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق گۈزەل «جەننەت» چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ .

12 . بۇ قانۇنىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس خۇسۇسىيىتى شۇ- نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزگە يەنە بىر قىيىن مەسىلىنى ئېلىپ كېلىدۇ ، قانداق تەپەككۇر بولسا شۇنداق نەتىجە پەيدا بولىدۇ . نەتىجىنىڭ «يامان» بولۇشىنى ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز . بۇ قانۇنىيەتنىڭ قوللىنىلىشى ئەزەلدىن خاتاسىز ، بىر تەرەپلىمىلىك- تىن خالىي بولۇپ كەلدى . بىزنىڭ تەپەككۇر قىلغىنىمىز يوقسۇز- لۇق ، چەكلىمە ، قالايمىقانچىلىق بولسا ھەممىلا يەردە يامان ئاقى- ۋەتكە يولۇقىمىز ؛ تەپەككۇر قىلغىنىمىز نامراتلىق ، بەختسىز- لىك ، قىيىنچىلىق بولسا ، ئىدىيەنىڭ ئۆزى بىزگە پانىي ئالەمدىكى پاندورانىڭ ئەپسۇن قۇتىسىنى ئېچىپ بېرىپ ، تۈرلۈك قىيىنچى- لىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ . سەۋەب بولسا نەتىجە بولىدۇ ، سەۋەب- نەتىجە باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىنىڭ سايىسىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ . بىز بالا - قازادىن قورقساق ، بالا - قازا ئۈستىمىزگە چۈشىدۇ ، ئىدىيەمىزدە ئەخمەقانىلىك بولسا دۇچ كېلىدىغىنىمىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەت بولىدۇ .

13 . شۇڭا ، بىز بۇ خىل ئېنېرگىيەنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىجاد- چانلىق ھەم ۋەيران قىلىشچانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك ، ئۇ نۇر ھالقىسى كەبى سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بېشىغا قادالغان ئەپسۇن چەمبىرىكىدەك بىزنىڭ بېشىمىزغا قادالغان . ئە- گەر مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىشنى ئۆگەنسەك ، كىشىلىك ھايات خۇدانىڭ ھىماتىغا ئېرىشكەندەك ، شۇ ھامان بىزگە ئېنېرگىيە ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ ؛ ئەگەر بىز ئۇنى خاتا ئىشلەتسەك ، ئاپەت خاراك- تېرلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن . بۇ خىل چەكسىز كۈچنىڭ ياردىمىدە ئۆزىمىزگە ئىشىنىپ جۈرئەت بىلەن

تۇرمۇشتىكى ۋەھىمە، ئەندىشە، ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن ۋاز كەچكەن كۆزقاراش ۋە ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالاي-مىز، ئۇ چاغدا سىز ئىلھام ۋە تالانتىنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى كىشىلەر بىر ئۆمۈر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان چوڭ ئەمەسلىكىنى بايقايسىز.

14. ئىجادچان تەپەككۇر بىزگە پەۋقۇلئاددە ئىلھام ئاتا قىلى-دۇ. ئالاھىدە كۆزقاراشلار ئالاھىدە ۋاستىلەر ۋە ئۇسۇللارنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئېشىشى كېرەك. بىز ئادەتتىكى قانۇنىيەتلەرنى يىمىرىپ تاشلىغۇدەك جاسارەتكە ئىگە بولۇپ، بارلىق كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۆزىمىزنى مەنبە قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتسەك، ئىل-ھامىمۇ بولدۇقلاپ، ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

15. ئىلھام بىر خىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەنئىتى. يەككە روھ ئالەم روھى بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق دۇنيادىكى كەيپىياتقا ئاساسلىنىپ پەيدا قىلىدىغان ماسلىشىش ۋە تەڭشەش سەنئىتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنۇملۇك مېخانىزمىدىن پايدىلىنىشنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇرۇشۇشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۇنيادىكى بارلىق شەكىلسىزلىكلەرنى تەپەككۇر ئارقىلىق شەكىللىكلىككە ئايلاندۇ-رۇپ، قايتا نامايان قىلىدۇ. ئۇ مۇكەممەلسىزلىكنى مۇكەممەللىك-كە، شەكىلسىزلىكنى شەكىللىكلىككە، مۇمكىن بولماسلىقنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرىدۇ. ئىلھام مانا مۇشۇ ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانى-نى تاماملىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

16. بۇ خىل چەكسىز قۇدرەت ھەممە يەردە مەۋجۇت، ئۇ چەكسىز كەڭ بوشلۇقتا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مىكرو بوشلۇقلاردىمۇ مەۋجۇت. بىز ھەرۋاقىت، ھەر قانداق جايدا بۇ خىل رېئاللىقنى ئىگىلىۋالساق، بۇ خىل كۈچ- قۇدرەت روھىنى ئىگىلىۋالغان بولىمىز. ئۇنىڭ تۇرغۇنلۇق-تىن ئىبارەت خۇسۇسىيىتى مۇشۇ سەۋەبلىك قايتا بۆلۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ مۇقىملىقى بىزگە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىتىدۇ.

17 . ئەقىل بىلەن ھېسسىيات ئايرىلماس ھەمراھلاردۇر ، بىز ئەقىل نۇقتىسىدىن بىر خىل كۆچكە تولۇق ئىشەنگەندە ، ھېسسىياتىمىز بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئىشىنەمدۇ - ئىشەنمەمدۇ ؟ بىر خىل كۆزقاراش ياكى ئۇسۇل ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇپراقتا بىخلىنىشقا ئېھتىياجلىق بولسا ، ھېسسىياتمۇ ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىيەنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتىدۇ .

18 . بىز ئىلھامنى يېتىلدۈرۈشكە ھازىرلانغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ ئۇچۇن تىنچ مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك . ئۆزىمىزنى ئازادە تۇتۇپ ، سەزگۈ ئەزالىرىمىزنى تىنچلاندۇرۇپ ، ئارام ئېلىش ھالىتىگە كىرەيلى ، بىز ئۇنى مۇكەممەل «جىمجىت» لىق دەپ ئاتىساق بولىدۇ . سىز ئۆزىڭىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە كۈچىڭىزنى تونۇغاندا ، ئىلھام بىلەن ئەقىلنىڭ مەدەت بېرىشىدىن خاتىرجەم بەھرىمەن بولالايسىز .

19 . ئىلھام كۈچ - قۇدرىتىنىڭ قولغا كېلىشى خۇراپىيلىق ياكى رەمباللىق ئەمەس ، ئۇلار ھەرگىز ئوخشاشمايدۇ . ئىلھام ھېس قىلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىنىش ئارقىلىق توغرا ئۇسۇل قوللىنىلىپ «جىمجىتلىق» تا قولغا كەلتۈرۈلىدۇ . قوبۇل قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا چەكسىز ئۈمىد ۋە ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ . بىز بۇ شەكىلسىز كۈچ - قۇدرەتنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى بىر قېتىملىق ئەڭ مۇھىم پۇرسەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسەك ، ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇۋالماي ، ئەكسىچە مۇلازىمەتچى سۈپىتىدە تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن بىزگە سەممىي ياردەم قىلىپ ، چەكسىز كۈچ - قۇدرەت بېغىشلاپ ، بىزنى تۇرمۇشتا ئاستا - ئاستا ئىقتىدار ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ .

20 . نەپەسلىنىش ئارقىلىق ھاياتىمىزنى تېخىمۇ مول ئوزۇقلۇققا ئېرىشتۈرىمىز ، ئاڭسىز نەپەسلىنىش بىلەن ئۆزىگە خوجايىن

بولۇپ مەقسەتلىك نەپەسلىنىش پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى پەيدا قىلىدۇ . بىز بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بولساق ، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ ئاڭ ھالىتىنى تەڭشەپ ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ كەينىدىكى مەنىنى تونۇپ ، قوبۇل قىلىپ ، ھېسسىيات جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ، مۇقىم يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم .

21 . ئېھتىياج زۆرۈرىيەتنى پەيدا قىلىدۇ . بىز ئېھتىياجىمىزنى ئاڭلىق ھالدا ئاشۇرساق جىسمانىي كۈچىمىز بۇ خىل ئېھتىياجنى قېزىشىمىزغا ھەمدەمدە بولۇپ ئاكتىپ ماسلىشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېگىشلىك ئىلگىرىلەش بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىز تېخىمۇ باياشات بولىدۇ ، ئېنېرگىيەمىز ، ھاياتىي كۈچىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ .

22 . بۇ قائىدە ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاددىي . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە بىر ھاياتلىق سىرى ئەزەلدىن بىلىنمەي كەلگەندەك تۇرىدۇ . ئەگەر بىز ئۇنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ئىگىلىۋالساق ، ھاياتىمىزنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۇلۇغ بايقاشلارغا مۇيەسسەر قىلالايمىز .

23 . بىراۋ سىزگە پۈتكۈل ھاياتىمىزدا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى دېمىگەندۇ ، بەلكىم . بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز «ئۇ» نىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ ، شۇنداقلا «ئۇ» نىڭدا نەپەسلىنىپ ، ھەرىكەت قىلىدۇ . «ئۇ» «روھ» دەپ شەرھلىنىدۇ . «روھ» «مۇھەببەت» دەپ شەرھلىنىدۇ . شۇڭا ، نەپەسلەنگەندە تېنىمىزنىڭ ئىچىگە سۈمۈرۈپ ، چىقىرىدىغىنىمىز مۇشۇ خىل ھاياتلىق ، مۇشۇ خىل روھ ، مۇشۇ مۇھەببەت بولىدۇ . مانا بۇ «ھاۋا ئېنېرگىيەسى» دۇر ، بىز دائىم ئۇنى تىلغا ئېلىپ تۇرساقمۇ ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدا شۇنچىۋالا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز ، ھاۋا مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ ،

ئۇ پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئېنېرگىيەسى دەپ قارالسىمۇ بولىدۇ.

24 . بىز نەپەسلەنگەندە ئۆپكىمىز ھاۋانى سۈمۈرۈش بىلەن بىللە، بۇ خىل «ھاۋا ئېنېرگىيەسى» نىمۇ قوشۇپ سۈمۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ھاياتلىق، ئەقىل ـ پاراسەت ھەم شەيئىلەرنى ئۆزئارا باغلىيالايمىز.

25 . ئۆزىمىز بىلەن ئالەمنىڭ ماسلىشىشچانلىقىنى يارىتىپ، بۇ بىردەكلىكنى ئاكتىپلىق بىلەن قوغدىساق، بۇنىڭ بىلەن پەيدىنپەي ئۆزىمىزنى كېسەللىك، قېيىنچىلىق ۋە نۇرغۇن چەكلىمىلىك قانۇنىيەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، پاسسىپ ھاياتلىقتىن ئايرىلىپ، قۇياش نۇرى، ئالەم ئېنېرگىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىمىزنىڭ نەپسى ئارقىلىق ھەقىقىي ھاياتلىق ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلالايمىز.

26 . ئالەم روھى تېنىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئەركىن يېلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تېنىمىزنىڭ ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي كۈچىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە ئاشۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىپ، كونترول قىلىدۇ. تەبىئەتتىن ھالقىغان ھاياتلىق تىنىقلىرى بىزگە «ئۆزلۈك» نىڭ جەۋھەرلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

27 . ئىدىيەنىڭ ئىجادچانلىقى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىر خىل قانۇنىيەتكە ئىگە، ئۇ دەل «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» غانلىقىدىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئەڭ ئاخىر قانداق ئىدىيەگە ئېرىشىشىمىز مۇقەررەر ھالدا بۇ خىل ئىدىيە يارىتىلغان چېغىدا تۇرغان مۇھىتقا باغلىق بولىدۇ. بىز بىرەر نەرسىگە ئىگە بولغاندا ئاندىن ئىدىيەمىزنى شۇنداق ماددا بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز، ئوخشاش بولمىغان مۇھىتتا پەيدا بولغان ئىدىيە ئەلۋەتتە ئوخشاش بولمايدۇ. بىز مەيلى ياخشى قىلايلى ياكى يامان قىلايلى، ھەممىسى ئۆزىمىز پەيدا قىلغان نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قىلغان، ئەتكەنلىرىمىز پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنىڭ «مەۋجۇتلۇق ماھىيىتى» گە باغلىق، مەۋجۇتلۇقىمىز «ئىدىيە» مىزگە باغلىق بولىدۇ. تەپەك-

كۆرمىزنىڭ نەتىجىسىمۇ ھامان ئىدىيە ھالىتىمىز بىلەن ھەيران قالارلىق بىردەكلىكنى ساقلىغان بولىدۇ. تەپەككۇرنىڭ توغرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، خاتا نەتىجە پەيدا قىلىشتىن ساقلانماقچى بولىدىكەنمىز، بۇنىڭ ئاددىي ھەم ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئالەم روھى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشتۇر. سىز ئىجادىيەت كۈچىنىڭ ئالتۇن بارمىقىنى تۇتۇۋالدىڭىز، ئۇنى ئىشلىتىپ ئۆزىڭىزگە بەخت يارىتالايسىز، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنى ۋەيران قىلالايسىز. بۇ خىل سىرلىق غايەت زور يوشۇرۇن ئىقتىداردىن پەخەس بولۇڭ، ئۇ سىزنى ئىگىلىۋالىدۇ، سىزنى قاپلىۋالىدۇ.

28. ئىرادە بىزنىڭ بۇ خىل ھالەتتىن يىراقلىشىشىمىزغا ياردەم بېرەلەمدۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، «ئەركىن ئىرادە» بىزنى خەۋپ ـ خەتەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەككە ئىرادە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؛ ئىجادچانلىقنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشتۇر، ئاشۇ خىل ئۇمىد يۈكلەش ئارقىلىق يەككە ئىرادىنىڭ ئالەم كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزغا تاياندۇرۇشى رېئال پىرىنسىپلارغا بولغان بىر خىل بۇرمىلاشتۇر. ئۇنىڭ ئۆزى كائىنات روھىغا زىت بولۇپ، بىر پەس بەخت يارىتالىسىمۇ، ئەڭ ئاخىر يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىشى تەسكە چۈشىدۇ.

29. كۈچلۈك، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كائىنات كۈچ ـ قۇدرىتىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلساق، سۇبيېكتىپ ئىرادە ئارقىلىق ئۇنى كونترول قىلىش كويىدا بولماسلىقىمىز لازىم. سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ماھىيەتتىكى ماسلىشىشچانلىقىقا يەتكەندە ئاندىن باراۋەر ئېنېرگىيەگە مۇيەسسەر بولۇش پۇرسىتى بولىدۇ، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، ئۆزىنى غايىگە ئىگە قىلىش خىزمىتى پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە ئاندىن ئىچكى دۇنيادىكى ئۆزلۈك كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، ھاياتلىقتىكى

مۆجىزىلەرنى يارانقىلى بولىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

بۇ باسقۇچتىكى تاپشۇرۇق ئۆزىمىزگە ئازادە قەلب مۇھىتى يارىتىشتۇر. بىز «جىمجىت» ھالەتكە كىرىپ، ئاندىن تەپەككۇرنىڭ بىر قائىدىسىنى تەكشۈرەيمىز — بىز ئۆزىمىز «ھاۋا ئېنېرگىيەسى» ئىچىدىكى بىر يەككىلىك بولۇش سۈپىتىدە ئۇنىڭ بىلەن قانداق باغلىنىمىز؟ بىز ئۇنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولىمىز، ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت. ئەگەر ئۇ «روھ» بولسا، ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلىمىز ياكى يارىتىلىمىز. مەنىۋىيەتتە سىز ۋە ئۇ ئورتاق يادرو ۋە مەنبەگە ئىگە بولۇپ، ئوخشاشمايدىغىنى پەقەت دەرىجە جەھەتتىكى پەرقتۇر. ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىڭىز، ئۇنداقتا بارلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە سىلەر تولۇق ئوخشاش بولۇشۇڭلار كېرەك. بۇلارنى تونۇغاندىلا ئۆزىمىزنى كونترول قىلىپ، ياخشىلىق، يامانلىقنىڭ نەتىجىسى، ئازاب - خۇشاللىقنىڭ مەنبەسىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز. بۇ خىل تەپەككۇر بىزنى «روھ» بىلەن ھەقىقىي ماسلىشىشچان بىردەكلىككە ئىگە قىلىپ، ئويىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تۇرمۇشىمىزدا دۇچ كەلگەن بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. كۈچ - قۇدرەت قانداق ئەھۋال ئاستىدا پەيدا بولىدۇ؟
بىز ئۇنى ھەقىقىي تونۇپ، پايدىلانغاندا.
2. ئاڭ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
ئاڭ تونۇش، چۈشەنچە، بىلىشتۇر.
3. قانداق شەكىل كۈچ - قۇدرەتنى تونۇيالايدۇ؟
تەپەككۇر شەكلى.

4 . كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟
ئىلمىي ، توغرا تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى .
5 . توغرا ، ئىلمىي تەپەككۇر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
بىز كائىنات روھىنى ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى تەڭشەپ ، تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن ماسلىشىشچان بىردەكلىكنى ساقلايمىز .
6 . بۇ خىل ماسلىشىشچان بىردەكلىك قانداق ئىشقا ئاشىدۇ؟
مەنئۇيەتنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ، كۈچ - قۇدرەت ، ئۇسۇل ۋە بىرىكمىلىرىنى چوڭقۇر ، توغرا چۈشىنىش بىلەن .
7 . ئالەم روھى نېمە؟
ئالەم روھى بارلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسىدۇر .
8 . نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتا چەكلىمە ، كېسەللىك قاتارلىق تۈرلۈك ناچار نەتىجىلەر پەيدا بولىدۇ؟
بۇلار سەلبىي ئەھۋاللار پايدا قىلىدىغان شەكىل بولۇپ ، بارلىق ئاكتىپلىق ، غايىنىڭ نەتىجىسى پەيدا قىلىدىغان شەكىل بىلەن بىردەك بولىدۇ ، ئۇلار ئوخشاش بىر قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ ، مۇشۇ قانۇنىيەتنى ئادىل ۋە خالىس قوللانغاچقا ، ئىدىيەنىڭ ئۆزىدە ئېغىش يۈز بەرگەندە بۇ قانۇنىيەتنى قوللىنىش پەيدا قىلىدىغىنى ناچار شارائىت ياكى نەتىجە بولىدۇ .
9 . ئىلھام نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟
ئىلھام ھەممە يەردە بار سەنئەت .
10 . بىز نېمىنىڭ بىز ئۇچرايدىغان تۈرلۈك شارائىتلارنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟
بىزنىڭ ئۆز ئويىمىزنىڭ يۆنىلىشچانلىقى . چۈنكى ، بىز نېمە بولساق ئېرىشىدىغىنىمىزمۇ شۇ بولىدۇ ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز ، نېمە ئويلىشىمىز يەنە بىزنىڭ ئەڭ ئاخىر نېمىگە ئايلىنىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 21 - ساۋاق : خاراكتېر ئۆزگەرسە مۇھىت تەلتۆكۈس ئۆزگىرىدۇ

ئالدىنقى 20 ساۋاقنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىز بۇ كىلاسسىك پىرىنسىپ قانۇنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن چۈشەندۇق . مەركۇز ساۋاقنىڭ يەتتىنچى پاراگرافىدىن باشلاپ سىز قانداق قىلغاندا رېئال تۇرمۇشتا ئاكتىپ تەپەككۇر شەكلىنى ئىشقا سېلىپ ئىلھامغا ئېرىشىپ ، يۇكسەك ئەقىل - پاراسەت ياكى يۇكسەك تەسەۋۋۇرغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالىسىز .

بۇ ساۋاقنىڭ سەككىزىنچى پاراگرافىدا دۇئانىڭ سىرىنى ئېچىپ بەردۇق ، نېمە ئۈچۈن دۇئانى بىزگە سىرلىق كۈچ - قۇدرەت بېغىشلايدۇ دەپ قارىدۇق ؟ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئېڭىمىزدا پەيدا بولىدىغان بارلىق كۆزقاراشلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئىز قالدۇرىدىغانلىقى ، بۇ ئىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە چوڭ مېڭىمىزدە ساقلىنىپ تەدرىجىي ئۆزىنىڭ مۇقىم يۇرگۇزۇلۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ، مانا مۇشۇ ئەندىزىگە تايىنىپ بىز ئىجادچانلىق بىلەن ھەل قىلىدىغان تۇرمۇشتىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ئىجاد قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى بايقايسىز .

ئالەم تەرتىپلىك ، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلىدۇ ، بولمىسا دۇنيا تەرتىپسىزلىشىپ قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، ئالەم ئۆز ئىچىگە ئالغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نىسپىي سەۋەب - نەتىجىسى بولىدۇ . تاشقى مۇھىت ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا ، سەۋەبنىڭ ئوخشاش بولۇشى ئالدىنقى شەرت بولغاندا ، ئوخشاش نەتىجە پەيدا بولىدۇ . بىزنىڭ خۇداغا دۇئا قىلىشىمىزمۇ شۇنداق ، بىز خۇداغا دۇئا قىلىپ ئىجادىيەتكە ئېرىشمەكچى بولساق ، كېيىن ياكى بالدۇر بولسۇن دۇئايىمىزدا ئىجادىيەتكە ئېرىشىمىز . بۇ نۇقتا

ئالەمنىڭ تەرتىپلىك ھەرىكەت قىلىش قانۇنىيىتىنى ھۆرمەت قىلىدۇ . شەكىلسىز دۇئا ئەمەلىيەتتە يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان قانۇنىيەت بولۇپ ، ئۇ مۇتلەق ، توغرا ، ئىلمىيدۇر .

ھالبۇكى ، نۇرغۇن كىشىلەر تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆگىنىش ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ياكى تېئورىيىلارنى ئۆگەنسىمۇ ، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا دۇئا قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ . دۇئا ھۆرمەت قىلىدىغان مەنىۋى قانۇنىيەت بىز بايقىمىغان ياكى ھېس قىلمىغاندىمۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەي يۈرۈشۈۋاتقان بولىدۇ . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز ئاندىن بۇ قانۇنىيەتنىڭ توغرا بولۇپلا قالماي ، ئىلمىيلىكىنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىكىنى ئىسپاتلاپ ، ئاستا ـ ئاستا تونۇدۇق .

1 . بىز ئالەم روھىنىڭ بىزگە غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ يەتسەك ئۆزىمىزنى ئالەم روھى بىلەن ماسلىشىشچان بىردەكلىككە ئىگە قىلالايمىز . ئالەم روھىنىڭ ئۆزى ئۆزگەرمەس مەۋجۇتلۇق بولۇپ ، مەڭگۈ يوقالمايدۇ . ئۇنىڭ بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۇلۇغ غايىسى دۇچ كېلىدىغان بىردىنبىر يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىق مۇمكىنچىلىكى بەزى تاشقى ئامىللار سەۋەبىدىن چەكلىنىدۇ ۋە يېتەرلىك بولمايدۇ ، ئەمما سىز ئالەم روھىنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلسىڭىز چوقۇم چەكلىمە ، چەكلەشلەردىن قۇتۇلۇپ ، ئۈمىد ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز .

2 . بىز ئىچكى كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنىڭ غايەت زور رولىنى ھېس قىلساق ، بۇ خىل ئۆزىگە ئىشىنىشتىن كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئىلھامغا ئېرىشىمىز ، بۇ خىل كۈچ ـ قۇدرەت ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىدۇ .

3 . ئالەم روھىنىڭ چېگراسى بولمايدۇ ، ئۇ مول بولۇپ ، قايتا بۆلۈنمەيدۇ . مۇكەممەل فورما بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ كۆللى

www.uyghurkitap.com

شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبەدۇر . بىز بىر يەككىلىك
بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىشقا سېلىنىپ ئۇنىڭ غايەت زور كۈچ ـ
قۇدرىتىنىڭ تارماق ئېقىنىنى نامايان قىلىمىز . بىزنىڭ ئىدىيەمىز
ئوخشاشلا بۇ پىرىنسىپقا تايىنىپ ئوبيېكتىپ دۇنيادا زاھىر بولى ـ
دۇ .

4 . ئالەم روھى ئىگە بولغان چەكسىز ئېنېرگىيە ، تۈگىمەس
ھاياتلىق بۇلىقىغا ئوخشايدۇ . ئالەم روھىدا ھەر بىرىمىز ئانا تېنى ـ
دىكى ھامىلىگە ئوخشايمىز ، بىزنىڭ مەنىۋىيەتتىكى كىندىك بېغى ـ
مىز ئالەم روھى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ ، ئايىغى
ئۈزۈلمەيدىغان بايلىق ئۆزلۈكنىڭ مەنىۋى ئىدىيەسى ۋە تەپەككۇر ـ
نىڭ ھاياتلىقىدۇر . بىز بۇ كىندىك بېغى ئارقىلىق ھاياتلىق ھەم
تۇرمۇش ئېھتىياجلىق بارلىق مەنىۋى ئېنېرگىيەگە ئېرىشىمىز .

5 . ئۇلۇغ مەنىۋى ھەرىكەتلەر بىزنى قىيىنچىلىقتىن يېڭى
ھاياتقا ئېرىشىشكە يېتەكلەيدۇ . مەنىۋى ھەرىكەت كۈچ ـ قۇدرىتى ـ
نىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى ئالەم كۈچ ـ قۇدرىتىگە بولغان
چۈشىنىشكە باغلىق . شۇڭا ، ئۆزىمىزنى قەدەممۇقەدەم ئالەم روھى
بىلەن يۇكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرسەك ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قۇد ـ
رەتلىك ئېنېرگىيەگە ئېرىشىپ ، ئىچكى دۇنيا سىرتىدىكى قىيىن ـ
چىلىقلارنى ئۆزگەرتەلەيمىز ياكى كونترول قىلالايمىز .

6 . قانداق قىلغاندا ئۆگىنىشتە كائىنات روھىنى ئىشلىتىش
يولىدا تۇتۇلغان يۆنىلىشنى يامان تەرەپكە ماڭدۇرماي توغرا يېتەك ـ
لىگىلى بولىدۇ ؟ مەنىۋىيەتنىڭ چۈشەنچە ساھەسىدە مۇنداق بىر
خىل قانۇنىيەت بولىدۇ ، يەنى ماكرو چۈشەنچە ئاستا ـ ئاستا
بۆلۈنۈپ يوقاپ كېتىدۇ ياكى ئۇششاق چۈشەنچىلەرنى يوقىتىدۇ .
بۇ قانۇنىيەت بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈ ـ
رۈپ تاشلاپ ، قەدەممۇ قەدەم كەڭ ئىدىيە ساھەسىگە كىرىشىمىزگە
ھەمدەمدە بولىدۇ . كەڭ ئىدىيە بىزنى تېخىمۇ يىراقتىكى كىشىلىك
ھايات قىممىتى ۋە نىشانىنى كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ .

7 . مەنىۋىيەتنىڭ كۈچلۈك ئىجادچانلىقى بىزنى ئىچىمىزگە

يۈزلەنگەن ھەرقانداق غەلىبە ياكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرەلەيـ دۇ. بۇنداق غايەت زور ئېنېرگىيەگە ئىگە بولغاندا زور ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغىلى، تېخىمۇ بىپايان نەزەر دائىرە، كەڭ قورساقلىققا ئىگە.بولغىلى بولىدۇ. مەنىۋى ئېنېرگىـ يە تاشقى دۇنيادىكى قىيىنچىلىقنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىز بولۇشى سەۋەبلىك ئۆزگىرىش ياساپ كەتمەيدۇ. دۈشمەنلەر مەيلى كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن، مەنىۋى ئېنېرگىيە ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرالايدۇ.

8. يۇقىرىدا بىز بارلىق تەپەككۇر پەيدا قىلغان نەتىجىلەرنىڭ ئاڭدا مەۋجۇت بولۇپ، خاتىرە قالدۇرىدىغانلىقى، بۇ خاتىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىر خىل ئىجادچان ئېنېرگىيە شەكىللەندۈـ رۈپ، تۇرمۇش ۋە شارائىتنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. بىز مەنىۋىيەتنىڭ ھەقىقەتنى ھېس قىلىش ئارقىلىق، قانداق قىلغاندا ئاڭدىكى ئىچكى دۇنياغا تاشقى دۇنيانى كىرگۈزگىـ لى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىۋالايمىز.

9. بىز تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە تۇرمۇش بىزنىڭ دۇنيايىمىزـ نىڭ تاشقى دۇنيادىكى نامايەندىسىدۇر، بىزنىڭ مۇستەھكەم پىسـ خىك ھالىتىمىز ھەرىكەت بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيا ئوتتۇرىسىدا نۇر سۇندۇرىدۇ. توغرا تەپەككۇر شەكلى ماھىيەتتە بىر ئىلىم.

10. تەپەككۇر قالدۇرغان ئىز مېڭىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇـ نىڭ خاھىشچانلىقى مەنىۋىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى يېتەكـ لەيدۇ، مەنىۋىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى يەنە ئادەمنىڭ خاـ راكتېرى، ئېتقادى ۋە بارلىق مۇددىئاسى، خاھىشىنى چۈرىدەيـ دۇ. شۇڭا، مەنىۋىيەتنىڭ خاھىشى كىشىلىك ھاياتنىڭ جەريانىنى بەلگىلەيدۇ، دېسەكمۇ بولىدۇ.

11. ماددا تۇرلىرى توپلانسا، ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە شەيئىلەر ھەمىشە ئۆزئارا تارتىشىدۇ. ھەرقانداق قەلب ھالىتى شۇنداق تاشقى شارائىتنى جەلىپ قىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى ئوخشاش شەيئىلەرنى جەلپ قىلىش كۈچى بىزنىڭ تەـ

سەۋۋۇرىمىزدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ.

12 . ئەگەر بىز كىشىلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلساق، ئەڭ ئاددىي، شۇنداقلا بىردىنبىر مۇمكىن بولىدىغان ئۇسۇل ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى كۆز قاراشلارنى ئۆزگەرتىشتۇر. بىز پىسخىك ھالەتنى ئادىمىيلىك دەپ ئاتايمىز، ئۇ بىزنىڭ مېڭىمىزدىكى ئىدىيەنى مەنبە قىلىدۇ. پىسخىك ھالەت ئۆزگەرگەندىن كېيىن ئادىمىيلىكمۇ ئۆزگىرىدۇ، ئەڭ ئاخىر ئەتراپتىكى بارلىق كىشىلەر، شەيئىلەر ۋە شارائىت ئۆزگىرىدۇ.

13 . ئۆزىنىڭ پىسخىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولى ئانچە ئاسان ئەمەس، بوشاشماس تىرىشچانلىق بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن. بىز توسالغۇغا ئۇچرىغاندا كۆرۈش سەزگۈسىگە ئايلاندۇرۇش سەنئىتىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزگە ياردەم بېرەلەيمىز، يەنى مېڭىمىزدىكى تەسىراتلارنىڭ سەلبىي، پاسسىپ ئوبرازلىرىنى قىزىقىشنىڭ ئىجابىي ئوبرازلىرىغا ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىمىز قانائەت تاپىدىغان مەنۋى كارتىنىنى رازى بولارلىق دەرىجىدە شەكىللەندۇرەلەيمىز.

14 . قەلبتىكى غايە كارتىنىسىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرغاندا، جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان قارار، ئىقتىدار، تالانت، جەسۇرلۇق، كۈچ - قۇدرەت ياكى ھەرقانداق مەنۋى ئېنېرگىيە قاتارلىقلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ قەلب دۇنيايىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك، چۈنكى بۇ كارتىنىدىكى نۇرغۇن ئامىللار سىزنىڭ مەنۋىيىتىڭىز ۋە ئەقلىيلىكىڭىز بىلەن تېخىمۇ ئاسان بىرىكىپ، مېڭىڭىزدىكى مەنۋىيەت كارتىنىسىغا جان بېرىدۇ.

15 . بىز نىشانغا ئىنتىلگەندە، غايىمىزدىكى ئەڭ يۇكسەك مەنزىلگە يېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنسەك، بۇ چاغدا سىز كۈچلۈك كۈچ - قۇدرەت مەنبەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، نۆۋەتتىكى ھەممىگە بېغىشلاشقا تامامەن قادىر بولغان بولىسىز. بىز قەتئىي-

لىك بىلەن ئەڭ يۇكسەك نىشانغا قاراپ ئىرىشساق ، مەنۋى كۈچ ـ قۇدرەت چوقۇم ئەڭ ئالىي غايىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى سىزنىڭ قولىڭىزغا تۇتقۇزىدۇ . پولاتتەك تاۋلىنىشتىن ئىبارەت بۇ قائىدە بۇ يەردە خېلى ئەسقاتىدۇ ، ھەرقانداق ئىشتا ئۇزۇن مۇددەت بوشاش ـ ماي ئىرىشچانلىق كۆرسەتسەك ، كۆپ قېتىم تەكرارلىنىش پەيدىن ـ پەي ئادەتنى شەكىللەندۇرىدۇ ، ئادەتلەنگەندىن كېيىن ئىشقا ئاشۇ ـ رۇشقا ھەرىكەتلىنىش ئاسانغا چۇشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت ـ تا ، ئەگەر بىزنىڭ ئىرىشچانلىقىمىز يامان ئادەتتىن خالىي بولسا بىزنى پەيدىنپەي ئۇنىڭدىن ئازاد قىلىدۇ . ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىرى ـ شىش جەريانى ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمەيدۇ ، قەتئىيلىك بىلەن بېغىشلاش قانۇنىيىتىلا بىزنى ھەربىر قىيىنچىلىق ، توسالغۇ ئۇس ـ تىدىن غالىب كەلتۇرىدۇ .

16 . سىز ئەمدى چوقۇم بۇ قائىدىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ، خاتىرجەم ، دادىل ھالدا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇڭ ! مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق ، قارىماققا ئۆزگەرتىش ئىنتايىن تەس بولغان ئىنسانىنىڭ تۇغما مىجەزىنىمۇ قايتىدىن ياراتقىلى بولىدۇ ، بۇ سىز ـ نىڭ ئۆزىڭىزنى غايىڭىزدىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىزغا ئېھتىياج ـ لىق .

17 . ئادەمنىڭ ھاياتى ئوبيېكتىپ دۇنيادا ئاسان ئۆزگىرىدۇ ۋە تەسىرگە ئۇچرايدۇ ، ئەزەلدىن بار چۇشەنچىگە تايانمىسا ئىدىيە نۇرغۇن توسالغۇلارغا يولۇقىدۇ . بىز ئىجادچان ، قۇرۇشچان ئىدىيە بىلەن پاسسىپ ، سەلبىي ئىدىيەنى ئۇزلۇكسىز توقۇنۇشتۇرۇشى ـ مىز ، تاكى ئىجادچان كۈچ ـ قۇدرەت ئوبرازلارنىڭ تەقسىماتىنى قوبۇل قىلغان بىچارە سەلبىي خىياللارنى بېسىپ چۈشكىچە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك .

18 . تەجرىبىخانىدا مىكروسكوپ ياكى دۇربۇن ئارقىلىق بو ـ شاشماي دۇنيانى كۆزەتكەن كىشىلەر ئىجادچان تەپەككۇرنىڭ ئەڭ قەيسەر ئىشقا ئاشۇرغۇچىلىرىدۇر . بۇ ئالىملار كارخانىچىلار ، سىـ ـ ياسىيونلار بىلەن بىر يولدا ئىجادچان تەپەككۇر قۇدرىتىنى ئەتراپ ـ

www.uyghurkitap.com

دىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا ئىشقا سالىدۇ . ئۇلار پاسسىپلارغا ئوخشاش ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت ۋە يوشۇرۇن ئاڭنى ئاچالايدىغانلىقىغا ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىمايدۇ ، ئۇلار كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ھوقۇق ، مەنپەئەتنى ھاياتلىقنىڭ يادروسىغا قويۇۋالمايدۇ .

19 . تېخىمۇ يۇكسەك ھاياتلىق مەنىسىگە ئىنتىلىش يولىدا كېمىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قارشى ھەيدەپ ، چېكىنىشكە بولمايدۇ . تۇرمۇش ئەڭ ئاخىر ئېغىر تەنقىد ئۆلچىمى بويىچە ئىنسانلارنى ئىككى تۈرگە ئايرىيدۇ ، ئۇلار ئىجادچان تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىش روھىغا ئىگە ئىنتىلگۈچىلەر ۋە بىر قېلىپقا كىرىۋېلىپ ، ئۆزىنى ئۆزگەرتمەيدىغان كونسېرۋاتىپلاردىن ئىبارەت . ئۆزگىرىشچان دۇنيادا ئەسلىدىكى پېتى تۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ ، شۇڭا ، ئۆزىمىزنىڭ قايسى سەپكە تەۋە ئىكەنلىكىمىزنى باھالىماقچى بولساق ، پەقەت ئىككى خىللا تاللىشىمىز بولىدۇ ، يا ئۇنىڭدا تۇرىمىز ، يا بۇنىڭدا .

20 . كىشىلەر ئۆزگىرىشچان ، كەسكىن رىقابەتكە تولغان بىر مەۋجۇتلۇق بوشلۇقىدا تۇرۇۋاتىدۇ ، ھەر كۈنى ، ھەر مىنۇت دۇنيادا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە . كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇش ئېلىپ كېلىدىغان ئازاب ، بېسىمنى ھېس قىلىش سۈرئىتى تېزلەشمەكتە ، ھەتتا يوقىتىش ، ئۆزگەرتىپ قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنۇش تۇرمۇشتىكى ئۇمىدنى يۈلتۇزلاردەك ئۇچقۇنداتماقتا .

21 . كونا تەرتىپ ، كونا دۇنيادا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدىغان ھىمايىكەشلەر يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى ئالدىدا تەشۋىشلىنىپ ، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىپ ، مۇقىم تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە گۈزەللىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بايان قىلىشماقتا . ئالىمقاچان كۆز ئالدىدا نامايان بولغان كەلگۈسى ۋەزىيەت ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغان ھالەتتە مېڭىسىگە ئورناشقاندىن كېيىن ، يېڭى تەپەككۇر ، يېڭى تۈزۈلمىدىن قورقۇش ئۇلارنى ئارسالدى

قىلىپ قويىدۇ.
22. ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئالەمنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا نىسبەتەن تەرەققىيات ۋە يېڭىلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەر يېڭى ئالەم روھى نەزەرىيەسىنى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت تۈزۈلمىسىگە ھەقىقىي قوللانغاندا، نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ياخشىلىنىش بولىدۇ. جەمئىيەت يەككىلىكنىڭ ئىجادىيىتى ۋە يېڭىلىقىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنى كونترول قىلىۋېلىشى ياكى ئالاھىدە ئىمتىيازنى چەكلەيدىغان بولىدۇ.
23. كىشىلەرنىڭ ئالەم روھىغا بولغان تونۇشى تونۇشتىن ئىشىنىشكىچە بولغان جەريانغا موھتاج. ئىنسانىيەت ئالەمنىڭ ئىقتىدارى نەزەرىيەسىگە قارىتا بىر كۈن ھاماقەتلىك قىلىدىغانلار بولسا، ئاز ساندىكى ئالاھىدە ئىمتىياز ئىگىلىرى ئىلاھ ياكى تەقدىر نەزەرىيەسىنىڭ ياردىمىدە بۇ دۇنيانى بىر كۈن ئارتۇق كونترول قىلىۋالىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىجادىيەت كۈچى ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەركىنلىككە ئىگە بولىدۇ، بۇ ئەركىنلىك مۇقەددەس، دەخلىسىز بولۇپ، كونا تەرتىپ ھىمايىكەشلىرىنىڭ تۈرلۈك نىقابلار بىلەن ئۆزىنىڭ رەزىللىكلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمايدۇ.
24. ئادەم ئالەم روھىنى ھەقىقىي ھېس قىلغاندا، ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنى ساقلىيالايدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدە مۇھەببىتى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ھېس قىلىش كېرەك، شۇڭا ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان ئەڭ ئالىي غايىلەر مۇشۇنى چۆرىدەيدۇ. ئالەم روھىنىڭ ئۆز خۇسۇسىيىتى بار، ئۇ قەيسەر ھەم ھەقىقەتچىل، مۇستەھكەم بولۇپ، بىر پەس ھاياجان تۇيەيلى نادانلارچە ھۆكۈم چىقارمايدۇ ۋە قايمۇقمايدۇ. ئۇ ئادىل، ئىشەنچلىك، قۇدرەتلىك.

## قەلبنى تاۋلاش

سىلەر بۇ باسقۇچتا تۆۋەندىكى مەسىلىنى تەپەككۇر قىلىڭلار: ھەقىقەت سىزنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان بىردىنبىر يولدۇر. بىز كائىنات روھىنىڭ قانۇنىيىتىنى قوللىنىپ تۇرمۇشىمىزنى تەپەككۇر قىلغان ۋە ئۆتكۈزگەندە، مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولدىكى قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. سىز ئىچكىي مەنىۋىيىتىڭىزدىكى ئۆزلۈكنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق تاشقىي دۇنيانى ماس قەدەمدە ئۆزگەرتىشكە يېتىسىز، جۈملىدىن بىز «تىمتاسلىق» تا تۇرغاندا، ھەرقاچان تەپەككۇر ئىچىدىكى ئىلھام بۇلىقىنى ئويغىتىمىز، ئۇنىڭ مەنبەسى ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە بىزگە بەختلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ مەخپىي شىفرىنى يېشىپ بېرىدۇ. بىز ئوينى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ياردىمىدە قەلبىنىڭ ئاشۇ جىمجىت تۇپرىقىغا كىرىپ، بۇ تۇپراقتىن يېڭى ھاياتلىقتىكى ئوخشاش بولمىغان مۆجىزە ۋە پۇرسەتلەرنى ئىزدەيمىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. كۈچ قەيەردىن كېلىدۇ؟

كائىنات روھىدىن كېلىدۇ، كۈللى شەيئىلەر مۇشۇنى مەنبە قىلىدۇ، ئۇ بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، پارچىلىنىشلى بولمايدۇ.

2. بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەت قانداق شەكىل ئارقىلىق نامايان بولىدۇ؟

ئىنسانلارنىڭ يەككىلىكىنى ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان تارماق ئېقىن ياكى ئېرىق قىلىش ئارقىلىق.

3. قانداق قىلغاندا ئۆزى بىلەن بۇنداق «ھەممىگە قادىر كۈچ ـ قۇدرەت» نى ماسلىشىشچان بىردەكلىككە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟

تەپەككۇردىكى ئويلىنىش ئىقتىدارى ئارقىلىق كائىنات ئېنىر-

گىيەسى ھەققىدىكى ئىدراكقا ئېرىشىمىز ، بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىد-
مىز تاشقى قىسىمدىكى ئوبيېكتىپ دۇنيادا نامايان بولىدۇ .
4 . بۇ بايقاشلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟
بۇ بىر ئۇلۇغ مۆجىزە ، ئۇ بىزگە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان
مىسلىسىز پۇرسەتنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ .
5 . بىز قانداق قىلىپ ناچار مۇھىتنى ياخشىلايمىز ؟
ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى مەنىۋىيىتى بىلەن كائىنات روھىنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق .
6 . ئۇلۇغ ، دانىشمەن ئىجاد قىلغۇچىلار بىلەن ئادەتتىكى
كىشىلەرنىڭ پەرقى قەيەردە ؟
ئۇلار ھەمىشە چوڭ چۈشەنچىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ ، بۇ ئار-
قىلىق ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۇششاق ، چاكىنا چۈشەنچىلەرنى يوقى-
تىدۇ ، گۇمران قىلىدۇ .
7 . تەجرىبە قانداق پەيدا بولىدۇ ؟
بۇرۇندىن بار چۈشەنچە ۋە قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق پەيدا بولى-
دۇ .
8 . بۇ قانۇنىيەت قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ ؟
بىزنىڭ شەيئىلەرنى كونترول قىلىش ، تەقسىملەش پىسخىكى-
مىز ئارقىلىق .
9 . يېڭى ـ كونا تۈزۈلمىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق ۋە
ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت ؟
پەرق ئالەمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشىنىش ۋە تونۇشتا .
كونا تۈزۈلمە «ئىلاھنىڭ تاللىشى» نىڭ ياردىمىدە ئاۋامنى كونت-
رول قىلىدۇ ، يېڭى تۈزۈلمە ئىنساننىڭ ئىلاھىي تەرىپىنى ، ئىن-
ساننىڭ ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيەسىنى تونۇشنى تەكىتلەيدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 22 ـ ساۋاق : ساغلاملىق بۇزۇنقى تەپەككۇر شەكلىنىڭ نەتىجىسى

22 ـ ساۋاقتا بىز سىزگە ھەرقانداق ئىدىيە يوشۇرۇن ئىگە-مىزدىكى ئالق قاتلىمىغا يىلتىز تارتىپ، مەنۋى دۇنيايىمىزغا رول ئوينايدىغانلىقى، بۇ ئىدىيەنىڭ ئۇرۇقى پۈتۈنلەي ساغلام ئۇرۇق بولماي قالسا، ئۇ پەيدا قىلىدىغان نەتىجىنىڭ ئادەمنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرىمىز.

ئىنساننىڭ تۇرمۇشىدا دائىم ئويلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر تۇرلۇك كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساق-لىنالمايدۇ، بۇ كېسەللىكلەر ئىپادىلىنىش شەكلىدە ئوخشاش بول-مىسىمۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئايە-ماسلىقى ياكى سەلبىي كەيپىياتلارغا خاتىمە بېرەلمەسلىكىدە، مە-سىلەن، قورقۇش، چۆشكۈنلىشىش، تەشۋىشلىنىش، ئازابلىنىش، ھەسەتخورلۇق، نەپرەتلىنىش قاتارلىقلاردا بولىدۇ.

ھاياتلىق سىستېمىسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئاساسىي فۇنك-سىيە مەۋجۇت بولىدۇ، بىرى، نەپەسلىنىش، ئوزۇقلىنىشتىن پايدىلىنىپ ھۈجەيرە ياساش؛ ئىككىنچىسى، كېرەكسىز ماددىلار ۋە زەھەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئايلاندۇرۇپ چىقىرىۋېتىش.

ھاياتلىق گەۋدىسى ھاياتلىق جەريانىدا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز قۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇزۇش پائالىيىتىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. قۇرۇش ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇقنى ئاددىي ھالدا يېمەكلىك، ھاۋا ۋە سۇ دەپ بايان قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىنساننىڭ ساغلام مەۋجۇت بولۇشى، ھەتتا ئۆزۈن ئۆ-مۈر كۆرۈپ، قېرىماسلىقىنىڭ مۇناسىپ ئۆزگىرىش ياسىشى تەسكە

چۈشەمدىغاندۇ ؟
لېكىن ، ئادەم تېنىدىكى بۆزۈش سىستېمىسىمۇ بەدەن ئىچىدىكى ئەخلەتلەرنى يىغىپ ، ئورگانىزملارنىڭ ھۈجەيرىلىرىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، پۈتكۈل بەدەن ياكى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ ساغلاملىقى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پۈتۈن بەدىنىنىڭ ياكى مەلۇم ئەزاسىنىڭ بىئارام بولۇۋاتقان ياكى ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ .
ئەگەر بىز ئۆز ئورگانىزمىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاپ ، كېسەل بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلساق ، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئورگانىزملارنىڭ ئېنېرگىيەسىنى كۆچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بەدەن ئىچىدىكى زەھەرنىڭ يىغىندىسىنى ئازايتىشتۇر . بىز ئويېمىزدىكى پاسسىپ ئامىللارنى ئاستا ـ ئاستا ئازايتساق ، ھەتتا يوقاتساق كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ . بىز بەدىنىمىزنىڭ ئىچىدىكى زەھەر ۋە چىقىرىندى ئەخلەتلەرنى تازىلىغۇچى نېرۋا ۋە بەزلەرنى ئىشقا سېلىپ ، قورقۇنچ ، تەشۋىش ، چۈشكۈنلۈك ، ئازابلىنىش ، ھەسەتخورلۇق قاتارلىقلارنى يوقاتساق ، ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىش قىيىن مەسىلە بولماي قالىدۇ .
ھەرقانداق ياردەم خاراكتېرىدىكى ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى ياكى قۇۋۋەت مەھسۇلاتلىرى نىسبەتەن تاشقى قاتلامدىلا ئورگانىزملارغا تولۇقلاش ئېلىپ بارىدۇ ، ئۇنداقتا ھاياتلىق تېنىنىڭ ماسلىشىشچان ساغلاملىقى ئاساسلىقى نېمىگە تايىنىدۇ؟ بىز قانداق قىلغاندا ئۇنى چۈشىنىپ ، ئۇنىۋېرسال ئىشقا سالالايمىز؟ بۇ دەرسنى ئوقۇش سەپىرىدە سىز بۇنى چۈشىنىۋالىسىز .

1 . بىلىم بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا مۇھىم رول ئوينايدۇ . بىز بىلىمگە تايىنىپ مەۋجۇت بولىمىز ، بىلىمنىڭ ياردىمىدە مىجەزىمىز ، كەيپىياتىمىز ، كۈچ ـ قۇدرىتىمىز ھەتتا پۈرسىتىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول قىلالايدىغانلىقىمىزنى چۈشەنسەك ،

ئىنساننىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنىڭ ئىلگىرىكى تەپەككۇر شەكلى ۋە ئادىتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىمىز.

2 . بىز ئاڭنىڭ رولىغا نىسبەتەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ۋاقتىمىزدا ئاڭ پەيدا قىلىدىغان سەلبىي رول ئورگانىزمىلىرىمىزدا غايەت زور دۈشمەنلەشكۈچى كۈچنى پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكى تەسىرى ئۇزۇق سۈپىتىدە يوشۇرۇن ئاڭ تۇپرىقىغا تىرىلىپ، ھەرقانداق چاغدا بالايىئاپەت ھوسۇلى پەيدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر شەكلىدە مەسىلىنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئۇزلۇكسىز قايتا ئويلىنىپ، ناچار ئامىللارنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىشىمىز كېرەك.

3 . بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا پەيدا بولىدىغان ئويلاردا پاسسىپ ئامىللار ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولسا جەزمەن كېسەل بولىمىز، مەغلۇپ بولىمىز، چۈشكۈنلىشىمىز، پاسسىپلىشىپ كېتىمىز. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، نېمىنى تەپەككۇر قىلساق شۇنىڭغا ئېرىشىمىز. قانداق «سەۋەب» بولسا مۇقەررەر ھالدا شۇنداق «نەتىجە» پەيدا بولىدۇ.

4 . سىز ئاللىقاچان كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن چوڭ مېڭىدە گۈزەل كارتىنا ھاسىل قىلىش شەكلىنىڭ ياردىمىدە بەدىنىڭىز ئىچىدىكى پاسسىپ، ئەزەلدىن بار بولغان تەڭپۇڭلۇقنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشنى سىناپ بېقىڭ. سىز داۋاملىق ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە ئۆز تېنىڭىزنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ ساغلام كۆرۈنۈشى چوڭ مېڭىڭىزگە تامغا بېسىپ قايتا ـ قايتا نامايان بولغاندا، تۇرلۇك گۇمان قوزغىمايدىغان ئۈششاق كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئون مىنۇت ئىچىدە يوقالغانلىقىنى بايقايسىز، ئۇزۇن مەزگىللىك ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگىمۇ بىرنەچچە ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ، خالاس. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، سىزمۇ چوقۇم قىلالىشىڭىز مۇمكىن!

5 . ئىلىم ـ پەن بىزگە ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇق

ئەندىزىسىنىڭ بىر خىل ئوخشاش بولمىغان چاستوتىدىكى تەۋرە-نىش ياكى ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ . ماددىلار توختىماي تەۋرىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىۋاتقانلىقى ۋە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . روھمۇ ئوخشاشلا رېزونانس پرىنسىپى ئارقىلىق تېنىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئاتوملارنىڭ پائالىيىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ھۆجەيرىلەرنىڭ ئىچكىي قۇرۇلمىسىغا ئورتاق ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ ، ئاندىن ئورگانىزملاردا بۇنىڭغا ئەگىشىپ خىمىيەۋى ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ .

6 . تەبىئەت دۇنياسىدا مەيلى قارىماققا تىنچ ياكى ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان شەيئىلەر بولسۇن ، مەيلى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ياكى كۆرگىلى بولمايدىغان شەيئىلەر بولسۇن ، ھەممىسى ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان چاستوتىغا ئاساسەن ئۇزلۇكسىز تەۋرىنىدۇ . تەۋرىنىش چاستوتىسى ئۆزگەرتىلسە ماددىلارنىڭ ماھىيىتى ، خاراكتېرى ، فورماتسىيەسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ماس ھالدا ئۆزگىرىدۇ . بىز شۇڭلاشقا تەپەككۇرىمىزنىڭ تەۋرىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ياردىمىدە ئورگانىزملىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھالەتكە كەلتۈرىمىز .

7 . بۇ خۇلاسىنى يېڭى بايقاش دەپ قارىۋالماسلىق كېرەك . ئەمەلىيەتتە ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەرقاچان بۇ كۈچ - قۇدرەتتىن پايدىلانمايمىز . شۇڭا ، بىزنى نارازى قىلىدىغان بەك كۆپ نەتىجىلەر پەيدا بولىدۇ . بىز بۇ خىل سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلمىگەندە ، ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا سەلبىي ئىدىيەلەرنى بەدىنىمىزگە يىلتىز تارتقۇزۇپ ، يامان ئاقىۋەتلەرنى چىللاپ كېلىمىز . مەشىق ئارقىلىق بۇنداق پايدىلىق تەۋرىنىشنى توغرا ، ئاقىلانە ئىشلىتىپ ، بەدىنىمىزنىڭ ھالىتىنى ئۆزىمىز ئۈمىد قىلغان يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدۇرالايمىز . ئۆزۈن مەزگىل توپلانغان تەجرىبىلەر بىزنى ئۆزىمىزگە تېخىمۇ ئىشەندۇرۇپ بەزىدە خۇشاللىنارلىق تەۋرىنىش پەيدا قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناخۇش تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىن قانداق ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىل-

www.uyghurkitap.com

دۇرىدۇ .

8 . بىز ئىلگىرى ئىدىيىمىز ئېلىپ كەلگەن ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى ئەسلەپ باقايلى . بىزنىڭ ئىدىيەمىز تېخىمۇ ئاكتىپ ، يۈكسەك ، جەسۇر ، ياخشى بولغاندا ئۇ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئىگە بولىدۇ ، شۇنداقلا يۈكسەك ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن تېنىمىز بىرقەدەر ياخشى تەۋرىنىش شەكلىگە ئېرىشىدۇ . ئەگەر بىزنىڭ ئىدىيەمىز ئاچچىقلىنىش ، خەۋپ ـ خەتەر ، ئىچىتارلىققا تولغان بولسا ، ئىشلىتىدىغىنى باشقا بىر خىل تەۋرىنىش شەكلى بولىدۇ . ھەرقانداق بىر تەۋرىنىش رېئال دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان نەتىجىلەرنى پەيدا قىلىپ ياكى ئادەمنى كېسەل قىلىدۇ ، ياكى ئادەمنى ساغلام ، خۇشال ـ خۇرام قىلىدۇ .

9 . بىز بۇنىڭدىن مەنىۋىيەتنىڭ تېنىمىزنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى ۋە كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز .

10 . تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئەھۋاللار بىزنىڭ تېنىمىزنى كونترول قىلالايدۇ ، بىز ئاتاۋاتقان ئوبيېكتىپ روھ تەنگە بولغان تەسىرىدىن ئىبارەت . سىز قىزىقارلىق ئىشلارنى ئاڭلىسىڭىز يۈزىڭىزنىڭ مۇسكۇللىرى كۈلۈۋاتقان ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ ، تېنىڭىزدە كۈلكە سەۋەبلىك تەۋرىنىش پەيدا بولىدۇ ، بۇنىڭدىن ئىدىيەنىڭ مۇسكۇللىرىمىزنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . بىز كىنولاردىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ياش ئاققۇزغاندا ، جىددىيلىشىپ قوللىرىمىز تەرلىگەندە ئەمەلىيەتتە تېنىمىزدىكى بەزلەر ئىدىيەمىزگە ماسلىشىپ خىزمەت قىلغان بولىدۇ . سىز غەزەپلەنگەندە ، پۈتۈن بەدىنىڭىزدىكى قاننىڭ بىردەمدە بېشىڭىزغا قاراپ ئاققانلىقىنى بايقايسىز ، بۇ ئىدىيەنىڭ يەنە قان ئايلىنىشنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بىراق ، ئەنسىرىمەسلىك كېرەك ، بۇنداق ئوبيېكتىپ روھنىڭ بەدەننى كونترول قىلىشى ياكى تەسىر كۆرسىتىشى ۋاقىتلىق بولىدۇ ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇزۇن مەۋجۇت بولالمايدۇ .

11 . يوشۇرۇن ئاڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان يەنە بىر خىل شەكىل ئارقىلىق بەدىنىمىزنى كونترول قىلىدۇ ، بىزدىن قان چىققان ياكى يارىلانغاندا سان ـ ساناقسىز ھۈجەيرىلەر ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەمكارلىشىپ ، يارا ئېغىزىنى ئېتىشكە باشلايدۇ . ئەگەر بىز ئېھتىياتسىزلىقتىن تاشقى قىسمىمىزنى زەخىملەندۈرۈپ سۆڭەكىمىزنى سۇندۇرۇۋالساق ، دوختۇرنىڭ ياردىمى ۋە داۋالىشىنى قوبۇل قىلساقمۇ ، ئەمما سۆڭەكىمىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ھەقىقىي ياردەم بېرىدىغىنى يەنىلا ئۆزىمىز بولىمىز . سوغۇق ئېقىمنى ھېس قىلساق ، دەرھال جىغىلداپ تىترەپ سوغۇق ھاۋانى قوغلىغۇدەك بولۇپ كېتىمىز . ئېھتىياتسىزلىقتىن باكتېرىيە ياكى كېسەل يۇقتۇرۇۋالساق ، تېنىمىز دەرھال مەلۇمات بېرىپ ، ئالدى بىلەن كېسەل بولغان جاي بەدىنىمىزنىڭ باشقا قىسمىدىن ئاجرىلىدۇ ، ئاندىن مەخسۇس كېسەللىك باكتېرىيەسىگە قارشى كۆرەش قىلىدىغان ئاق قان دانچىلىرى جىددىي جەڭ قىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ .

12 . بۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئادەم تېنى ھۈجەيرىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئادەتتە يوشۇرۇن ئاڭنىڭ رولى ئاستىدا تۈيدۇرماستىن تاماملىنىدۇ . ئەگەر بىزنىڭ سۈبيېكتىمىز ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمىسە ياكى كونترول قىلىۋالمىسا ، ئۇلار ھەرىكىتىنى ئىنتايىن گەۋدىلىك تاماملايدۇ . ئۇلار بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ ، بارلىق خىزمەتلەرنى ئاقىلانىلىك بىلەن قىلىدۇ . بىزدە بىرەر سەلبىي پاسسىپ كۆزقاراش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە ياكى قان كېچىپ جەڭ قىلىش بىلەن پۈتۈنلەي ماسلاشقان مېڭە كارتىنىلىرى ئالدىدا ، پاراسەتلىك ھۈجەيرىلەر بۇنداق قوماندانلىقتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ . ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ، ھۈجەيرىلەر بۇ ئېنىقسىز بۇيرۇقتىن زېرىكىپ ، چارچاپ ، كۈچسىزلىنىپ ، قاشاڭلىشىپ ، ئەڭ ئاخىر ھەرىكەتتىن ۋاز كېچىدۇ .

13 . بىز ئەدىيە بىلەن تەننىڭ رېزونانس قانۇنىيىتى ئارقىلىق ساغلاملىق يولىدا ئوڭۇشلۇق ھالدا ماڭالايمىز ، رېزونانس قانۇنىيە-

تى بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، ئىچكى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسانلا بىز تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتىپ مۇھىتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. شۇڭا، بىز بۇنداق ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولساق، بۇ ئاساسىي پرىنسىپنى چۈشەنسەك، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى بايقىغاندا دەرھال ھەرىكەتلىنىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە مەنىۋىيىتىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، تاشقى دۇنيايىمىزنىڭ مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتىمىز.

14. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەمىشە ئىچكى مەنىۋىيەت ساھەسىدىن تېپىلىدۇ، «سەۋەب» ئۆزگەرگەندە «نەتىجە» دىمۇ مۇقەررەر ھالدا مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

15. بىزنىڭ تېنىمىزدىكى ھەربىر ھۈجەيرە بىر ئەقىل - پاراسەت جەۋھىرى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇلار بىزگە ياردەملىشىپ تېنىمىزدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ئازادە، قايىل قىلارلىق ھالدا ھەل قىلالايدۇ. ھەربىر ھۈجەيرە پەۋقۇلئاددە ئىجادىي كۈچكە ئىگە، ئۇلار ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك كارتىنا ئارقىلىق سىز ئويلىغان جاۋابنى توپتوغرا تېپىپ چىقىدۇ.

16. شۇڭا، سىز مۇكەممەل، كۆڭۈلدىكىدەك كارتىنىنى چوڭ مېڭىڭىزگە كىرگۈزگەندە ھۈجەيرىلەرنىڭ تالانتلىق ئىجادىيەت ئىقتىدارى ھەقىقەتەن سىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ.

17. تۇرمۇشتا بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىزنىڭ ھۈجەيرىلىرىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە خىزمەت قىلىدۇ، چوڭ مېڭە بىزنىڭ پسىخىك كەيپىياتىمىز ياكى مەنىۋىيىتىمىزنى كونترول قىلسا، بىز ناچار كارتىنا ياكى ئۇچۇرلارنى چوڭ مېڭىمىزگە كىرگۈزۈپ سۇبيېكتىپ ئاڭغا قوبۇل قىلدۇرساق، تېنىمىزمۇ ئوخشاش ئۇچۇرنى قوبۇل قىلىپ، ئاستا - ئاستا چېكىنىدۇ. شۇڭا، ھەمىشە ساغلام، تەشەببۇسكار، ئاكتىپ ئىدىيەنى چوڭ مېڭىمىزگە كىرگۈزسەك

كۆچلۈك ساغلاملىقتا ئىگە بولۇشىمىزغا كاپالەتلىك قىلالايمىز .

18 . بىز ئادەم تېنىدىكى بارلىق ئەزالار ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز تەۋرىنىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدۇق .

19 . بىز سۈبيېكتىپ روھنىڭ بىر خىل تەۋرىنىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق .

20 . بىز قۇدرەتلىك ، كۈچلۈك ، ئالىي دەرىجىلىك تەۋرىنىش ئەندىزىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەۋرىنىشنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى ، يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقى ، ئۆزگەرتىدىغانلىقى ، كونترول قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق .

21 . بىز بەدەننىڭ قانداق تەۋرىنىش شەكلى قوللىنىشىنى چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالدۇق .

22 . بىز ئاكتىپ ياكى پاسسىپ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش پىرىنسىپىنى چۈشىنىۋالدۇق .

23 . شۇڭا ، بىز تېنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق كونترول قىلىپ ، يېتەكلەپ ، ئۆزىمىز ئۈمىد قىلغان يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ ، مەنىۋى كۈچ ـ قۇدرەت ۋە ئالەم روھى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ بىلەن يۇقىرى دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈپ ، ئورگانىزملارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار ئىنكاسىغا ئېرىشىپ سۈبيېكتىپ تەپەككۇرىمىزغا ماسلاشتۇرىمىز ۋە ئۇنى قوللىنىمىز .

24 . ھازىر بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ قانۇنىيەتنى قوللاپ ۋە تونۇپ ، مەنىۋىيىتىگە تېنىنى توغرا كونترول قىلدۇرالايدىغان بولدى . ھەتتا نۇرغۇن دوختۇرلارمۇ بۇ ھەرىكەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەتقىق قىلىشقا باشلىدى . بۇ تەتقىقات تېمىسىدا داڭق چىقارغا دوكتور شاۋفىر : «بوگۇنگىچە روھىي داۋالاش تېبابىتي ساھەدە ئەستايىدىل مۇئامىلىگە ئۇچرىماي كەلدى ، پىسخولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مەنىۋى ئېنېر-

www.uyghurkitap.com

گىيە جەھەتتىكى تەتقىقاتنى چىقىش قىلىۋاتىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا مەنىۋىيەتنىڭ بەدەننىڭ غايەت زور كۈچ – قۇدرىتىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى.

25. بىز تىبابەتچىلىكنىڭ فۇنكسىيەلىك نىرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولسىمۇ، بۇ ئۇسۇلنىڭ مەنبەسى تەجرىبە خۇلاسىسى ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش ئىكەنلىكى، بىزنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان كىتابلاردىن جاۋاب تېپىشىمىزنىڭ تولىمۇ تەسكە چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

26. تىبابەتچىلىك ئادەتتە كۆز ئالدىدىكى داۋالاش ۋاسىتىلىرى ياكى تەدبىرلىرىنى كۆچەپ ئىشلىتىپ، مەنىۋى داۋالاشنى ئەمەلىي قوللىنىشقا سەل قارايدۇ. تىبابەتچىلىكتە مەنىۋى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش باشلىنىپ ھەمدە تىببىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش باشلانغاندىن كېيىن، ھازىرقى كېسەللىك بىلەن تىبابەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىنىدۇ. ئۇ تىبابەتچىلىكنىڭ قۇتقۇزۇش، داۋالاش يۈرگۈزۈلۈۋاتقاندىكى داۋالاش ۋاسىتىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى ياكى ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولماي خاتالىق سادىر بولۇشىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ.

27. مەنىۋى داۋالاشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئۆز – ئۆزىنى ئويغىتىش ياكى ئۆز – ئۆزىنى ئاشكارىلاش بولغاچقا، بىمار ئۆزى مۇستەقىل تاماملىيالايدۇ. زور كۆپ ساندىكى كېسەللەر بۇ قائىدىنى بىلمىسىمۇ، ھەتتا ئۆزى ئىشلىتىپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇلار مەنىۋى داۋالاشنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە باشلاپ، ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىمارلار ئۆزىنىڭ كەيپىياتى ياكى ئىدىيەسىدىكى پايدىسىز، پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، خۇشال، ئۈمىدكە تولغان، تىنچ كەيپىياتقا ئورۇن بېرەلەيدۇ، بۇنداق داۋالاشتا ئۆزىنىڭ كۈچ – قۇدرىتىگە تايىنىپ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكىلى،

تۇرمۇشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.
28. نۇرغۇن كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ بارلىق بەختسىزلىكلە-رىنىڭ مەنبەسى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر، دېگەن بىمەنە نە-زەرىيەدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ هاياتىدىكى ياردەم قىلغۇچىلار ۋە شاپائەتچىلەر خۇدا-نىڭ ھەممىگە قادىر ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۆزگە ئىلماي خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قارشى چىققان بولامدۇ؟ شۇڭا، خۇدانىڭ ئى-رادىسىگە ھەقىقىي بويسۇنساق ھاياتلىقنىڭ ھەممە يەردە بار ئالەم كۈچ - قۇدرىتىنىڭ بىزنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك ماسلىشىشسىزلىق ئامىللىرىنى گۇمران قىلىپ، بارلىق كېسەل-لىك ۋە ئازابنى يوقىتىشىمىزغا ياردەم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى-مىز كېرەك.
29. ئىلاھىيەتشۇناسلار ئىنزچىل ھالدا بىزنى «تۇغما» گۇنا-ھىمىزنىڭ بارلىقىغا، تۇغۇلغاندىن بۇيان بىر كۈنمۇ ئۆزىمىزنىڭ پۇشايمىنى ياكى ۋىجدان جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ باقمىغانلىقى-مىزغا ئىشەندۇرۇشنى ھەدەپ داۋراڭ قىلىدۇ. ياراتقۇچى ھەقىقە-تەن ئادەملەرنى سۆيسە يەنە نېمە ئۈچۈن بىزنى گۇناھلىق تۇرمۇش ئىچىگە قويۇپ، بىر ئۆمۈر ئەيىبلىنىش ۋە پۇشايمان قىلدۇرۇش ئارقىلىق چۇشىنىكسىز پاكلىققا ئېرىشتۇرىدۇ؟ كۆللى شەيئىلەرگە بولغان بۇنداق چېكىدىن ئاشقان بىلمەسلىككە نىسبەتەن كىشىلەر ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ «سۆيگۈ» سىگە ئېرىشەلمەسلىكىدىن قورقىدۇ. ئىلاھى-يەتشۇناسلار 2000 يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ چەكلىك ئەقىل - پارا-ستى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى خاتا يېتەكلەپ، ئىلاھ ئىرادىسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆمۈ-ۋەتتى.
30. مەنىۋىيەت كۆللى شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئەسلى زاتىغا خىزمەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئەھۋالى

ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان تونۇشىدىن كېلىدۇ، ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز نامايان بولۇۋاتقان لەھزە ئىچىدىكى ئىلھامىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. بىلىنگەن بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە بىلىنمىگەن شەيئىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنسانلارنى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرۇپ، ئۈستۈرۈپ تاكى ھالقىشقىچە يەتكۈزىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ ماھىيىتى ئەڭ ئاخىر ئادەمنىڭ ئېڭىدا چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئايلىنىپ نامايان بولىدۇ.

## قەلبنى تاۋلاش

بۇ باسقۇچتا تېننىسوننىڭ مۇنداق گۈزەل مىسراسى بىلەن تەپەككۇرىمىزنى قانات يايدۇرساق بولىدۇ: «ئۇنى ئىزدەپ قولغا چۈشۈرسەڭ، رەھمەت ئېيتار ئۇ ساڭا چوقۇم، بىرىكىدۇ دەقىقىدە ئىككىڭلار روھى، ئېچىل، ئىناق بولۇپ گويا قان بىلەن گۆشتەك، ئۇ ھەردەقىق ھەمراھ بولۇپ ماڭار يېنىڭدا، كەتمەس يىراقلاپ.» سىز پەيدىنپەي تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئۇنى ئىزدەپ قولغا چۈشۈر» سىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىنى كۈچ-قۇدرىتى چەكسىز ئالەم روھىغا يېقىنلاشتۇرالايسىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1. قانداق قىلغاندا ئادەمنى كېسەللىكتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئۆزىنى ھەممىگە قادىر تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن بىردەكلەشتۈرگەندە.

2. قانداق قىلغاندا بۇنداق مۇكەممەللىكنىڭ يۈكسەك بىرلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟

بىز ئادەم تېنىنىڭ مەنىۋىيەتنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدىغانلىقىنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى پاكى مەنىۋىيىتى بىلەن ياراتقان

غايىسى مۇكەممەللەشكەندە، تېنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مۇكەممەل-لىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈق.
3 . مەنئۇيەت بىلەن ئەسلىي زاتنىڭ بىردەكلىكى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟
مەنئۇيەت ئائىلىق هالدا مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭىدۇ، ئىن-ساننىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن هېسسىياتىمۇ تەدرىجىي هالدا بۇنداق مۇكەممەللىكنى ئىپادىلەيدۇ.
4 . مەنئۇيەت بىلەن ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇناسىپ تە-بىئىي قانۇنىيەت بولامدۇ - يوق؟
مەنئۇيەت تەۋرىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئوبيېكتىپ شەي-ئىلەردە تەسىر پەيدا قىلىدۇ.
5 . نېمە ئۈچۈن تەۋرىنىش قانۇنىيىتى بۇنىڭغا ماس كېلىدۇ؟
يۇكسەك ئىدىيە، يۇكسەك ئەقىل - پاراسەت ئۇششاق ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنى كونترول قىلىپ، ئۆزگەرتىپ، يوقىتالايدۇ. شۇنىڭدەك، يۇقىرى چاستوتىلىق تەۋرىنىشمۇ تۆۋەن چاستوتىلىق تەۋرىنىشنى باشقۇرىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، كونترول قىلىدۇ، ئايلان-دۇرىدۇ ياكى يوقىتىدۇ.
6 . مەنئۇي داۋالاش ئۇسۇلى كۆپچىلىكنىڭ تونۇشىغا ئېرىش-تىمۇ - يوق؟
پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلار قوللىنىدىغان شەكىل پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە نەچچە مىليون ئادەم بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ساغلاملىق، تۇرمۇش، ئىقتىدار قاتار-لىق تەرەپلەردە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرگە ئېرىشتى.
7 . مەنئۇي داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟
ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنزىلىدىكى ئىجادىيەت كۈچى بىلەن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئىقتىدارىنى رېئال مەۋجۇت نەتىجىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆزىنى ئىپادىلەشتە قانائەت تېپىپ، مەنئۇيەتتە خۇشاللىققا ئېرى-

شىدۇ . بۇنداق ئۇنۇم يېگانىدۇر .

8 . بۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغاندا تۇرمۇشتىكى باشقا تەرەپلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولامدۇ ـ يوق ؟

ئىنسانلار بۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ياردىمىدە شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ بارلىق ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 23 ـ ساۋاق : مۇۋەپپەقىيەتنى ئاخىرىغىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش

كۆپچىلىك بىلەن بىللە 23 ـ ساۋاقنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەنىمىزنى خۇشاللىنارلىق ئىش دېيىشكە بولىدۇ ، بۇ ساۋاقتا بىز بىرلىكتە پۇلنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىسى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەنبەسى ئادەمگە خىزمەت قىلىشتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز . تۇرمۇشتىكى بارلىق ئېرىشىش بىزنىڭ بېغىشلىغىنىمىزنى مەنبە قىلىدۇ ، شۇڭا ، پۇرسەت تېپىپ ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ، شەيئىلەر ، ئىشلارغا ئەجرىمىزنى بېغىشلىغان ۋاقتىمىزدا بىزمۇ خۇدانىڭ ئالاھىدە شەپقىتىگە ئېرىشەلەيمىز .

ئالدىنقى بىرنەچچە دەرسنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىز خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ قىممەتلىك شاپائىتى ۋە مۇكاپاتىنىڭ ئادەمنى خورىماس ئىدىيەگە ئىگە قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى پىششىق بىلدۇق . ئىجادچان ئىدىيە ئىجادچان ھەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ . بىزنىڭ تۇرمۇشتا ئېرىششنى كۈتۈشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، بىزگە نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك بېغىشلاش بىزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىدىيەمىزنىڭ ئۆزىدۇر .

ھەقىقەتەن پارتلاش كۈچىگە ئىگە بولغان ئىجادچان تەپەككۇر ، ئۇنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر . بىز بىر بۆلۈك ۋاقىت ئىچىدە ئىدىيەمىزنى بىر نۇقتىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ ، پۈتكۈل ئېنېرگىيەمىز ۋە زېھنىمىزنى يىغىپ مېڭە كۈچىمىزنى ئىشقا سالىمىز ، ئاندىن پەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىمىز بىلەن ئىچكى مەنىۋىيەت مۇكەممەللىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىمىز .

بۇ ئەڭ توپكى ۋە ئەڭ ئاساسىي پەن ، ئۇ بارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ بۇ يەنە بارلىق سەنئەتتىن يۇكسەك سەنئەت بولۇپ ، ئاددىي كىشىلىك ھاياتنى چەكسىز بېزەكلەر بىلەن بېزەيدۇ . بىز بۇ سەنئەت پېنى ، پەن سەنئىتىنى پىششىق ئىگىلەپ ، جانلىق قوللانغاندا كىشىلىك ھايات يولىدا زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشەلەيسىز ، بۇنداق گۈزەل مەنزىرە ھەرگىزمۇ چۆلدىكى ئالۋۇنغا ئوخشىمايدۇ ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بوشاشماس تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە ئۆزىڭىز ئۈچۈن كىشى قەلبىنى ئەڭ لەرزىگە سالىدىغان مۆكاپاتلارنى قولغا كەلتۈرىسىز .

شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بىز پىسخىك كەيپىياتىمىزنى ئاكتىپ ، شەخسىيەتسىز ، ئادىل تەڭشىسەك ، كىشىلىك ھاياتىمىزمۇ ئەمەلىي ، چوڭقۇر بولىدۇ . «باھاردا ئۇرۇق سېلىنىپ ، كۈزدە ھوسۇل يىغىۋېلىنىدۇ .» بۇ بېغىشلاپ ئېرىشىشنىڭ ھەقىقىي قانۇنىيىتى . تەبىئەت ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئايلىنىدۇ ، كىشىلىك ھاياتمۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئالغا ماڭىدۇ . ئىشەنچ بىلەن بېغىشلىغاندا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدۇ ، كىشىلىك ھاياتتىكى تەڭپۇڭلۇق ، ئۇمىدۋارلىق ئالەم رىتىمىنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسىدۇر .

1 . پۇل ھەققىدىكى چۈشەنچە پۇلغا بولغان پوزىتسىيەمىزگە باغلىق . پۇل شەك ـ شۈبھىسىزكى ، سودا ـ ئىقتىسادنىڭ توپ ۋەكىلى ، شۇنداقلا سودا ـ ئىقتىساد ساھەسىگە كىرىشتىكى بىردىنبىر يول . پۇلغا بولغان تەلپۈنۈش بىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش دەرىجىمىز ۋە ئىستىكىمىزنى تەڭشەيدۇ ، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىپ ، راۋانلىشىپ ، بايلىقنىڭ يولى ئېچىلىدۇ . بىزنىڭ پۇلغا ئېرىشىش جەريانىمىزدا ۋەھىمە بولسا ، شۈبھىسىزكى ، بايلىققا بارىدىغان يولىمىزدا ئات ئايلىنىغا ، يول سارىخانىغا بولۇشتەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ .

2 . پۇلدىن قورقۇش ياكى بايلىققا ئېرىشىش جەريانىدا قورقۇش بىزگە جاندىن ئۆتىدىغان نامراتلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ . ھەقىـ



www.uyghurkitap.com

قىي نامراتلىقنىڭ مەنبەسى ئاڭ دۇنياسىدىكى نامراتلىقتۇر . بىز بېغىشلىغاندا ئاندىن ئېرىشەلەيمىز ، ئەگەر بىز ۋەھىمە سەۋەبلىك ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىسەك ، ئۇنداقتا ۋەھىمە ئىچىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان شۇ خىلدىكى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىمىز . بۇلۇپمۇ ئۇ مۇشۇ پۈتۈنلۈك دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ ، ئوخشاشلا كائىنات روھىنىڭ قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ ، شۇڭا ئۇمۇ ئەقىل ـ پاراسەت ، جەسۇرلۇق ، مۇنەۋۋەر ئىنسانلار ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ .

3 . تۇرمۇشتا بىز دائىم «ئادەمنىڭ تومۇرى بايلىقنىڭ تومۇرى» دېگەن ھەممىمىزگە پىششىق تونۇش بولۇپ كەتكەن بۇ ئىبارە ئارقىلىق دوست ۋە بايلىققا ئېرىششىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۈپەتلەيمىز . دوستلىرىمىزغا ياردەم قىلىپ ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلساق ، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزسەك ، ئۇلار ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى كۆپ قىلساق ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزنىڭ دوستلۇق ساھەيىمىزنى كېڭەيتەلەيمىز . ئادەمگە مۇلازىمەت قىلىش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىر تۇرلۇك ئالتۇن قانۇنى ، بۇ خىل مۇلازىمەت جەزمەن ئۆزىنى بېغىشلاشنى مەنبە قىلىشى ، ئۇنىڭ كەينىدە سەمىمىيەت ، ھەقىقانىيەت ، كۆڭۈل بۆلۈش بولۇشى كېرەك . بارلىق ياردەم بېرىش مۇددىئاسىنى ھەقىقىي مەنىدىكى مۇلازىمەت دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ . قورسىقىدا جىن بار كىشىلەر ئۆزىنىڭ چەكلىك ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ دوستلىرىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ، ئەڭ ئاخىر يولۇقىدىغىنى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىشلىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇبىيەت بولىدۇ . ئۇلار ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپىنى بىلمىگەچكە ، ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەي ساختىپەزلىك قىلىدۇ ، سەۋەب ـ نەتىجە تېئورېمىسى ئۇلارغا كار قىلمايدۇ .

4 . ھاياتلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرگىلىمۇ ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىۋەتكىلىمۇ بولىدۇ . بىز ھاياتلىق ئېڭىدىكى كارتىنىدىن يارىتىلغان كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولىدى-

غان تاشقى شەكىل . بىز ئۆزىمىزنىڭ پىسخىك كەيپىياتىنى تەڭ-
شەپ ، قەلبىمىزنى ئېچىۋېتىپ ، كونىنى تاشلاپ يېڭىنى قوبۇل
قىلىپ ، ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلايمىز ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىس-
تىلىش جەريانىدا ئېرىشىدىغىنىمىز نەتىجە ھېسابلانمايدۇ ، ئەڭ
ئاخىر بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز بىلىش ئىستىكىنىڭ نەتىجىسى
بولۇپلا قالماي ، ئويلاپ باقمىغان پىسخىك تەجرىبىدۇر .
5 . سىز بايلىقنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلان-
سىڭىز ، بايلىق چوقۇم سىزگە قاراپ كېلىدۇ . بايلىق بىلەن ئۇچ-
رىشىش جەريانىدا سىزدە باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىدىغان يۈرەك
بولۇشى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچىنى
ھازىرلىشىڭىز كېرەك . سىز پۇرسەت يولۇققان ھامان كۆزنى يۇ-
مۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇنى تۇتۇۋالالىشىڭىز كېرەك . سىز ئېھتىياجلىق
بارلىق پۇرسەتلەر يېنىڭىزغا يىغىلىپ ، پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلە-
گەن چېغىڭىزدا ، مۇلازىمىتىڭىزگە موھتاج كىشىلەرگە ياردەم
قىلالايسىز ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە
يېقىنلىشىسىز .
6 . كىشىلىك ھاياتتىكى كەڭ قورساقلىق ۋە باشقىلارغا مەرد-
لىك قىلىش بىزنىڭ ئىدىيەمىزنى جەلپكار ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قىلسا ، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى ياكى قىلمىشى رەڭدار تەپەك-
كۇرغا گۇمرانلىق ئېلىپ كېلىدۇ . شەخسىيەتچىلىك تەپەككۇردىكى
چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاش ئەڭ ئاخىر بىزنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدار
ئىمارىتىمىزنى يىمىرىپ ، ۋەيران قىلىۋېتىدۇ ، شۇنداقلا بايلىق
ئاسمىنىدا ئۇچىدىغان قاناتنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ . بىز كىشىلىك ھا-
ياتنى ھېس قىلغاندەك «كۆزى قىيماسلىق» لىقنىڭ چىن مەنىسى-
نى ئىنچىكە تېتىشىمىز كېرەك .
7 . بىز كىشىلەرگە ، دۇنياغا خىزمەت قىلالايمىز . بىزنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىمىز پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە
يېتىدۇ . بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككىنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە تەڭشەپ
ئۇنىڭغا ھەممىگە قادىر كۈچنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن بىردەكلىكنى

ساقلاتساق ، بېغىشلىغىنىمىز كۆپەيگەنسېرى ئېرىشىدىغىنى-
مىزنىڭمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئاسانلا كۆرۈۋېلىمىز . ئىش-
چىلار تېخنىكىسى بىلەن كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ ، سەنئەتكار-
لار سەنئەت ئەسىرى بىلەن كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ ، سودىگەر-
لەر ئۆزىنىڭ تاۋارلىرى بىلەن كىشىلەرگە خىزمەت قىلىدۇ ، بار-
لىق بېغىشلاشلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ ، بېرىش
كۆپەيسە ئېلىشمۇ كۆپىيىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئىقتىدارىمىزنى
ئىشقا سېلىپ تەبىئىي ھالدا تېخىمۇ كۆپ تەشەككۇر ۋە مۇلازىمەتنى
سەرپ قىلىمىز .

8 . پۇلدارلار ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىغا ئاساسەن ئۇزلۇكسىز بې-
غىشلايدۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ تەپەككۇردى-
كى مۇستەقىللىقىنى باشقىلاردىنمۇ بەكرەك قوغدايدۇ . ئۇ ئىدىيە
ئارقىلىق ئويلىغان نەتىجىسىگە ئېرىشمەكچى بولغاندا يېنىدىكىلەر-
نىڭ ئەسكەرتمىسىگە ئېرىشىشى كېرەك ، ئۇ ئۆزى ئويلىغان جاۋابقا
ئېرىشكەندە تېخىمۇ كۆپ شەكىللەر ۋە ۋاستىلەر ئارقىلىق تېخىمۇ
كۆپ كىشىلەرنى مەنپەئەتدار قىلالايدۇ . ئاندىن ، كۆپچىلىكنىڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئەگىشىپ پۇلدارمۇ ئۆزىنى مۇۋەپپەقى-
يەت قازاندۇرىدۇ . نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ياكى باي-
لىققا ئىگە بولغۇچىلار باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش
بەدىلىگە ئۆزى ئېرىشمەي ، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ بايلىق توپلىشىغا
ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئەڭ باي كىشىگە ئايلاندۇرغان .

9 . بارلىق مەۋجۇداتلار ماھىر تەپەككۇر قىلغۇچىغا نىسبەتەن
ھېچقانچىلىك ئىش ھېسابلانمايدۇ . كۆپ ساندىكى كىشىلەر تەپەك-
كۇرىنى سىناپ بېقىشقا ئېرىنىدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە
ئانچە ئىشىنىپ كەتمەي ، باشقىلار نېمە دېسە شۇنى دەپ ئۆزىنىڭ
ئاددىي تۇرمۇشىنى كەچۈرىدۇ . ئۇلار بەزى ئىدىيەلەرنى قايتا ئويلى-
نىپ باقمايدۇ ياكى سىناپ باقمايدۇ ، ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان
ئىنتائەتچان پوزىتسىيەسى ئاسانلا نوپوز ۋە تەقدىر ـ قىسمەتكە
خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ كېتىدۇ . ئۇلار كۆپ ھاللاردا زور مەسىلى-

لەرنى تەپەككۇر قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر بولۇپ، بۇ كىشىلەر بىلىپ ـ بىلمەي تەپەككۇر قىلماسلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجادىي كۈچ ئىقتىدارىنى ۋەيران قىلىدۇ.

10. بىز ئۆزىمىز ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە دىققەت قىلىۋاتقان ئىشقا ئۆزىمىزنىڭ ئويى ۋە ئىقتىدارىنى مەركەزلەشتۈرسەك، دىققىتىمىزنى بۆلمەي، تەپەككۇرىمىزنىڭ ئېنېرگىيەسىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە پاسسىپ سەلبىي ئامىللار، مەسىلەن، ئازابلىنىش، جاپا ـ مۇشەققەت، قالايمىقانچىلىق قاتارلىقلارنى دائىم كۆڭلىگە كەلتۈرۈۋالىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەي، ئەكسىچە ئۇنى ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ. بىز قەلبىمىزدە ئۈمىد قىلغان ۋە تەسەۋۋۇر قىلغاننىڭ ھەممىسى غايىنىڭ نەتىجىسى، بىز يەنە ئىشلىرىمىز ياكى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېرىشكەنلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە قانائەت تېپىشى سەۋەبىدىن ئۆزىمىزنى بۇ خىل ياخشى پىسخىك ھالەتكە ئەڭ ياخشى كەيپىيات بېغىشلاشقا دىققەت قىلدۇرىمىز، بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش بىزگە خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش ئېلىپ كەلمەي قالارمۇ؟

11. مەنئۇيەت بىز باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ قوغدايدىغان ئىستىھكام. بىز پەقەت مەنئۇيەتتىلا بارلىق مۇمكىنچىلىكلەرنى يارىتالايمىز ۋە ئىشقا ئاشۇرالايمىز. مەيلى مەنئۇيەتكە دۇنيا تەرىپىدىن قانداق بىر چېگرا بېكىتىلسۇن، بۇ مەنئۇيەتنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكى جەۋھەر بولۇشتەك ماھىيىتىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھەرقانداق مەنئۇيەتنىڭ ئەھمىيەتلىك ھەرىكىتى مۇقەررەر ھالدا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدا ئۆزىنىڭ بارلىق جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

12. بۇلارنى چۈشەنسىڭىز ماڭا ئوخشاش خۇلاسە چىقىرالايسىز. ئەگەر سىز بىر ھەقىقىي «ئەمەلىيەتچى» بولسىڭىز، سىز

ئۇچۇن ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئەمەلىي تاللاش دەل بۇ قانۇنىيەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنى تىرىشىپ بوشاشماي ئىشقا ئاشۇرۇش-تۇر. قەتئىيلىك بىلەن ئۆگەنگەن ۋە ئىشقا ئاشۇرغاندىلا ئۆزىمىزگە ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرالايمىز. «ئەمەلىيەتچى» لەر تىرىشىشنى بىلىپ، يولدىكى نادانلارغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قا-راشنى بىلمەيدىغانلار بولۇپ قالسا بولمايدۇ، ئۇلار بۇ قانۇنىيەتلەر-نى تونۇپ يەتكەندىلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۇرەلەيدۇ، شۇڭا، سىز غايىنىڭ يۇكسەك پەللىسىنى كۆرگەندە، يېنىڭىزدا مۇشۇنداق تىرىشچان، ئەمەلىيەتچىل كىشىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقايسىز.

13. تۆۋەندە مەن بىر ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق ئىجادىيەت ئىقتىدارى بىلەن ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-ۋەتنى ئىسپاتلاپ بېرىمەن. بۇرۇن چىكاگودا بىر دوستۇم بولۇپ، باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلىي نۇقتىئىنەزىرىنى كىشىلىك ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، گەرچە بەزى مەغلۇبىيەتلەر بولسىمۇ، ئۇ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمەيتتى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچ-راشقاندا ئۇنىڭ ئىشلىرى تازا ئاقمايۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ۋەزىيەتنى ئوڭشىغۇدەك قۇدرىتى يوق، ھەتتا ئىلگىرىكى ئەھۋالىغا سېلىش-تۇرغاندا ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەقىقەتەن يېڭى قاراشلار ئىنتايىن كەمچىل بولۇۋاتاتتى.

14. ئۇ مېنىڭ كىتابىمدا تونۇشتۇرۇلغان چۈشەنچىلەرنى كۆرگەندە، گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولدى. ئۇ، كۆپ يىللىق سودا تەجرىبىسىدىن، سودا قىلىشتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنىڭ يېڭى كۆزقاراش ۋە ياخشى چارىلەرنى ئۆزگىرىشچان سودا مەيدانىدا ئىشقا سېلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى دېدى. ھازىر ئۇ ئېنىق-كى، ھېچقانداق يېڭى ئۇسۇل ياكى كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا تاشلى-يالمايۋاتاتتى. ئەگەر بىزنىڭ نەزەرىيەمىز ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقى-قىي ئۇنۇمگە ئىگە بولسا، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنى تېپىلغۇ-

www.uyghurkitap.com

سىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسى ۋە نەزەر دائىرىسى چوقۇم يەنە بىر قېتىم يۇقىرى پەللىگە چىقالايتتى .

15 . نەچچە يىل ئۆتمەي مەن بۇ كىشى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى يەنە ئاڭلىدىم . شۇ چاغدا مەن بىر دوستۇم بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ : «مېنىڭ ھېلىقى دوستۇمنىڭ تەرەققىياتى ھازىر قانداقراق ؟ ئۇ قايتا قەد كۆتۈرۈپ ، ياخشى نەتىجە يارىتالىدىمۇ - يوق ؟» دەپ سورىدىم . كىم بىلسۇن ، بۇ دوستۇم ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ : «سىز بىلمەمسىز ، ئۇ بېيىپ كەتتى ، ھازىر ھەتتا مەلۇم كارخانىدىكى مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالدى» دېدى . ئۇ تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ كارخانا تەرەققىي قىلىپ تازا ۋايىغا يېتىۋاتقان بولۇپ ، تۈرلۈك ئىلانلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە كۆرۈلۈپ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇنداق تېز تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەب ، ئۇ بىر بىباھا ئۇسۇلنى تېپىۋالغان بولۇپ ، بۇنىڭ مەنبەسى دەل ئۇنىڭ كاللىسى ئىدى ! بۇ توقۇلما ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي بولغان ئىش .

16 . شۇ تاپتا ، سىزنىڭ قەلبىڭىزدە قانداق ھاياجانلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ ؟ ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتسام ، بۇ ھېكايە ئەمەلىيەتتە بەزىلەرنىڭ بۇنداق مەنئۇيەت ئۇسۇلى بىلەن كىشىلىك ھاياتىغا پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن چەكسىز روھنىڭ ئالاقىسىنى ئورنىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . سىزمۇ ئۇنى ئۆزىڭىزگە خىزمەت قىلدۇرۇپ ، كىلاسسىك تەپەككۇر ئىلھاملىرىنى سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتەلەيسىز .

17 . بۇنداق بايانلارنى ئاڭلاپ دىققەت كۆچىڭىزنى «چەكسىزلىك» تىن ئىبارەت بۇ سۆزگە باغلىۋالماڭ ، بۇ ئادەمنى ئىلاھلاشتۇرغانلىق ياكى ئادەمنىڭ خاراكتېرى ، ئىرادىسىنى تىنىمسىز مۇبالىغە قىلغانلىق ئەمەس ، مەن پەقەت سىلەرگە سىز ئەڭ سەزگۈر ئەقىل - پاراسىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ چەكسىزلىكنىڭ مەنىسىگە سەمە بولسىڭىز «چەكسىزلىك» نىڭ سىزگە «چەكسىز كۈچ -

قۇدرەت» ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دېمەكچى . مەنئۇيەت سىزنىڭ ئوبيېكتىپ ھەرىكىتىڭىز بىلەن مىسلىسىز ماسلىشىشچان بىردەكلىك ھاسىل قىلالايدۇ . بۇ ئىلاھنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىق ئەمەس ، بەلكى ئىلاھنىڭ ئىرادە ئىدىيەسىنى تاۋلاش ۋە ۋە شەرھىلەشتۇر . بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىپ ، ئىجادچان ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىگە ئاساسەن ئۆز روھىمىزنى ئىشقا سالساق ، بۇ خىل «چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت» نى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالالايمىز .

18 . مېنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئېسىگە سالماقچى بولغىنىم ، مەن ئەزەلدىن بۇ ئادەم بىلەن ئۆزلۈكنى يېڭىلاش قەدىمى ۋە لايىھەسىنى كېڭىشىپ باقمىدىم ، ئۇ ئۆزى بۇ خىل «چەكسىز ئېنېرگىيە» دىن تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى تاپتى ، تەپەككۇرىدىكى مۇستەقىل ئىجادچانلىقنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى ئەندىزىنى ياراتتى ، شۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىدىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ ، ئىنكار قىلىپ ، تولۇقلاپ ، ئۆزگەرتىپ ، ھەرقانداق بىر ئۇششاق ھالقىنى قويۇپ بەرمىدى . ئەگەر سىز بىزگە ئوخشاش ھەر كۈنى بۇ چۈشەنچىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلسىڭىز ، بىزگە ئوخشاش ئۇچراتقان تىپىك ۋەقەلەر ۋە تىپىك شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇ خىل «چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت» نىڭ سېھرىنى بايقايسىز ، چۈنكى ، ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددىلىكى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ساختا بولمايدۇ .

19 . بەلكىم بەزىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق «چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت» نى مۇشۇنداق كۈچلۈك ۋە مۇشۇنداق ئاسانلا ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنياغا ئىشقا سالغىلى بولىدىغاندۇ ؟ دەپ گۇمانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ، «چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت» بىلەن ئۇچراشقاندا چوقۇم ئۇ ئىشقا سالغان ئۇسۇل بىلەن ماسلىشىشچان بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك ، بولمىسا ئەڭ ئۇششاق خاتالىقلارمۇ سىزنى مەغلۇبىيەتكە باشلايدۇ . «چەكسىز ئېنېرگىيە» سىناقنى قوبۇل قىلالايدىغانلارغا تەۋە بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

## قەلبنى ئاۋلاش

بۇ باسقۇچتا، مۇنداق بىر ئۇيىنى قەلبىڭىزگە يىلتىز تارتقۇزۇڭ: ئادەم جىسمانىيىتى مەۋجۇت بولغاچقا مەۋجۇت بولىدۇ، ئادەم روھىيىتى مەۋجۇت بولغاچقا مەڭگۇ ياشايدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ ھەرقانداق ھاياتلىق پائالىيىتى ياكى ئىچكى تەلپۈنۈشى روھنىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق قانائەت تاپىدۇ. پۇل ۋە مەنپەئەت بىزنى پەقەت بىر مەزگىللا قانائەتلەندۈرىدۇ، ھەتتا مۇھىت قاتلىمىدىلا تۇرمۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ روھى بىلەن «چەكسىز كۈچ - قۇدرەت» بىرلەشسە، ئادەمگە ئىشلىتىپ تۈگىتىپ بولالمىغۇدەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. پۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئادەمگە مۇلازىمەت قىلىش، سىز بۇنداق كەڭ ئىدىيە ئارقىلىق بايلىققا مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئىدىيەڭىز ۋە بايلىق مەنبەلىرى قوزغىتىلىدۇ. شۇ چاغدا مەنىۋى داۋالاشنىڭ ئادەمگە كار قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بىرىنچى قانۇنىيىتى نېمە؟
ئادەمگە مۇلازىمەت قىلىش.

2 . قانداق قىلغاندا باشقىلارغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلالايمىز؟
ئىدىيە بىلەن مەردلىككە بىرلا ۋاقىتتا ئۇل سالغاندا؛ ئەھمىيەت بېرىش جەريانى نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىشتىن يىراق تۇرغاندا؛ ئەھمىيەت بېرىپ ئىزدەش ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن يىراق تۇرغاندا.

3 . شەخسىيەتچىلىك بىزگە قانداق يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ؟
شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى بىزنىڭ ئىدىيەمىزدىكى قىممەت-

لىك نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىدۇ .

4 . مۇۋەپپەقىيەت قانداق قىلىپ ئاخىرقى چەككىچە تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ ؟

نەتىجىگە سەل قاراپ ، بېغىشلاشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ؛ ئىگە بولۇشقا سەل قاراپ ، جەريانغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ؛ بېغىشلاش ئىگە بولۇشتىن كۆپ بولۇش بىلەن .

5 . پۇلدارلار قانداق قىلىپ بايلىق مۇۋەپپەقىيىتىگە ئېرىشىدۇ ؟

ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن قارار چىقىرىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ .

6 . نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر چېگرى يوقلۇق قىلىپ ، بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ ؟

ئۇلار بۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرگە تايىنىپ ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىققا ئىگە بولمىغان كۆزقاراشلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش پەيدا بولىدۇ .

7 . ئەگەر ئىدىيەنىڭ يادروسى ئازابلىنىش ياكى پاسسىپلىق بولسا ، نەتىجىسى قانداق بولىدۇ ؟

تېخىمۇ كۆپ ئازاب ۋە زىيان كېلىپ چىقىدۇ .

8 . ئەگەر ئىدىيەنىڭ يادروسى خۇشاللىق ۋە ئېرىشىش بولسا ، قانداق نەتىجە پەيدا قىلىدۇ ؟

ئۈمىدۋار ئىدىيە بىزگە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ .

9 . مەنىۋىيەت قانۇنىيىتىنى ئوخشاشلا سودا ساھەسىگە ئىشلەتكىلى بولامدۇ - يوق ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ ، سانسىز مىساللار بىزگە بۇ قانۇنىيەتنىڭ سودىدا ئىشلىتىشكە ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ، بىز ئۇنى بايقىمىغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاڭسىز ھالەتتە ئىشقا سېلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى .

10 . بۇ پىرىنسىپ بىزگە قايسى ئەمەلىي پايدىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ ؟

بىز ئۇنىڭدىن ئىشلارنىڭ سەۋەب ـ نەتىجىسى بولىدىغانلىقىنى ، بۇ پىرىنسىپنى مەنىۋىيەت ساھەسىدە قوللىنىشنىڭ دەل ساغلاملىقىمىز «سەۋەبى» دىن بولسا ئېرىشكەن «نەتىجە» نىڭمۇ مۇقەررەر مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى ، شۇڭا ، بىز بۇ ئەقىدىنى ئىشقا سېلىپ قايىل قىلارلىق نەتىجىگە ئېرىشمەن دېسەك ، چوقۇم بۇ چۈشەنچىنى ئۇنىڭغا قارىتا ۋاقتىدا سىناپ ئىشلىتىشنى بىلىشىمىز كېرەكلىكىنى چۈشىنىۋالايمىز .

# 24 ـ ساۋاق :  ھەممىسى قەلبىڭىزدە مۇجەسسەملەنگەن

سىزنى مەزكۇر كىتابنىڭ 24 ـ ساۋىقىغا ئېلىپ كىرگىنىم-دىن ئىنتايىن خۇشال بولۇۋاتىمەن ، ئۇ بۇ قېتىمقى سىرلىق سە-پەرنىڭ ئاخىرلىشاي دېگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

مەنىۋىيەتنىڭ تۇرمۇشتىكى سېھرىي كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقىقەتنى سىنايدىغانلىقىغا ئى-شەنسىڭىز ھامان تۇرمۇشىڭىزدىكى كاللىڭىزدا چاقناپ ئۆتكەن كارتىنىلارنى كۆرەلەيسىز . چۈنكى ، بۇنىڭدىن ئاۋۋال قەلبىڭىزدى-كى ئىدىيە رېئال تۇرمۇشىڭىزغا كىرگۈزۈلۈپ بولغان بولىدۇ . نۇرغۇن كىشىلەر خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنىش سەپىرىدىن كېيىن ماڭا ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەپ : «ئىدىيە ئۆتكۈر قىلىچقا ئوخشايدىكەن ، ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى تىكەنلەرنى كېسىپ تاشلاپ ، گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بېرەلەيدىكەن» دېدى .

ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ خىل ئۆزلۈك-نىڭ قوزغىتىلىشى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئېرىشكەندە ، سىز شاد ـ خۇرام ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيسىز . ھەممە يەردە بار بۇ خىل تەپەككۇر پىرىنسىپى ئۆزلۈ-كىڭىزنى سەگىتىدۇ ۋە يۈكسەلدۈرىدۇ ، ئۇ سىزنى ماددىي گادايلىق ۋە ئۆز ئىدىيەڭىزنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەپ ، پاس-سىپ ، چۈشكۈن ، ۋەھىمىلىك ياكى مەيۇس تۇرمۇش كەيپىياتىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ . ئۇ ئىلگىرىكى ئىندۇۋىئاللىقىڭىز ۋە ئېتىقادىڭىز سەۋەبلىك سىزنى كەمسىتمەيدۇ ، سىزنىڭ بۇ قائىدىگە بولغان تونۇ-شىڭىز مەيلى بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن سىزگە ھەرگىزمۇ سەل

قارىمايدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ سىزدىكى ھەممە نەرسىنى ھەر- قانداق جايدا شەرتسىز قوبۇل قىلىدۇ .

بەلكىم سىز ساداقەتمەن دىن مۇرىتى بولۇشىڭىز مۇمكىن . ئۇنداق بولسا بۇ نەزەرىيە بىلەن ئالەم روھىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى سىزدە خۇداغا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇۋاتقاندەك ۋە ئىشىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ ؛ ئەگەر سىز بىر ئۇمۇر ئىلىم ـ پەنگە ئەقىدە باغلىسىڭىز ، بايانلاردىكى ماتېماتىكىغا ئوخشاش توغرا ، ئىنچىكە تەپسىلاتلار چوقۇم سىزنى قايىل قىلىدۇ ؛ ئەگەر سىز روھنىڭ ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ، پەلسەپىدىكى ئۆزلۈك ئانا- تومىيەسىدە بىر مەزگىل ماڭغان بولسىڭىز ئىدىيالىستىك ۋە مېتا- فىزىكىلىق روھىيەت ساھەسىنىڭ ئەڭ يېڭى نەزەرىيەلىرى چوقۇم سىزگە ئۆزۈن مەزگىللىك قىدىرىشلار ئىچىدە گۆھەرلەرنى ئىزدە- تىدۇ .

ئەمدى بىز گۇماندىن تولۇق خالىي بولدۇق ، دىن ، پەلسەپە ، ئىلىم ساھەسىدىكى كىشىلەر تۇشمۇتۇشتىن بۇ سىرنى يېشىشكە ئىنتىلدى ، شۇ تاپتا ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزدا سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئارزۇلىرىڭىزغا كىرىپ ، ئاندىن كىشىلىك ھايات دۇنياسىدىكى جەننەتكە قانات يېيىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ .

1 . «قۇياش كائىناتنىڭ مەركىزى» ، «يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن ئىلمىي بايقاش تۇنجى قېتىم ئاممىغا جاكارلانغاندا ، كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ، گۇماند- لانغان ، ھەتتا خېلى مەزگىلگىچە ئۇنى چېكىدىن ئاشقان خاتا تەلە- مات ، دەپ قارىغانىدى . كىشىلەر قۇياشنىڭ ھەر كۈنى شەرقتىن چىقىپ غەربكە پاتىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ ، قۇياشنىڭ ئۆز ئوربىتى- سىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىزنىڭ كۆزىمىز شۇنچىۋالا ئېنىق كۆرىدۇ ، كىشىلەر بۇ نۇقتىئىنەزەر ھەم بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇ- رىغا قويغان ئالىمنى تەنقىدلەپ ، ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسىنى بىدئەت تەلىمات ، دېگەنىدى . ئۇزۇن مەزگىللىك تەجرىبە ئارقىلىق بىز

ەڭ ئاخىر بارلىق گۇمانلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ۇنىڭغا تەدرىجىي ئىشىنىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆردۇق.

2 . دۇنيادا ئاۋاز چىقىرالايدىغان نۇرغۇن شەيئىلەر مەۋجۇت. شەيئىلەرنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىدىكى پىرىنسىپ بۇ شەيئىنىڭ ھاۋادا تىترەش پەيدا قىلىشىدۇر. تىترەش چاستوتىسى ئاشقانسېرى بىز بۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالايمىز، ئادەتتە تىترەش سېكۇنتىغا 16 قېتىمدىن يۇقىرى بولغاندا بىز ئۇنى ئاۋاز دەپ ھۆكۈم قىلىمىز، ئەگەر تىترەش سېكۇنتىغا 38000 قېتىمغا يەتسە، چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ كەتكەچكە، پۈتۈنلەي ئاۋازسىز ھالەتكە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئادەمگە نامايان قىلىپ بېرىدىغىنى جىمجىتلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاۋاز شەيئىنىڭ ئۆزىدىن پەيدا بولمايدۇ، ئاۋاز بىزنىڭ ئاۋازغا ئائىت سەزگۈمىزدە پەيدا بولىدۇ.

3 . بىزنىڭ نۇر ۋە رەڭ ھەققىدىكى سەزگۈمىزمۇ مۇشۇنداق پىرىنسىپنى ئاساس قىلىدۇ. بىزنىڭ تونۇشىمىزدا قۇياش ئۆزلۇ- كىدىن نۇر چىقىرىدىغان ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىدىغان جىسىم. «نۇر» ئەمەلىيەتتە دولقۇن پەيدا قىلىدىغان تەۋرىنىشنىڭ نەتىجە- سى. قۇياش ھەر سېكۇنتىغا نەچچە يۈز تىرىليارددىن يۇقىرى تىترەش چاستوتىسىدا ئېنېرگىيە يەتكۈزىدۇ، بىز بۇ خىل ئېنېر- گىيەگە «يورۇقلۇق دولقۇنى» دەپ ئېنىقلىما بېرىمىز. «يورۇق- لۇق» ئېنېرگىيەنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. تەۋرە- نىش چاستوتىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يورۇقلۇقنىڭ رەڭگى- دىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ يەردە رەڭنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالماي بولماي- دۇ، مەيلى ياپيېشىل دەرەخ، قىپقىزىل گۈللەر، كۆپكۆك دېڭىز، زەڭگەر ئاسمان بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان تەۋرىنىش چاستوتىسىنىڭ قەلبىمىزدە پەيدا قىلغان سېزىمىدىن ئىبارەت. ئەگەر تەۋرىنىش چاستوتىسى تۆۋەنلەپ، سېكۇنتىغا نەچچە يۈز تىرىليارددىن چۈشۈپ كەتسە، يورۇقلۇق يوقىلىپ، ئىسسىقلىق پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بىز پۈتۈنلەي سەزگۈمىزگە تايىنىپ دۇنيادى-

www.uyghurkitap.com

ﻜﻰ ﺑﺎﺭﻟﯩﻖ ﺷﻪﻳﺌﻰﻟﻪﺭﮔﻪ ﮬﯚﻛﯘﻡ ﻗﯩﻠﯩﭗ ، ﺋﯘﭼﯘﺭ ﻳﻪﺗﻜﯜﺯﮔﻪﻧﺪﻩ ﺧﺎﺗﺎ- ﻟﯩﻖ ﺳﺎﺩﯨﺮ ﻗﯩﻠﯩﺸﺘﯩﻦ ﺳﺎﻗﻠﯩﻨﺎﻟﻤﺎﻳﻤﯩﺰ .

4 . ﺑﯩﺰ ﺑﯘ ﻧﻪﺯﻩﺭﯨﻴﻪﻧﻰ ﻣﯧﺘﺎﻓﯩﺰﯨﻜﯩﻠﯩﻖ ﺳﯩﺴﺘﯧﻤﯩﻐﺎ ﻳﻪﻛﯜﻧﻠﻪﻳ- ﻤﯩﺰ . ﺋﯩﺪﯨﻴﻪﺩﯨﻜﻰ ﻣﻪﻧﯟﯨﻴﻪﺕ ﺩﯗﻧﻴﺎﺳﯩﻨﯩﯔ ﺳﯩﻠﯩﻘﻠﯩﻘﻰ ﺋﻪﻳﻨﻪﻛﻜﻪ ﺋﻮﺧﺸﺎﻳﺪﯗ ، ﮬﺎﻳﺎﺗﻠﯩﻘﺘﺎ ﻣﯘﻧﺎﺳﯟﻩﺗﻠﯩﻚ ﻧﯘﺭﻏﯘﻥ ﺷﻪﻳﺌﻰﻟﻪﺭ ﺋﯘﻧﯩﯖﺪﺍ ﮬﻪﺭ- ﻗﺎﭼﺎﻥ ﻣﺎﺳﻠﯩﺸﯩﺸﭽﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﻧﺎﻣﺎﻳﺎﻥ ﻗﯩﻠﯩﺪﯗ . ﺋﯩﺪﯨﻴﻪﻣﯩﺰﺩﻩ ﺳﺎﻏﻼﻡ- ﻟﯩﻖ ، ﺑﺎﻳﻠﯩﻖ ، ﻣﯘﯞﻩﭘﭙﻪﻗﯩﻴﻪﺕ ﺑﻮﻟﺴﺎ ، ﺑﯩﺰ ﺳﺎﻏﻼﻣﻠﯩﻘﺘﺎ ، ﺑﺎﻳﻠﯩﻘﺘﺎ ﯞﻩ ﻣﯘﯞﻩﭘﭙﻪﻗﯩﻴﻪﺗﺘﻪ ﺋﯧﺮﯨﺸﻪﻟﻪﻳﻤﯩﺰ .

5 . ﺳﯩﺰ ﺋﯚﺯﯛﯕﯩﺰﺩﯨﻦ ﺑﯘﻳﺎﻥ ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﺘﯩﻜﻰ ﺗﯜﺭﻟﯜﻙ ﻗﯩﻴﯩﻨﭽﯩﻠﯩﻘ- ﻼﺭﻧﯩﯔ ﺑﯧﺴﯩﻤﯩﺪﺍ ﻗﯩﻴﻨﺎﻟﻐﺎﻥ ﺑﻮﻟﯘﺷﯩﯖﯩﺰ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ ، ﺋﻪﻣﻤﺎ ، ﺑﺎﺭﻟﯩﻖ ﻛﯧﺴﻪﻟﻠﯩﻚ ، ﺋﺎﺯﺍﺏ ﯞﻩ ﭼﻪﻛﻠﯩﻤﯩﻠﯩﻜﻨﯩﯔ ﺋﯩﭽﻜﻰ ﺩﯗﻧﻴﺎﻳﯩﯖﯩﺰﺩﯨﻜﻰ ﺧﺎ- ﺗﺎﻟﯩﻖ «ﺳﻪﯞﻩﺑﻰ» ﺩﯨﻦ ﺑﻮﻟﯩﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﭼﯜﺷﻪﻧﮕﻪﻧﺪﻩ ، ﺑﯘ ﺧﯩﻞ «ﻧﻪﺗﯩ- ﺟﻪ» ﻧﯩﯔ ﻗﺎﻧﺪﺍﻕ ﭘﻪﻳﺪﺍ ﺑﻮﻟﻐﺎﻧﻠﯩﻘﯩﻨﻰ ﺑﯩﻠﯩﯟﺍﻻﻻﻳﺴﯩﺰ . ﻣﯘﺗﻠﻪﻕ ﮬﻪﻗﯩ- ﻗﻪﺕ ﺑﯩﺰﻧﯩﯔ ﺋﯩﺪﯨﻴﻪﻣﯩﺰﻧﻰ ﺋﯚﺯﮔﻪﺭﺗﯩﭗ ، ﺗﯧﺨﯩﻤﯘ ﺋﯩﻠﮕﯩﺮﯨﻠﯩﮕﻪﻥ ﮬﺎﻟ- ﺩﺍ ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﯩﻤﯩﺰﻏﺎ ﺋﯚﺯﮔﯩﺮﯨﺶ ﺋﯧﻠﯩﭗ ﻛﯧﻠﯩﺪﯗ . ﺑﺎﺭﻟﯩﻖ ﺋﯩﻜﻜﯩﻠﯩ- ﻨﯩﺶ ، ﻗﻮﺭﻗﯘﺵ ، ﺋﯩﺸﻪﻧﻤﻪﺳﻠﯩﻚ ﺋﯩﭽﻜﻰ ﺩﯗﻧﻴﺎﻳﯩﻤﯩﺰﺩﯨﻦ ﻳﯩﺮﺍﻕ ﺗﯘ- ﺭﯗﺷﻰ ﻛﯧﺮﻩﻙ ، ﺷﯘﻧﻰ ﺑﯩﻠﯩﺸﯩﯖﯩﺰ ﻛﯧﺮﻩﻛﻜﻰ ، ﺑﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﮬﻪﻣﻤﯩﺴﻰ ﺳﺎﺧﺘﺎ ﻣﻪﯞﺟﯘﺗﻠﯘﻕ ﺑﻮﻟﯘﭖ ، ﮬﻪﻗﯩﻘﯩﻲ ﻗﯩﻴﯩﻨﭽﯩﻠﯩﻘﯩﻨﯩﯔ ﺋﯚﺯﻯ ﺋﻪﻣﻪﺱ . ﺳﯩﺰ ﺋﯘﻻﺭﻧﻰ ﻛﯚﺯﮔﻪ ﺋﯩﻠﻤﯩﺴﯩﯖﯩﺰ ، ﺑﯩﺰ ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﭼﻪﻛﻠﯩﻤﯩﺴﯩﮕﻪ ﺋﯘﭼﺮﯨﻤﺎﻱ ، ﺋﯘﻻﺭﻧﻰ ﺗﯧﺨﯩﻤﯘ ﻳﯩﺮﺍﻗﻘﺎ ﻗﻮﻏﻠﯩﯟﯦﺘﻪﻟﻪﻳﻤﯩﺰ .

6 . ﺋﻪﻣﺪﻯ ﺳﯩﺰﻧﯩﯔ ﻗﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﺗﯧﮕﯩﺸﻠﯩﻚ ﺋﯩﺸﯩﯖﯩﺰ ﻳﯘﻗﯩﺮﯨﻘﻰ ﮬﻪﻗﯩﻘﻪﺗﻜﻪ ﺗﻪﻟﺘﯚﻛﯜﺱ ﭼﻮﯕﻘﯘﺭﻻﭖ ﻛﯩﺮﯨﺶ . ﺭﺍﺳﺘﯩﻨﻼ ﺷﯘﻧﺪﺍﻕ ﻗﯩﻼ- ﻟﯩﺴﯩﯖﯩﺰ ﺗﻪﭘﻪﻛﻜﯘﺭ ﻗﯘﺩﺭﯨﺘﯩﯖﯩﺰﻧﻰ ﺧﺎﺗﺎﺳﯩﺰ ﮬﺎﻟﺪﺍ ﺋﯩﺸﻘﺎ ﺳﺎﻻﻻﻳﺴﯩﺰ ، ﮬﻪﻗﯩﻘﻪﺗﻤﯘ ﺗﯘﺭﻣﯘﺷﯩﯖﯩﺰﺩﺍ ﻧﺎﻣﺎﻳﺎﻥ ﺑﻮﻟﯩﺪﯗ .

7 . ﺑﯘﻧﺪﺍﻕ ﻣﻪﻧﯟﻯ ﻛﯜﭼﻜﻪ ﺋﯩﺸﯩﻨﯩﺪﯨﻐﺎﻧﻼﺭ ﺑﯘ ﺋﯘﺳﯘﻟﻨﻰ ﺋﯜﺯ- ﻟﯜﻛﺴﯩﺰ ﺋﯩﺸﻘﺎ ﺳﯧﻠﯩﭗ ، ﺋﯚﺯﻯ ﯞﻩ ﺑﺎﺷﻘﯩﻼﺭﻏﺎ ﻳﺎﺭﺩﻩﻡ ﺑﯧﺮﯨﺪﯗ . ﺋﯘﻻﺭ ﺑﯘﻧﯩﯔ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯚﺯﯨﻨﻰ ﺩﺍﯞﺍﻻﺷﻨﻰ ﻗﺎﻧﺎﺕ ﻳﺎﻳﺪﯗﺭﯨﺪﯗ ، ﺋﯘﻻﺭ ﺋﯚﺯﯨﻨﯩﯔ ﺗﯩﺮﯨﺸﭽﺎﻧﻠﯩﻘﻰ ﯞﻩ ﮬﻪﺭﯨﻜﯩﺘﻰ ﺋﺎﺭﻗﯩﻠﯩﻖ ﺋﯩﺪﯨﻴﻪﺳﯩﺪﯨﻜﻰ ﻛﯚﺭﯛﻧﯜﺷﻠﻪﺭﻧﻰ ﻏﺎﻳﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺭﯦﺌﺎﻟﻠﯩﻘﻘﺎ ﺋﺎﻳﻼﻧﺪﯗﺭﺍﻻﻳﺪﯗ . ﺋﯘﻻﺭ ﺳﯩﺰ ﺋﯩﮕﯩﻠﯩﮕﻪﻥ ﺑﯘ

ئۇسۇلنى چۈشىنىدۇ ، سىز بارلىق ساغلاملىق ، بايلىق ، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھەر دەقىقە بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا تۇرىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ يىراقتا ئەمەسلىكىنى ، بىراق قىيىن كۈنلەردە قالغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمەيدىغانلىقىنى بايقايسىز .

8 . مەيلى كىسەللىك ياكى جاپا ـ مۇشەققەت بولسۇن ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى مەنبە قىلىدۇ . كاللىمىزدىكى خاتا پوزىتسىيەلەرنى پاك ـ پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر مۇتلەق ھەقىقەتنى دەسسەتسەك ، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزغا پايدىسىز ھەرقانداق شارائىتتا مۇناسىپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ .

9 . ئۇنداقتا ، قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزگە ياردەم بېرىپ ھەقىقەتنى يېشىپ ، ئىدىيەدىكى خاتالىقلارنى يوقىتالايمىز ؟ بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ئۆزىمىزنى «تىمتاس» لىققا ئېلىپ كىرىش ، سىز بىر ئادەم يالغۇز كىرىسىڭىزمۇ ، شۇنداقلا باشقىلار ياردەم قىلسىمۇ بولىدۇ . ئەگەر سىز مېڭىڭىزدە يەتمەكچى بولغان غايىنى خىيال قىلىپ بولغان بولسىڭىز ، ئۇنداقتا بەختكە بارىدىغان يولنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىپ بولۇپسىز . كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ماھارەت ئىشىك ئاچقان مىنۇتلاردا نامايان بولىدۇ . ئەگەر بىز يەنىلا ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرەلمىسەك ، بۇ ئىچكى دۇنيايىمىزدا گۇمان بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، بىز ئۆز قەلبىمىز بىلەن قايتا ـ قايتا ، كۆپ قېتىم سۆزلىشىشىمىز كېرەك ، ئۇنىڭ بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى سىزنىڭ بەخت دەرۋازىسىنى ئېچىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ .

10 . شۇ نەرسە مەڭگۈ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، مەيلى قانداق مۇھىتتا ياشاڭ ئۆزىڭىز بىلەن تىنىمسىز كۈرەش قىلىشىڭىز ۋە ئۆزىڭىزنى بويسۇندۇرۇشىڭىز كېرەك . چۈنكى ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ۋەھىمە قەلبىڭىزدىن پەيدا بولىدۇ ، شۇڭا تاشقى دۇنيادىكى قىيىنچىلىق ، ئازابلار سىزنى باسمايدۇ ، ئىچكى دۇنيايىڭىزدا ئۆزىڭىزنى توختاۋسىز تەڭشەپ تۇرسىڭىزلا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە

ئېرىشىپ ، ئۆيلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز .

11 . ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نۇرغۇن شەكىللەرنى ئۆزىمىزگە ياردەملەشتۈرسەك بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىچكى دۇنيانى كۆڭۈلدىكىدەك تەسۋىرلەپ ، قەلبىمىز بىلەن سۆزلىشىپ ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ، ياخشى ئۆزلۈك نامايەندىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۇيغا مەركەزلەشتۈرۈپ ، ئەڭ ئاخىر ھەقىقەت يولىغا مېڭىش .

12 . ئۇنداقتا ، بىز بۇ كۈچ ئارقىلىق باشقىلارغا قانداق ياردەم بېرىمىز ؟ بىر ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ ، چەكلىمىلىك ۋە خاتالىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىسىڭىز ئىدىيەڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، ئاڭ جەھەتتىن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك . بۇ خىل ئاڭ ئىدىيەڭىزدە ئورتاق ساداغا ئىگە بولۇپ ، قەلبىڭىزدە ئاجىزلىق ، چەكلىمە ، خېيىم ـ خەتەر ، قىيىنچىلىققا خىرىس قىلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش تەدبىرلىرىنى پەيدا قىلىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلەيسىز .

13 . ئەلۋەتتە ، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى ۋە پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئىجادىيلىقى سىزنى كۆز ئالدىڭىزدىكى ماسلىشىشسىزلىققا كۆڭۈل بۆلدۈرىدۇ . ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۆز ھەقىقەتىڭىزنى مۇستەھكەملەپ ، بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئىپادە ئىكەنلىكى ، ھەقىقىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەندە بىر مەزگىللىك قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ، مەنىۋىيەتنىڭ مەڭگۈ يوقالماس كۈچىگە ئېرىشەلەيسىز .

14 . ئىشلارنىڭ مەنبەسى تەۋرىنىش . مەيلى توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن ، ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى تەۋرىنىش شەكلىدە مەۋجۇت بولىدۇ ، توغرا ئىدىيەنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسى خاتا ئىدىيەنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ . شۇڭا ، ھەقىقەت مەڭگۈ خاتالىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ . ھەقىقەتنى باشلامچى قىلغاندىلا يامانلىق ، خاتالىقلاردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ .



www.uyghurkitap.com

15 . سىزنىڭ ھەقىقەتكە بولغان چۈشەنچىڭىز ۋە تونۇشىڭىزنىڭ دەرىجىسى ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن بولغان ئوبيېكتىپ مۇھىتنى بەلگىلەيدۇ ، شۇنداقلا يەككە ئەقىل - پاراسىتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلىدۇ ، ئۆزىڭىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىغان ، ئەسلىي ئۆزىڭىزدىن ھالقىغاندا ھاياتىڭىزدا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ئالغا باسالايسىز .

16 . «ئۆزلۈك» روھ كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ ، ئۇنىڭ يىلتىزى ياخشىلىق ، گۈزەللىك . ئۇنىڭدا قورقۇنچ ياكى ھەرقانداق كىسەللىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىھاجەت . ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك ، گۈزەل ھالەتتە بولىدۇ . بىز ئىلھامنىڭ زاھىر بولغىنىنى ھېس قىلغاندا ، ئۇنى چوڭ مېڭىمىزدىكى ھۈجەيرىلەر خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ خاتا چۈشەنمەسلىكىمىز كېرەك ، ئەمەلىيەتتە ئىلھام «ئۆزلۈك» نىڭ قوزغىتىلىشىنىڭ مەھسۇلى . «ئۆزلۈك» ئالەم روھى بىلەن بىر ، بۇنداق مەنىۋى خاراكتېر مۇقىم بولۇپ ، مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ . ئىلھام ئىنسان ھاياتىدىكى يالقۇنغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ ، بۇ دۇنياغا تېخىمۇ چەكسىز ئۈمىد بېغىشلايدۇ .

17 . ھەقىقەت ئاڭنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېچىلىشىغا ياردەمدە بولۇشى كېرەك . ئۇ ئۆزۈن مۇددەتلىك مەشىق ياكى تەجرىبە ئارقىلىق نامايان بولمايدۇ . قىسقىسى ، ھەقىقەت ئۆگەنگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ، ئۇ بىر خىل ئىشەنچكە تايىنىپ چۈشىنىلىدۇ ۋە ھېس قىلىنىدۇ . ياشىغان دۇنيايىمىز ، تۇرمۇش ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى تونۇش دەرىجىمىزگە باغلىق . ھەقىقەت ئاددىي بىر ئەقىدە ئەمەس ، ئۇ ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل ئوبيېكتىپ زاھىرلىقتۇر .

18 . خاراكتېرمۇ ھەقىقەتنىڭ ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ . بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ ، خاراكتېر شەخسكە

نىسبەتەن يەنە ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئىزاھاتى ھېسابلىنىدۇ. ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەقىقەتكە ئىشىنىشىدۇر، ئۇ قانداق ھەقىقەتكە ئىشەنسە شۇنداق خاراكتېر ۋە پەزىلەتنى نامايان قىلىدۇ. خاراكتېر شەخسكە نىسبەتەن يەنە شۇ كىشىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ شەرھىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ چۈشەنگەن بولىدۇ. چۈنكى، تەقدىرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى پۈتۈنلەي شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

19. ئادەمنىڭ ھاياتىدا، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىش شەكلىدە بولىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا مەغلۇبىيەت ياكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەك، بۇ قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بۇ خىل مەنزىرە ياكى ئاڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا ئاللىقاچان يىلتىز تارتىپ بولغان بولىدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ بىز سەزمىگەن ئەھۋالدا ئوخشاش روھ ۋە ماددىلارنى چىللاپ كېلىپ، بۇگۈنكىدەك ئاقىۋەتنى پەيدا قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ قائىدىنى بىلىپ، خاتالىقىمىز ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز، قەلبىمىزنى كۆزىتىپ، زادى نېمىنىڭ سەلبىي، پاسسىپ ئامىلغا ئايلىنىپ زېھنىمىزگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تېپىشىمىز كېرەك.

20. ھەقىقەت سىزنى «ئەركىن» قىلىدۇ، ئەگەر سىز ئاڭلىق ھالدا ھەقىقەتنى تونۇسىڭىز، بارلىق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيسىز.

21. سىزنىڭ تاشقى دۇنيادا دۇچ كەلگەن ھالىتىڭىز مەڭگۈ ئىچكى دۇنيايىڭىزنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇڭا، قەلبىڭىزدە مۇكەممەل غايە بولسۇن، بۇنداق بولغاندا تاشقى مۇھىتتىن غايە پۇرسەتلىرىنى ۋە شەرتلىرىنى ئۇچرىتالايسىز — بۇ، ئىلمىي سىناقلاردىن ئۆتكەن تەجرىبە.

22. ئەگەر سىز ھەمىشە مۇھىتتىكى كەمتۈكلۈك، نارازىلىق، چەكلىمە قاتارلىق سەلبىي ئامىللارنىلا كۆرسىڭىز، بۇ ھال

ھاياتىمىزدىمۇ پەيدا بولىدۇ . لېكىن ، قەلبىمىزنى تاۋلاپ ، مەنىۋى ئۆزلۈكىمىزگە ، يەنى مەڭگۈ مۇكەممەل ، گۈزەل ، ماسلىشىشچان «ئۆزلۈك» بىزگە ئەھمىيەت بەرسەك ، جىسمانىي ساغلاملىقىمىزغا پايدىلىق تاشقى مۇھىتقا ئىگە بولالايمىز .

23 . ئىدىيە ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ ، ھەقىقەت ئەڭ مۇپەسسەل ، ئەڭ يۈكسەك ئىدىيەدۇر . شۇڭا ، توغرا تەپەككۇر توغرا ئىجادىيەت پەيدا قىلىدۇ . ھەقىقەت يېتىپ كەلگەندە خاتالىق مۇقەررەر رەۋىشتە چېكىنىدۇ ، يوقىلىدۇ ، بۇ نۇقتا ئىنتايىن روشەن .

24 . ئالەم روھى بارلىق مەنىۋىيەتنىڭ جەۋھىرى . مەنىۋىيەت ئەقىل ـ پاراسەت ، مەنىۋىيەت ئىدراك . مەنىۋىيەت بىلەن ئىدراك مەنىداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

25 . مەنىۋىيەت بىزنىڭ يەككە تېنىمىزگە تايىنىپلا مەۋجۇت بولمايدۇ ، مەنىۋىيەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل شەيئى ، ئۇ ھەرقانداق چاغدا ، ھەرقانداق جايدا بولىدۇ ، پۈتكۈل ئالەمدىكى ھەرقانداق بوشلۇققا تارقالغان بولىدۇ . تۇرمۇشىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزدىكى بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنىۋىيەتنىڭ مەھسۇلى ۋە نەتىجىسى ، ئۇ تېنىمىزگە خۇددى سايىدەك ئەگىشىدىكەن . ئۇ ئالەم بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، بىرلىكتە مەۋجۇت بولىدۇ .

26 . كىشىلەر خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ ، ئىلاھنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق پانىي دۇنيادىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ غايەت زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى شەرھىلەيدۇ . بىراق ، «خۇدا» دېگەن بۇ سۆز كائىنات روھىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ . بىزنىڭ خۇدا ئارقىلىق تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنى شەرھىلىشىمىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى تاشقى دۇنيا دەپ تونۇغانغا ئوخشايدۇ ، ھالبۇكى ، روھنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى ئادەمنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن ئېنېرگىيەسىنى مەنبە قىلىدۇ . «خۇدا» ئەمەلىيەتتە ھەر دەقىقە بىزنىڭ تېنىمىزدە مەۋجۇت ، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ روھىمىزنىڭ جېنىدۇر .

27 . تەپەككۇرنىڭ جەۋھىرى ئىجاد قىلىشتا ، مەنىۋىيەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

ماھىيىتىمۇ ئىجاد قىلىشتا . بىز تەپەككۇر ۋە مەنىۋىيەتكە تايىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى كۈچلۈك ئادىمىلىك قۇدرىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك . ئۆزىمىز ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە تەپەككۇر ھەم مەنىۋىيەت ئىزدەش داۋامىدا ئىقتىدارىمىزنى يارىتىپ ، ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك .

28 . بىز بۇ مەنىۋىيەت قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەنسەك كائىنات روھىنىڭ سىرىنى ھەقىقىي چۈشىنەلەيمىز ، بەختكە بارىدىغان دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئالغاندەك بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ سىرلىق خەزىنىلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالايمىز . بۇ چاغدا سىز خۇدانىڭ ئەركە بالىسىغا ئايلىنىسىز ، ھەقىقەتنى ھېس قىلىشقا كېتەرلىك بارلىق زېھىن ۋە پىسخىك قۇدرەتكە ئىگە بولىسىز ، كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك كەڭ قەلبكە ئىگە بولىسىز ، تېخىمۇ ياخشى يېرى ، يىمىرىلمەس ۋە يوقالماس قەتئىي ئىرادىگە ئىگە بولىسىز .

## قەلبنى تاۋلاش

بۇ باسقۇچتا بىزنىڭ چەكسىز باي دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىمىز ، بۇ دۇنيانىڭ سىر ۋە مۇمكىنچىلىككە تولغانلىقى ، ئۆزىمىزنىڭ مۆجىزىكار بايلىققا ئىگە ھاياتىي كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھاياتلىق گەۋدىسى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز . بىز بۇ ھەقىقەتنىڭ ئالتۇن قائىدىسىنى تونۇساق ، ئالەمنىڭ بىزگە چەكسىز بايلىقلارنى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ بىز كۆرۈپ باقمىغان گۈزەللىك بولۇش مۇمكىنلىكى ، شۇنداقلا بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭمۇ ئەزەلدىن ئۆچرىتىپ باقمىغانلىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايمىز . بىز ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادىكى ياخشىلىق ـ يامانلىق ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيالايدىغانلىقىمىزغا تولۇق ئىشەنسەك ، پەيدىنپەي ئۆزىمىزنىڭ ئىلگىرىكى قاراشلىرىمىزدىكىدىنمۇ مۇكەممەل بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى

ھېس قىلالايمىز . بىراق ، ئىچكى مەنۋىيەتنىڭ بىزگە ئېلىپ كې-لىدىغان غايەت زور خەزىنىسىگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇ شۇقەدەر ئەر-زىمەس ھەم چاكىنىدۇر .

## مۇھىم نۇقتىلارنى ئەسلەش

1 . ئادەم تېنىدە قانداق ھەقىقەت مەۋجۇت ؟

ئادەمنىڭ روھىيەت ساھەسىدە بىر ھەقىقىي «ئۆزلۈك» مەۋ-جۇت ، ھەتتا ئۇ ئىنتايىن مۇكەممەل .

2 . قانداق قىلغاندا مەۋجۇت بولۇۋاتقان خاتالىقلارنى يوقىتالاي-مىز ؟

بىز توغرا ھەقىقەت ئارقىلىق خاتا ئىدىيەلەرنى يوقىتالايمىز . بىز ئۆز ئارزۇيىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوبيېكتىپ دۇنيادا نامايان بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك ، شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ئۆز يۆنىلىشى-مىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز .

3 . بىز باشقىلارنىڭ «ئالەم روھى» نىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئۆ-گىنىشىگە ياردەم بېرەلەيمىزمۇ ؟

ئالەم روھى بىر ئايرىلماس گەۋدە ، ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ ، بىزنىڭ بارلىق تۇرمۇش مۇھىتىمىزغا تولۇپ تۇرىدۇ ، شۇڭا باشقىلار ۋە سىز ئۇنىڭ ئىچىدە ، باشقىلارغا ياردەم قىلىش ئۆزىڭىزگە ياردەم قىلىشتۇر .

4 . ئالەم روھى نېمە ؟

ئۇ ئىنتايىن زور بولۇپ ، بارلىق روھلارنىڭ يىغىنىدە ئۇقۇمى-دۇر .

5 . ئالەم روھى قەيەردە مەۋجۇت ؟

ئالەم روھى يىمىرىلمەس بىر گەۋدە ، ئۇ ھەممە يەردە مەۋ-جۇت ، ئۇ بىزنىڭ تېنىمىزدە مەۋجۇت ، شۇنداقلا بىزنىڭ قەلبىمىز-دە مەۋجۇت . ئالەم روھى بىزنىڭ روھىمىزنىڭ مەنبەسى ، ئۇ ئالەم-نىڭ جېنى ، بىزنىڭ جېنىمىزنىڭ تايانچ نۇقتىسى .

6 . بىز قانداق قىلغاندا ئالەم روھى بىلەن باغلىنالايمىز؟
تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق . تەپەككۇرغا تايىنىپ كائىنات روھىنى ئىپادىلەيمىز ، شۇنداقلا ئۆزىمىز ئۈچۈن ، باشقىلار ئۈچۈن كائىنات روھىنىڭ غايەت زور ئېنېرگىيەسىنى نامايان قىلالايمىز .
7 . تەپەككۇر نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟
تەپەككۇر بىزگە تېخىمۇ مۇستەھكەم ، سوغۇققان ، توغرا ، ئېنىق ، تۇراقلىق ئىدىيەۋى ھالەت ئېلىپ كېلىدۇ ، تېخىمۇ ئېنىق ، ئاكتىپ ھالدا ئىنتىلگەن نىشانغا يۈزلەندۇرىدۇ .
8 . بىزنىڭ تەپەككۇر قىلىپ كائىنات روھىغا چەكسىز يېقىنلىشىشىمىز قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟
مەيلى سىز نېمىنى ئويلاڭ ، نېمە ئىش قىلىڭ ، نېمىنى خىيال قىلىڭ ، ھەممىسىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىق كۈچى تېنىڭىزنىڭ ئىچىدىكى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ سۈپىتىدە سىزنى قوللايدۇ . ئالەم روھى ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ تېنىڭىزدە مەۋجۇت ، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلسىڭىز ، ئۇ ئىدىيەڭىزنى مەڭگۈلۈك ئائىلە قىلىپ ، سىزنىڭ تېخىمۇ ماسلىشىشچان ، گۈزەل كىشىلىك ھايات يارىتىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ .

www.uyghurkitap.com

# «دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» تىن نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» سىستېمىسى بىزنى زادى نېمە بىلەن تەمىنلەيدۇ؟

ئۇ بارلىق ئۇلۇغ، يۇكسەك، پەۋقۇلئاددە ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نېمە ئۈچۈن بەزىدە بىزنىڭ تۇغۇلۇشىمىزدىنلا تىل ماھارىتى، بىۋاستە سېزىم ئېڭى، توغرا ھۆكۈم ۋە ئىلھامغا ئىگە بولىدىغانلىقىمىزنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن مەنىۋىيەت خانىدانلىقىمىزنىڭ قانۇنىيىتىنى كونترول قىلىشنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ تىلكىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقى، يازغۇچى، ئاپتور، سەنئەتكار، ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، سانائەت ماگىناتىغا ئايلىنالايدىغانلىقى، بۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن نوپۇسنىڭ ئوندىن بىرىدىنمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە ئادەم تېنىنىڭ ئېنېرگىيە تارقىتىش مەركىزىي نۇقتىسى ئىكەنلىكى ئېيتىپ، بۇ ئېنېرگىيەنىڭ قانداق تەقسىملىنىدىغانلىقىنى، ئېنېرگىيە تارقىتىشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەمنى خۇشاللىق سېزىمىغا ئىگە قىلىدىغانلىقىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ، ھەتتا ئېنېرگىيە تارقىتىش توسالغۇغا ئۇچرىغاندا قانداق قىلىپ يەككىلىككە قالايمىقانچىلىق، ماسلىشىشسىزلىق ۋە تۈرلۈك يېتەرسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە يوقىتىشقا تېگىشلىك بارلىق سەلبىي كۈچ ـ قۇدرەتلەرنى، شۇنداقلا ئۇنى قانداق يوقىتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ سىزنى كونترول قىلىپ «ئۆزۈم دېگۈزىدىغان» نەرسىنىڭ

زادى نىمىلىكىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ . سىز ئۆزىڭىزنىڭ تېنىڭىزنى كۆرسەتمەيسىز ، تەن پەقەت ئۆزلۈكىڭىز مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشقا سالىدىغان ماددىي قورال ؛ سىز ئۆزىڭىزنىڭ روھىڭىزنىمۇ كۆرسەتمەيسىز ، روھ ئۆزلۈكىڭىز تەپەككۇر قىلىش ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشتا ئىشلىتىدىغان يەنە بىر قورال .

ئۇ بىزگە يوشۇرۇن ئاڭ پىروگراممىسىنىڭ قانداق قىلىپ توختىماي ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا تۇرۇپ ، بىزنىڭ قانداق قىلىپ بۇ جەريانغا ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىشىمىزنى قوزغىتىدىغانلىقى ، بۇ جەرياننىڭ پاسسىپ ۋارىسلىق قىلغۇچىسى ئەمەسلىكىنى دەپ بېرىدۇ .

ئۇ بىزگە قانداق شەرت ئاستىدا ساغلام ، ماسلىششچان ۋە باي ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا ئايلىنالايدىغانلىقىمىزنى دەپ بېرىدۇ .

ئۇ بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ چەكلىمىسى ، قۇللۇقى ۋە كەمچىلىكلىرىنى تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ ، بىزنىڭ ئۆزىمىز ئىگە بولغان بايلىقتىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ .

ئۇ بىزگە كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەرەققىيات ئاساسى ۋە ئەندىزىسىنى دەپ بېرىدۇ . ئۇ بىزگە قانداق قىلىپ ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈشىمىزنى ۋە ئۇلۇغۋارلاشتۇرۇشىمىزنى ئۆگىتىپ ، بىزگە ماددىي شارائىت سەۋەبىدىن چەكلىنىپ قالماسلىقنى ، ئۆزىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ .

ئۇ بىزگە بىر يولنى ئۆگىتىدۇ ، بۇ يولدىن پايدىلانساق بىز بوشىشىپ قالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ چوقۇم دەسلەپ قىياس قىلغىنىمىزدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز .

ئۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن شەكلەن تىرىشىدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ مەغلۇپ بولغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ .

ئۇ بىزگە شەخسنىڭ خاراكتېرى ، ساغلاملىقى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپ ، قانداق

قىلغاندا مۇۋاپىق ماددىي بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىنتايىن ياخشى تەكلىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە قانداق قىلىش، قاچان قىلىش، نېمە قىلىش قاتارلىقلار بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ماددىي ئاساسىغا قانداق كاپالەتلىك قىلىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە سودا مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرغاندا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، مۇھىم شەرتى ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قائىدىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەختى ۋە مۇكەممەل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۈچ ئىشقا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ نېمىلىكى ۋە بىزنىڭ ئۇلارغا قانداق ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى دەپ بېرىدۇ.

ئۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارنى تەمىنلىگەن مول ماددىي بايلىقلىرىنى كۆرسىتىپ، نېمە ئۈچۈن بەزى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئىنسانلاردىن يىراقلاشقاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى شەرھلەپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە يەككىلىك بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلبېغىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى شەرھلەپ، سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى ھەربىر كەچۈرمىشنى بۇ قانۇنىيەتنىڭ نەتىجىسى قىلغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگەرمەسلىكىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ كونتروللۇقىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە بىر ئۇسۇلنى ئۆگىتىدۇ، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىز چەكسىز چوڭلۇق، چەكسىز كىچىكلىكنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا

كۆچ ، ھەرىكەت ، ھاياتلىق ۋە ئىرادىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز .

ئۇ بىزگە نۇرغۇن غەيرىي ۋە ساختا ھادىسىلەرنى دەپ بېرىدۇ ، بۇ ھادىسە خاتا يېتەكلىگەن كىشىلەر بارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە بېغىشلاشنىڭ كېرىكى يوق ، دەپ قارايدۇ .

ئۇ بىزگە ئاۋۋال بېغىشلىغاندا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ . ئەگەر بىز پۇل بىلەن تەمىنلىيەلمىسەك ۋاقىت ياكى ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيمىز .

ئۇ بىزگە كارغا كېلىدىغان بىر قورالنى قانداق ياساشنى دەپ بېرىدۇ ، بۇ قورال ئارقىلىق بەزى قائىدىلەرنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىمىز ، بۇ قائىدىلەر يەنە بىزگە تەبىئەتنىڭ چەكسىز بايلىق مەنبەسىگە بارىدىغان ئىشىكنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ .

ئۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن بەزى شەكىلدىكى تەپەككۇرلارنىڭ دائىم ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ، ئادەتتە بىر ئۆمۈر تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئېرىشكەن نەتىجىنىڭمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . ئۇ بىزگە ھازىرقى تەپەككۇر شەكلىنىڭ قانداق قىلىپ بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى قوغدايدىغانلىقى ، قانداق قىلىپ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزنى تەڭشەپ ، ئۆزگەرگەن تەپەككۇر ئېڭىغا ماسلاشتۇرىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ .

ئۇ بىزگە بارلىق كۈچ ـ قۇدرەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىقتىدارنىڭ پەيدا بولىدىغان ئورنىنى دەپ بېرىپ ، بىزگە كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۇلارنى تەرەققىياتقا قانداق ماسلاشتۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ .

ئۇ بىزگە مىكرو زەررىچىلەر ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ ، بۇ ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىدۇر ، ئۇ بىزگە ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ئۆزگەرتىشتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان مۇقەررەر نەتىجىلەرنى ئۆگىتىدۇ .

ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ قانۇنىيىتىنى، نېمە ئۈچۈن بىز قولغا كەلگەن نەتىجىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋالغاندا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتنىڭ يېنىمىزدىن سۇركىشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. تۇرلۇك قىيىنچىلىق، توقۇنۇش ۋە توسالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ياكى بىزنىڭ بۇرۇنقى قىممىتى يوق نەرسىلەردىن ۋاز كەچمىگەنلىكىمىز، ياكى بولمىسا پايدىلىق شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىمىزدۇر. بىز ئۆزىمىزنى كونا، چىرىك نەرسىلەر بىلەن بوغۇپ، تەرەققىيات ئېھتىياجلىق يېڭى بۇلاق ئىزدىمەيمىز.

ئۇ بىزگە روھنىڭ تەپەككۇرغا نىسبەتەن مۇھىملىقىنى، تىلنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچنىڭ نېمىلىكىنى ھەم تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ژانىرىنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىشنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ھەربىر ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇ بايلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، قانداق قىلغاندا بايلىق ۋە بايلىقنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بايلىق جۇغلانمىسىغا تايانماي ئەڭ يۇكسەك غايىگە تايىنىمىز.

ئۇ بىزگە ھارام بايلىقنىڭ ئاپەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ.

ئۇ ئىنسانلارنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە يۇقىرى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىنسانلار ماسلىششچانلىق، ئىجاد قىلىش ۋە تەبىئەتتىن، مۇھىتتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداقلا ماسلىششىزلىق ۋە ئاپەت پەيدا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەپسۇسلىنارلىقى، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا سەل قاراش سەۋەبىدىن كۆپ ساندىكى كىشىلەر كېيىنكى خاھىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئۇ بىزگە تەۋرىنىش قانۇنىيىتىنى، نېمە ئۈچۈن ئەڭ يۇكسەك

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەتلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق قانۇنىيىتى ، ئورنى ۋە
ئۇچراشقان چاغدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئې-
چىپ بېرىدۇ .
ئۇ بىزگە ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ تۆۋەن تارتىش كۈچى بىلەن
ئۆز ئېھتىياجىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ، مەلۇم بىر نەرسىگە ئېرى-
شىشتىن ئاۋۋال ئۇنى تولۇق چۈشىنىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرى-
دۇ .
ئۇ بىۋاسىتە سەزگۈ رولىنىڭ مېخانىزمى ۋە قانداق قىلغاندا
بىۋاسىتە سەزگۈگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغانلىقى-
نى ئېچىپ بېرىدۇ .
ئۇ چىنلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن سىمۋول كۈچ -
قۇدرىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ، نېمە ئۈچۈن بىر سىمۋول خاراك-
تېرلىك كۈچ - قۇدرەتتىن ھالقىپ كەتكەندە ، ئۇنىڭ بىر پارچە
تۇتەككە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ .
ئۇ بىزگە ئىجادىيەت كۈچىنىڭ مەنبەسىنىڭ قايسى ۋاقىتتا
ئىكەنلىكى ۋە ئۇ مەنبەنىڭ شەكلىنى دەپ بېرىدۇ .
ئۇ شەخسنىڭ ھەقىقىي بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ بېرىدۇ .
ئۇ بىزگە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ .
نېمە ئۈچۈن تولۇق ئەھمىيەت بېرىشنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىقتىدارى-
نىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ .
ئۇ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلا ئىش ئىكەنلى-
كىنى ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايلىنالايدىغان بولغاچ-
قا ، ئۇلار ئۆز ئارا قارىمۇقارشى بولماستىن ، چوقۇم ئۆز ئارا باغلى-
نىشلىق .
ئۇ ئاساسىي خاراكتېرلىك بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ بىر خىل
ئىقتىدار ئىكەنلىكى ، سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلىشنىڭمۇ
بىر خىل ئىقتىدار ئىكەنلىكى ، بايلىقنىڭ ئىقتىدارنىڭ مەھسۇلى
ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ . پەقەت شەيئىلەر بىلەن مۇھىت ئىق-

تىدارغا تەسىر كۆرسەتكەندىلا ئۇلارنىڭ مۇھىملىقى نامايان بولىدۇ. ئەڭ ئاخىر بارلىق شەيئىلەر ئالاھىدە شەكىلدە، ئالاھىدە سەۋىيەدە ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇ بىزگە هاياتلىقنىڭ چىن مەنىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ پۇل قارىشى بىلەن ئىقتىدار قارىشىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇلار پۇلنى ئوبوروت قىلدۇرىدۇ، غايەت زور جەلپكارلىق پەيدا قىلىپ، سودا دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ.

ئۇ بىزگە قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ پۇل ۋە ماگنىت مەيدانىنى يارىتىشنى، قانداق قىلىپ غەلىبە قىلىش ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە خاراكتېرىمىز، تۇرغان مۇھىتىمىز، ئىقتىدارىمىز، جىسمانىي ھالىتىمىزنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇ قانداق قىلغاندا تەۋرىنىش چاستوتىسىنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇ ئادەم تېنىنىڭ تەۋرىنىش چاستوتىسىنىڭ قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدىغانلىقى، بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئادەتتە ئاڭسىز بولىدىغانلىقى، پايدىسىز، ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە قانداق قىلغاندا بۇ خىل ئۆزگىرىشنى كونترول قىلىپ، ئۇنى ماسلىشىشچان پايدىلىق تەرەپكە يېتەكلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇ بىزگە قانداق قىلغاندا يېتەرلىك ئەقىل - پاراسەتنى يېتىلدۈرۈپ كۈندىلىك تۇرمۇشتا پەيدا بولغان ھەربىر خىل ئەھۋالغا ماسلىشىشنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە پايدىسىز ئامىللارنى چەكلەش ئىقتىدارىنىڭ مەنىۋى پائالىيەتكە باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇلۇغ ئىدىيەنىڭ ئۇششاق ئىدىيەلەرنى يوقىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بىر خىل ئۇلۇغ ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ بارلىق چاكىنا، پايدىسىز ئىدىيەلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئۇششاق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندەك كۆپ قىيىنچىلىقلار بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە قانداق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇ پەيدا قىلىدىغان كۈچنىڭ سىزنى ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق شەيئىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئۇ بارلىق ئىشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى دەپ بېرىدۇ.

ئۇ بىزگە قىيىنچىلىقنى نېمە بولۇشى، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانداق بويسۇندۇرۇشنى ئېيتىپ، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ ئوخشاشلا بىزگە ھەممىگە قادىر بىر ئاچقۇچنى بېرىدۇ، چوڭقۇر چۈشىنىش ئىقتىدارىغا، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا، مۇستەھكەم ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ۋە كۈچلۈك تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىگە ئىگە كىشىلەر بۇ ئاچقۇچتىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ.

شۇڭا، بەلكىم ھازىر ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن 1500 دوللار سەرپ قىلىپ بۇ كىتابنىڭ قوليازمىسىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا باشلىدىڭىز.

سىزگە كىتابنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىباشتىن بۇ ئاجايىپ 24 ساۋاقنى قايتا ئوقۇش تەكلىپىنى بېرىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن زور يېڭى تەجرىبىگە ئىگە بولالايسىز.

بۇ كىتاب بارلىق كىشىلەرگە يېزىلغان ئەمەس ، ئۇنىڭ چەك-سىز كۈچ - قۇدرىتى ئەقىل كۆزى بىلەن مال تونۇيدىغانلارغا مەنسۇپ ، قەتئىيلىك بىلەن كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتەلەيدىغانلارغا مەنسۇپ .

ئامېرىكىدا ، بۇ كىتاب روھ ، پسىخولوگىيە قاتارلىق تەرەپ-لەرگە چېتىلىدىغان ، دەۋرگە ماس كەلمەيدىغان مەزمۇنلىرى بول-غانلىقى ئۈچۈن 1933 - يىلى چەكلەنگەن كىتابلار قاتارىغا كىرگۈ-زۈلۈپ ، 2003 - يىلىغا كەلگەندە — توپتوغرا 70 يىلدىن كېيىن چەكلىمە بىكار قىلىنغان .

«دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق» چەكلەنگەندىن كېيىن ، بۇ كىتاب ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشىلەر ئوقۇيدىغان كىتاب بولۇپ قالغان . ئەينى چاغدا ھەتتا 1500 دوللار خەجلىگەندە ئاندىن بىر پارچە قولىيازمىغا ئېرىشكىلى بولاتتى ، 1500 دوللار ئەينى چاغدا بىر ئادەمنىڭ ئىككى يىللىق مائاشى ئىدى .

يېقىنقى يىللاردا سىلىتسىي جىلغىسىدىكى بىرەيلەن سىرنى بىلىۋالدى ، بۇ سىر مۇنداق ئىدى : ھەربىر ئىگىلىك تىكلىگۈچى ھاننېل ئەپەندىنىڭ قەلەم جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى قېزىپ چىقىرالايتتى . سىلىتسىي جىلغىسىدىكى مىليونېرلار ۋە مىلياردېرلارنىڭ ھەربىرى «دۇنيادى-كى ئاجايىپ 24 ساۋاق» نى ئوقۇغاندەك قىلاتتى . بۇ كىتاب كۆپ يىل چەكلىنىپ ، يېقىنقى يىللاردا ئاندىن كۈن نۇرىنى كۆردى ، شۇڭا بىر پەس سىلىتسىي جىلغىسىدا ئۇنى سېتىۋېلىش دولقۇنى قوزغالدى .

ناپولېئون خېئول دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەتشۇ-

ناسلىقتا ئائىت بازارلىق كىتابلار يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى . بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۇ بايلىقتا مۇيەسسەر بولۇپ ، ھەر يىلى 105 مىڭ 200 دوللار بايلىقتا ئېرىشكەن ، ھالبۇكى ، ئەينى چاغدا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 750 دوللارغىمۇ يەتمەيتتى . بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىقتا ئائىت مەشھۇر ئەسەرلىرىنى يازغان . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ مەخسۇس رەھمەت خېتى يازغان .

بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن سودا ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن زاتلار بۇ كىتابنى زوڭرۇر ئوقۇشلۇقى قاتارىغا كىرگۈزگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ زاتلار باشقىلارنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇماسلىقىنى ئۈمىد قىلىشقان . چۈنكى ، بۇ كىتاب ئۇلارغا چەكلىمىنى بۇزۇپ بايلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنى بىلدۈرۈپ قويىاتتى .

(بۇ كىتاب يېڭى دۇنيا نەشرىياتىنىڭ 2007 - يىل 2 - ئايدىكى 1 - نەشرى ، 2008 - يىل 3 - ئايدىكى 21 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى )

مەجمۇئە ئىسمى: جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش
كىتاب ئىسمى: دۇنيادىكى ئاجايىپ 24 ساۋاق (1)
ئاپتورى: چارلس ھاننېل [ئامېرىكا]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىدرىس نۇرۇللا
پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل كوررېكتورى: مەرھابا مەمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: زۇلقەر لايىھەچىلىكى
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تېلېفون: 0991-8888763
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 9.25
نەشرى: 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-966-9
ئومۇمىي باھاسى: 56.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)